# بوستاندىن تەرمىلەر

## 1. ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى بايانلار

ئېلېكترونلۇق كىتاپقا ئايلاندۇرغۇچى: ئابرال (ئابدۇللا.خالىت)

2007 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

## تۈزگۈچىدىن

كۆپتىن بىرى ئۇيغۇرچە مۇنازىرە مۇنبەرلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ ،بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر تارىخى،مەدەنىيىتى،ئۆرپ ـ ئادىتى،ئەدەبىياتى،ئۇيغۇر كومپيۇتۇرچىلىقى قاتارلىق ساھەلەردىكى نۇرغۇن مەزمۇنلارنىڭ ساقلىنىشقا قىممىتى بار بولغاچقا،مۇشۇ مەزمۇنلارنى ئايرىم ـ ئايرىم تۈرگە يىغىنچاقلاپ، ھەربىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئېلېكترونلۇق كىتاب قىلىپ ئىشلىسە بولغىدەك دەپ ئويلاپ كەلگەن ئىدىم. چۈنكى بۇنداق بولغاندا نۇرغۇن توردىشلار ۋاقتى قىس بولۇپ قىلىپ ئوقۇيالمىغان، مەزمۇنلارنى ئوقىيالايدىغانلىقى ياكى بىسىپ چىقىرىشقا ئېھتىياجى چۈشكەن بولسا،بىسىپ چىقىرىپ ساقلاپ قويۇشقا تېخىمۇ قولاي بولىدىغانلىقىنى،ھېچ بولمىغاندا تورغا چىقىش ئىمكانىيىتى يوق دوسلارغا كۆچۈرۈپ بېرىپ،ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدا ئازراق بولسىمۇ چۈشەنچىگە ئىگە قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرەتتىم.شۇ ئارزۇنىڭ ئىسىتىكى بىلەن بۇ ئىشنى ئۆزۈم قىلىپ باقاي دەپ،تۇنجى بولۇپ بوستان مۇنبىرىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخى دىگەن سەھىپە ئىچىدىن ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت بايانلارنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ ،بۇ ئېلىتىرونلۇق كىتاپنى تۈزۈپ چىقتىم.تۈزۈش جەريانىدا بوستان مۇنبىرى ۋە مۇنبەر ئەزالىرىنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا يوللىغۇچىلارنىڭ ئىسمى (بوستاندىكى نامى) بىلەن قوشۇپ بېرىلدى.شۇنداقلا بۇ توپلامغا «بوستاندىن تەرمىلەر » دەپ نام قويۇشنى لايىق كۆردۈم.بۇ بوستاندىن تەرمىلەرنىڭ بىرىنجى قىسمى سۈپىتىدە مەخسۇس ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت بايانلار بىلەنلا تۈزۈلدى.بەلكىم باشقا سەھىپىلەردىمۇ ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت بايانلار بولىشى مۇمكىن،مەن بۇ قىسىمدا ئاساسلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخى سەھىپىسىنىلا ئاختۇرۇپ كۆردۈم.بۇندىن كىيىن بۇ مەزمۇنلارنى تېخىمۇ تولۇقلاشقا تىرىشىمەن.شۇنداقلا بوستاندىن تەرمىلەرنىڭ باشقا توپلاملىرىنىمۇ توردىشلارنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن ئاز كۈندە ئىشلەپ تارقىتىمەن.

ھۆرمەت بىلەن: ئابرال

مۇندەرىجە:


1. قەدىمكى ئۇيغۇر مەدىنىيىتى ـ 5

2. ئۆرۈش ۋەقەلىرىدىن خاتىرىلەر ـ 26

3. سىزمۇ ئۇيغۇرمۇ؟قېنى سىلىشتۇرۇڭ. . . . . ـ ـ ـ ـ 29

4. يەكەن خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ـ 30

5. ئەكبەر باتۇرنىڭ تەرجىمالى ـ 32

6. ئىككى ئەسىرنىڭ ئىقرارى 34

7. مەھمۇت قەشقىرى ھەقىقەتەن ئۇيغۇرمۇ؟ ـ 38

8. مۇز داۋاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئاقسۇغا قىلىنغان ھۇجۇم ـ 43

9. بۇددىزىم دەۋرىدىكى ئاتاغلىق تەرجىمان ـ ـ ـ ـ ـ سىرىمتىرالا ـ 49

10. چىن ۋە ماچىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى ـ 51

11. كۇماراجىۋا ۋە جۇڭگونىڭ ئەڭ دەسلەپكى بۇددا تاشكىمىر سەنئىتى ـ 58

12. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىشلەر ـ 60

13. چىلپەڭزە ناھىيىسىنىڭ ئازاد قىلىنىشى ـ 66

14. ئارىشاڭ، بورتالا ناھىيىلىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى ـ 69

15. «نازىركوم»نىڭ ھېكايىسى ـ 72

16. ھون ئاتالغۇسىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچىدىكى ئاتىلىشى ـ 75

17. مىللى ئارمىيە تەركىبىنىڭ بۆلۈنۈش ئەھۋالى ـ 82

18. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابي جەريانىدا غەنىيمەت ئېلىنغان ئۇرۇش قوراللىرى ۋە ماددى ئەشيالار ـ 85

19. ئۇيغۇرلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى ۋە يېزىقى ھەققىدە ـ 87

20. ناتسىستلار قوشۇنىدىكى ئۇيغۇرلار ـ 91

21. ئىلىدا ئاپتوموبىل قاتنىشى ۋە ئايروپىلان قاتنىشى ـ 97

22. مەشھۇر مۇدەررىس، تەسەۋۋۇپچى شەئىدىدىن كاشغەرى ۋاپاتىنىڭ 550 يىللىقىنى خاتىرلەپ ـ 99

23. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى توغرىسىدا ـ 106

24. ئۇيغۇر مەدىنىيەت ئەنئەنىسىدىكى بىلىم ـ 111

25. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەربى تەشكىلى تۈزۈمى ـ 113

26. غۇلجا تارىخىدىن دېرەكلەر ـ 120

27. شىنجاڭغا 1878 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە رەئىس بولغانلار تىزىملىكى ـ 122

28. سالام دۇنيا.مانا بۇ تارىخ ـ 124

29. تۈركى تىللار دىۋانى تىپىلىپ بىسىلىشى ـ 134

30. ئوتتۇرا ئاسىيا مەدىنىيەت تارىخى ـ قۇجۇ ـ 138

31. ئوتتۇرا ئاسىيا مەدىنىيەت تارىخى ـ 151

32. ھېيتگاھ جامەسى ۋە ئۇنىڭ تارىخى ـ 163

33. قەدىمكى دەۋردىكى مەشھۇر ئۇيغۇر بازارلىرى ـ 169

34. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى توغرىسىدا ـ 176
35. تۇران ئاتالغۇسىنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى ھەققىدە181
36. ئاپپاق غوجىنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى ـ 184
37. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ـ 186
38. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەپنە قىلىش ئادەتلىرى ـ 189

# قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

ئاپتورى:ئىمىن تۇرسۇن
بوستانغا يوللىغۇچى: ئىزدەنگۈچى

## كىرىشمە

### 1 ـ مەدەنىيەت توغرىسىدا چۈشەنچە

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان “ مەدەنىيەت “ ئاتالغۇسى ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان . بۇ ئاتالغۇ “ روناق تاپقان “ ، “ ئاڭ ـ پىكرى ئېچىلغان “ دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان تۈپ سۆز “ مەددەن “ دىن تۈرلەنگەن ; بۇ سۆزنىڭ ئاساسىدا شەكىللەنگەن “ مدينە “ سۆزى “ شەھەر “ ، “ مەركىزىي شەھەر “ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ . بۇ سۆزنىڭ سۈپەت شەكلى “ مدنى“ مەدەنىي بولسا ، “ شەھەرلىك “ ، “مەدەنىيەتلىك “ مەنىلىرىنى ، شۇنىڭدەك “ كۆچمەن “ ، “ بەدەۋىي “ نىڭ مۇقابىلى سۈپىتىدە “ تۇراقلىق “ ، “ ئولتۇراقلاشقان “ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . ئەرەبچىدە بولسا “ مەدەنى “ سۆزى “ جىنائى “ نىڭ مۇقابىلى سۈپىتىدە “ خەلق ئىشلىرى “ ، “جامائەت دەۋاگەرلىك ئىشلىرى “ نى ئاڭلىتىدىغان قانۇن ئاتالغۇسىدۇر ( مەسىلەن ، “ قانون مدنى ـ “ جامائەت قانۇنى ، “ دعوى مدنى ـ “ جامائەت ھەق تەلەپ قانۇنى ، “ الحق المدنى ـ “ خەلق ھوقۇقى ۋە باشقىلار )

( بەزى سۆزلەرنى ئەرەبچە نۇسخىسى بويىچە كىرگۈزۈش مۇمكىن بولماي قالدى ، كەچۈرۈڭلار ـ تىما يوللىغۇچىدىن )

لېكىن ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بۇ سۆز ئاساسىي مەنىسى بىلەنلا چەكلىنىپ ، “ مەدەنىيەت “ ۋە ئۇنىڭ سۈپەت شەكلى “ مەدەنىي “ سۈپەتداش شەكلى “ مەدەنىيەتلىك “ تەرىزدىلا قوللىنىلىۋاتىدۇ .

خەنزۇ تىلىدا ۋە ياۋروپا تىللىرىدىمۇ “ مەدەنىيەت “ نىڭ سۆزلۈك مەنىسى يۇقۇرىدىكى چۈشەنچىگە ياندىشىدۇ . خەنزۇ تىلىدا ) “ 文化 “ ۋېن خۇا ) “ 文明 “ ( ۋېن مىڭ ) دېگەن ئىككى سۆز بار . ئىككىلا سۆز 文 ( ۋېن ـ نەقىش ، بارماقتىكى ئەت سىزىقلىرى ، يېزىق ، ئەدەپ ـ ئۆدۈم ، پاساھەت ، مۆلكىي { ھەربىي سۆزىنىڭ مۇقابىلى } ) دىن تۈرلەنگەن . بۇ ئىككى سۆزدىن “ۋېنمىڭ “ تۆت خىل مەنىنى بىلدۈرىدۇ : 1 ـ پەقەت “ مەدەنىيەت “ نىلا بىلدۈرىدۇ ( مەسىلەن ، ماددىي مەدەنىيەت ، مەنىۋىي مەدەنىيەت دېگەندەك ) ; 2 ـ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە “ياۋايىلىق “ ياكى “ ۋەھشىيلىك “ نىڭ مۇقابىلى سۈپىتىدە تەرەققىيات ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ ( مەسىلەن ، مەدەنىي ياكى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ، مەدەنىيەتلىك دەۋر دېگەندەك ) ; 3 ـ “يېڭىلىق “ ، “ جەدىدلىك “ ، “ يېڭىچە “ دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ . ( مەسىلەن ، بالدۇرقى چاغلاردا ، زامانىۋىي تىياتىر يېڭى پەيدا بولغاندا ، دىراما تىياتىرىنى “ مەدەنىي ئويۇن

ـ "ۋېنمىگشى ، يېگىچە تويىنى " مەدىنىي توي " دەپ ئاتىغان ؛ 4 " ـ مەرىپەتلىك " ، "ئەدەپلىك " دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ " . ۋېن خۋا " سۆزى ئاساسەن " مەدىنىيەتنى بىلدۈرگەندىن تاشقىرى " ئاددىي ساۋات " ، " بىلىم ـ سەۋىيە " ۋە " ئەدەپ ئۆگىتىش "يەنى " تەسىرلەندۈرۈش " دىگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ

ياۋروپا تىللىرىدىمۇ ) Cvilization سۋىلزاتسيە ) Culture ( كۇلتۇر ) دىگەن ئىككى ئاتالغۇ بار . ئىككىلا ئاتالغۇ " مەدىنىيەت " كە دائىر ئۇقۇملارنى ئاگلىتىدۇ " . سۋىلزاتسيە " ھەر بىر ئىجتىئائى ـ ئىقتىسادىي فورماتسيەنىڭ ئىجتىمائى ۋە مەدەنىي تەرەققىياتقا ئېرىشكەن دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ " مەدىنىيەت " ، " مەدىنىيەتلىك " دىگەنگە توغرا كېلىدۇ . مەسىلەن ، قەدىمكى جۇڭگو مەدىنىيىتى ، قەدىمكى گرىك مەدىنىيىتى ، ياۋايىلىق بىلەن مەدىنىيلىك دىگەندەك . بۇ ئاتالغۇ " روناق تاپقان " ، " تەرەققىي قىلغان " "مەدىنىيلەشكەن " مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ) Civil سۋىل ) سۆزىدىن تۆرلەنگەن .

Cultureكۇلتۇر سۆزى بولسا " تېرىقچىلىق " ، " ھەيدەش ـ ئېكىش " ، " تېرىلغۇ ـ زىرائەت " دىگەن تۇپ مەنىسىدىن كېڭىيىپ ، " مەرىپەت " ، " ئاڭ ـ بىلىم " ، "تەربىيە ـ پەرۋىش " دىگەن مەنىلەرنىمۇ ئاگلىتىدىغان بولغان ؛ كىشىلىك جەمىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى داۋامىدا ، بۇ سۆز " مەدىنىيەت " ، " مەلۇمات " ( مەدىنىي سەۋىيە ) ئۇقۇمىنىمۇ بىلدۈرىدىغان بولغان . مەسىلەن ، " كېۋەز تېرىش " ، " ئورمان ئۆستۈرۈش "دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەندە Cultured ( كۇلتۇرېد ، Cultivatedكۇلتىۋاتېد ) شەكىللىرىدە كېلىدۇ " . مەدىنىيەت " ، " مەدىنىيەتلىك " ، " مەلۇمات " ئۇقۇملىرىنى ئاگلاتقاندا Cultural ( كۇلتۇرال ) ، Culture( كۇلتۇر ) شەكىللىرىدە كېلىدۇ .

لۇغەت كېتاپلىرىدا " مەدىنىيەت " نىڭ تەبىرى مۇنداق يېزىلغان " . كەڭ مەنىدە ئېيتقاندا ، مەدىنىيەت ئىنسانلار جەمىيىتىنىڭ تارىخىي ئەملىيىتى جەريانىدا يارىتىلغان ماددىي ۋە مەنىۋىي بايلىقلىرىنىڭ يىغىندىسى دىمەكتۇر ؛ تار مەنىدىن ئېيتقاندا ، مەدىنىيەت جەمىيەتنىڭ ئىدولوگىيىسى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ كەلگەن تۈزۈم ۋە تەشكىلىي ئاپاراتلار دىمەكتۇر " بۇ تەبىرلەرگە قارىغاندا ، مەدىنىيەت بىر تارىخىي ھادىسە . ھەر بىر جەمىيەتنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ مەدىنىيىتى بولۇپ ، جەمىيەتنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىلىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بىللە راۋاجلىنىپ بارىدۇ " . مەدىنىيەت " ئىدولوگىيە سۈپىتىدە بولسا ، مەلۇم جەمىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىنىڭ ئىنكاسىدۇر . شۇنداقلا مەلۇم جەمىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ

ياۋروپا تەتقىقاتچىلىرى ئىچىدە " سوتسىئولوگىيىنىڭ ئاتىسى " ھەم " ئانتروپولوگىيىنىڭ ئاتىسى " دەپ نام ئالغان تىيلور ـ 1877 ( Edward B Tylor ) يىلى يازغان " ئىپتىدائى مەدىنىيەت ( Primitir Culture ) " دىگەن كىتاۋىدا مۇنداق دەيدۇ " : مەدىنىيەت ـ بىلىم ، ئىتىقاد ، سەنئەت ، قانۇن ، ئەخلاق ، ئادەتلەرنى شۇنىڭدەك جەمىيەت ئەزاسى ئېرىشىدىغان ھەرقانداق ئىقتىدارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ " .

ئامېرىكا ئوخئو شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتىتى شەرقىي ئاسيا تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ، پروفېسسور چېن جوڭپېڭ 1982 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ، ۋۇخەن سوتسىئولوگىيە تەتقىقات كۇرسىدا بەرگەن

مەخسۇس ئىلمىي دوكلاتىدا ، مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ھەققىدە كەڭ توختىلىپ ، مۇنۇ مەزمۇنلارنى بايان قىلغان : 1 ـ مەدەنىيەت ئۆگىنىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى پەرىقلەر بەدەن تۈزۈلۈش پەرىقلىرىنى بىلدۈرمەيدۇ ؛ 2 ـ مەدەنىيەت بىر جەمىيەتكە ، يەنى جامائەتكە ئورتاق بولىدۇ . مەدەنىيەت ئاممىنىڭ مۇۋەپپىقىيىتىدۇر ۋە ئاممىنىڭ ئورتاق ئىلكىدە بولىدۇ ؛ 3 ـ مەدەنىيەت ئادەتتە تىمسالچان ( سىمۋوللۇق ( بولىدۇ . بىرىنچىدىن ، مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى تىلدۇر ؛ ئىككىنچىدىن ، ھەر بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتلىرى پەرىقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ، رەڭلەرگە بەرگەن مەنىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ ؛ 4 ـ مەدەنىيەت ئۆيغۇنلىنىشچان بولىدۇ ، چۈنكى مەدەنىيەت كىشىلەرگە قانداق ياشاشنى ۋە ھاياتنى قانداق داۋاملاشتۇرۇشنى ئېيتىپ بېرىدۇ ، مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھاياتىنى ساقلاشتىكى بىردىن بىر قورالى ؛ 5 ـ مەدەنىيەت يىغىندا ( بىر پۈتۈنلۈككە مۇجەسسەملەشتۈرگۈچى ) بولىدۇ . بىلىم ، ئېتىقاد ، سەنئەت ، قانۇن ، ئەخلاق ۋە ئادەتلەر بىر ـ بىرىگە تاساددىپىي باغلىق بولۇپ قالمايدۇ . مەلۇم ئېتىقاد ئادەتتە مەلۇم بىلىم بىلەن ماسلىشىدۇ . بىر خىل ئىتىقاد كۆپىنچە بىر خىل سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ . مەلۇم ئېتىقاد مەلۇم قانۇن ـ تۈزۈم بىلەن ھمايە قىلىنىدۇ . ئۆرپ ـ ئادەتمۇ ھەر خىل قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ تەسىرىدە ھەر خىللىشىدۇ .

مەدەنىيەت تارىخىي ئىنسانىيەت تارىخىي دىمەكتۇر " . ئىنسان پەيدا بولىشىمىز بىلەن تەڭ تارىخىمىز باشلانغان ) " ف . ئېنگىلىس ) . بىرەر مىللەت ياكى جەمىيەتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن ، خىلمۇ خىل پەنلەرگە مۇراجەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئارخولۇگىيە ئانتروپولوگىيەگە ، ئاندىن سوتسىئولوگىيەگە ، مىللەتشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىققا تايىنىمىز . مەسىلەن ، مىللەتشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ئارقىلىق بەزى مىللەتلەرنىڭ ئۆتكەن تارىخلىرىنىڭ ئاساسىي ھالقىلىرىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ . تىل ۋە فولكلور ماتېرىياللىرى ئارقىلىق بىرەر خەلقنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىرىنى ئېنىقلاش مۇمكىن . گېرمانىيىلىك تىلشۇناس تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ياكوب گىرىمم ( 1863 ( 1785 ـ شۇنداق دىگەن " بىزنىڭ تىلىمىز شۇنداقلا بىزنىڭ تارىخىمىزدۇر " ، " مىللەتلەرنىڭ ھالەتلىرىگە دائىر سۆڭەك ، قورال ۋە قەبرىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق بولغان بىر دەلىل بار ، ئۇ ـ تىلدۇر .

ئىنسانلارنىڭ قەدىمقى مەدەنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيەتلىك بولغان ئانتروپولوگىينى ئالساق ، بۇ پەن ئىككى تارمەققا بۆلۈنگەن : بىرى ، مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى . مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ( Culturanalanthropology ) نىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مەدەنىيەتلەردىكى پەرىقلەر ۋە ئوخشاشلىقلار ھەم بۇ پەرىقلەر بىلەن ئوخشاشلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى تەتتىقىق قىلىشتۇر . مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىدىن بارا ـ بارا ئىجتىمائىيەت ئانتروپولوگىيىسى ( socialanthropology ) ئايرىلىپ چىققان . بۇ پەن كۆپىنچە مىللەتشۇناسلىققا دائىر تەتقىقاتنى ئاساس قىلىدۇ . مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى بولسا ، مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن بىللە ، تىلشۇناسلىق ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىنى نۇقتا قىلىدۇ . مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيەسى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيىتى ( يەر يۈزىدىكى ھەر خىل مەدەنىيەتەر ) نى تەتقىق قىلىشنى مەقسەد قىلىسىمۇ ، ئەمىلىيەتتە مەدەنىيەت ئانتروپولوگلىرىنىڭ

تەتقىق قىلىۋاتقىنى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىكى پەرقلەر نۇقتىسىدىن ئاساسەن ئىۋىچىلىق جەمىيىتى ، كۆچمەنلىك جەمىيىتى ، فېئوداللىق جەمىيەت دېيىلگەن ئۈچ خىل مەدەنىيەتتىنلا ئىبارەت بولۇپ كەلدى . ھالبۇكى ، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارغا ئاساسەن ، پولېئانتولگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتچىلىرى بەدەۋىيلەردە ، ھەتتا ياۋايىلاردىمۇ ئۆزلىرىگە مۇناسىپ مەدەنىيەتلەر بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان . شۇڭا ، مەدەنىيەتنى ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىقتىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنىڭ چوڭ چېگرىسىنى بىلدۈرىدۇ ، دەپ مۇتلەقلەشتۈرگىلى بولمايدىغان بولدى.

مەدەنىيەتنىڭ قايسى جەمىيەتكە ۋە قايسى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ، ئاۋۋال “ مەدەنىيەت قاتلىمى ) “ ياكى “ مەدەنىيەت قەۋىتى ( “ پەرقلەندۈرىلىدۇ .

“مەدەنىيەت قاتلىمى “ ئارخېئولوگىيە ئاتالغۇسى بولۇپ ، قەدىمقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ قالدۇرغان پائالىيەت ئىزلىرى ، قالدۇق ئەشيالىرى ۋە ئورگانىك ماددىلاردىن شەكىللەندۈرگەن دۆۋە ( يىغىلما ( قاتلىمىدۇر . ھەر بىر قاتلام ( قەۋەت ) مەلۇم دەۋرنى بىلدۈرىدۇ . خەلق ئاممىسى ئىچىدە “ يەتتە قات ئاسمان ) “ ئىسلامدىن ئىلگىرى “ توققۇز قات يەر “ ، “ توققۇز قات ئاسمان ( “ دېگەن چۈشەنچىمۇ ھەرگىز خىيالى چۈشەنچە ئەمەس . مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى نەرسىلەرگە ۋە قاتمۇ ـ قات بېسىلىش مۇناسىۋەتلىرىگە قاراپ ، ئىنسانىيەت پائالىيەت ئىزلىرىنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىدىكى مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنىنى ۋە مۇناسىپ دەۋرنى بەلگۈلەشكە بولىدۇ.

مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى بولىدۇ . ئىجتىمائى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىي ئىزچىللىقىنىڭ ئاساسىدۇر.

مەدەنىيەت بىر خىل بولماي ھەر خىل بولىدۇ . يەر يۈزىنىڭ تۈرلۈك جايلىرىدا ياشاپ ئىز قالدۇرغان ئىنسانلار ھەر خىل بولغىنى ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى تەرەققىيات سەۋىيىلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشاش بولمايدۇ . ئىنسانلار تۈرلۈك مىللەتلەرگە ئايرىلىشتىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ، مەلۇم جۇغراپىيىلىك زونلاردا ياشىغان قەۋملەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە مەلۇم ئورتاقلىقلىرى بولسىمۇ ، لېكىن مىللەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا ، مەدەنىيەت مىللىي خۇسۇسىيەت بىلەن تۇسلەنگەن . مىللىي تۇسنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن مىللىي ئەن ـ ئەنە شەكىللەنگەن . شۇڭا ، جۇغراپىيىلىك بىرلىك ، ھاكىمىيەت بىرلىگى سۈپىتىدە مەلۇم ئەل ـ مەملىكەتنىڭ مەدەنىيىتى بولغىنىدەك ، مىللىي تۇسلىنىش سۈپىتىدە مەلۇم مىللەتنىڭ خاس مەدەنىيىتىمۇ بولىدۇ . ھەتتا ئىدېئولوگىيە مەنىسى جەھەتتىن بولسا ، بىر مىللەتنىڭ ئىككى خىل مەدەنىيىتى ، ئىجتىمائى تۈزۈم سۈپىتىدىمۇ بىر مىللەتنىڭ ئىككى خىل مەدەنىيىتى بولۇشى مۇمكىن . بۇلار بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ ، ئەكسىچە تەقەززا قىلىدۇ .

## بىرىنچى باپ

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرى ۋە ياشىغان ماكانلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئاتا ـ بوۋىلىرىنى ۋە ئۆسۈش ، مۇناسىۋەتلىشىش ـ سىڭىشىش ۋە ئاۋۇش غۇلداش نەتىجىسىدە ئۇيۇشقان ئېتنىك تەركىبلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلىرىغا ، تارىخي ـ يازما مەنبەئەلەرگە ھەم تارىخي ـ سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ماتېرىياللىرىغا بىنائەن ئىككى بۆلەككە بەنى تەڭرىتاغنى مەركەز قىلغان ھالدا شىمالىي بۆلەك ، جەنۇبىي بۆلەك دەپ ئايرىش مۇمكىن . شىمالىي بۆلەككە كىرىدىغان قەدىمقىي قەۋملەر خۋاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا ، بايقالدىن تاكى كاسپىيغىچە سوزۇلغان كەڭ زىمىندا ياشىغان قەۋملەردۇر ؛ جەنۇبىي بۆلەككە كىرىدىغان قەدىمكى قەۋملەر تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبىدا ، تارىم بويلىرىدا ، كۆكنۇردىن كۆكئارت ـ قارا قۇرۇمغىچە بولغان ئاسىيانىڭ كېندىك زۇنىسىدا ياشىغان قەۋملەردۇر . بۇ ئىككى بۆلەككە كىرگەن قەدىمكى قەۋملەردىن بەزىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە تېگى ـ تەھتىنى تەشكىل قىلسا ، بەزىلىرى ۋاستىلىك تېگى ـ تەھتى ھىساپلىنىدۇ . مۇنداق كەڭرى زىمىندا ئارىلاش ـ قۇراش ياشاپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك قاتلىمىنى تەشكىل قىلغان ئەلۋان ـ تۈرلۈك ئۇرۇق ـ قەبىلە ، ئۇلۇس ـ ئەلەتلەر ھەر زامان ، ھەر ماكاندا ئۆزلىرى قويغان ۋە قوشنىلىرى ياكى سالنامىچىلار تەرىپىدىن قويۇلغان خىلمۇ ـ خىل ناملار بىلەن ئاتالغان . گاھىدا بىر ئۇلۇس ـ قەۋمنىڭ نامى بىرقانچە خىل ئاتىلىپ قالغان .

قەدىمكى زامانلاردا " قەبىلىنىڭ نامى كۆپىنچە تاسادىپىي پەيدا بولغان ، ئاتلىق تاللاپ قويۇلمىغانىدى . قەبىلىنىڭ ئۆزى ئۆزىگە بەرگەن نامى باشقىچە بولغان ھالدا ، قوشنا قەبىلىلەر تەرىپىدىن مەزكۇر قەبىلىگە بېرىلگەن نام بارا ـ بارا شۇ قەبىلىنىڭ دائىمىي نامى بولۇپ قالاتتى . مۇنداق ھادىسىلەر كۆپ بولۇپ تۇراتتى. (ف .ئېنگېلس )

. 1تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئېتنىك قەبىلىلەر

( 1 )دى ، دىلى ، دىڭلىن*

تارىخىي مەنبەئەلەردە يېزىلىشىچە ، ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي ئېتنىك قەۋملىرى قەدىمكى زامانلاردا "قىزىل دى " ، " دى " ، " دىلى " ، " گاۋجۈي ، دىڭلىن " دىگەن ناملار بىلەن قەيت قىلىنغان . بۇ ناملار ئۇتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر ياكى غەرب سالنامىچىلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان ناملار ۋە ياكى ئۆز ناملىرىنىڭ قىسقارتىلمىلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن .

بەزى تارىخىي كىتاپلاردا ، شاڭ دەۋرى ) مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 18 ـ ـ ـ 11 ـ ئەسىرلەر ) نىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا " دەنلۇ " دىگەن نام بىلەن قەيت قىلىنغان . كېيىن بۇ نام "دىەنلىيەن " دەپمۇ يېزىلغان . يۇەن دەۋرىدە ياشىغان ئەدىپ ياللۇغ جۇرنىڭ ئىزاھلىشىچە "دىەنلىيەن " ـ ـ ـ " دىڭلىن " نىڭ ئۇقۇلۇشى بولۇپ " دىلى " بىلەن ئاھاڭداش ئىكەن . دىمەك " دىلى " قىسقارتىلىپ " دى " دەپ ئاتالغان " : دىڭلىن " بولسا "دىلى " دىن كېلىپ چىققان .

" ئۇ زامانلاردا چىن ، جىن بەگلىكلىرى چىگرا مەملىكەتلىرى ئىدى . جىن بېگى ۋېنگوڭ ( مىلادىيەدىن ئېلگىرىكى 636 ـ 625 ـ ـ ـ يىللار ) ۋاقتىدا ، روڭ ، دىلار غەربىي دەريا بويى

بىلەن لو ئارىلىقىدا ماكانلاشقان ، ئۇلار قىزىل دى ، ئاق دى دەپ ئاتالغان " دىلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ " ) جۇنچيۇ .ۋچ تەزكىرىسى " دە يېزىلىشىچە ) ، ئاساسەن ئۈچ خىلغا بۆلۈنگەن : بىرى قىزىل دىلار ، بىرى ئاق دىلار يەنە بىرى ئاۋام دىلار " . قىزىل دى "دىيىلگەنلەر موڭغۇل ئوتلاقلىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان دىلارنى ، " ئاق دى " دىيىلگەنلەر ئوتلاقنىڭ شەرقىگە جايلاشقان دىلارنى كۆرسەتسە كېرەك . ئا دىلار ئاساسەن ھازىرقى شەنشىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئېگىز تۈزلەڭلىكتە ھەم جىن بەگلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان . سەنشى ، خېبېيلەرنىڭ شىمال ، شەرق ۋە غەربىپ تەرەپلىرىدىمۇ ھەر خىل روڭ ، دىلار ياشىغان . ئۇلار ئاق دى قىزىل دىلارنىڭ دائىرىسىگە كىرمەي " ) جۇنچيۇ " ۋە " نوم تەزكىرىلىرى " دە بايان قىلىنىشىچە ( ، " ئاۋام دىلار " دەپ ئاتالغان . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 670 ـ ـ ـ 660 ـ يىللىرىدىكى ھادىسىلەردە دىلارنىڭ چوڭ بىر بۆلىكى " سۇبان ) " ئېھتىمال " سۇپار / سۇۋار ( "دەپ ئاتالغان ؛ يەنە بىر قىسمى " ليۇ خۇ " ، ئۈچىنچى بىر قىسمى " تۇك ـ سىن " دەپ ئاتالغان .

- - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - -

*دىڭلىن ـ بۇ ئاتالغۇ " دىڭلىك ( 丁零 ) دەپ ئېلىنىپ كېلىۋاتاتتى ، لېكىن مەزكۇر ئەسەردە ئاپتۇرنىڭ تەلىۋى بويىچە " دىڭلىن " دەپ ئېلىندى . كېيىن ئۇچرايدىغان بەزى ئاتالغۇلارمۇ شۇنداق ـ ـ ـ مۇھەررىردىن

" لوڭ ( ھازىرقى گەنسۇ ) نىڭ غەربىي قىسمىدا ميەن جۇ ، چۇنروڭ ، دەيىۈەن روڭلىرى بار . ئۇلار ھەرقايسى جىلغىلارغا تارقالغان ، ئۆز بەگلىرى بار . كۆپىنچە يىغىلغانلىرىدا ئۇرۇق ـ ئايماقلىرى 100 خىلدىن ئاشىدۇ ، لېكىن ھالەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ "

خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ شىمالىي ۋە يۇقۇرى بويلىرىدا ياشىغان نۇرغۇن شىمالىي دى قەبىلىلىرىدىن بىر قىسمى كۆچمەنچىلىك ھالىتىدە ياشىغان . جۇنچيۇ زامانىسىدا ( مىلادىيەدىن ئېلگىرىكى 770 ـ ـ ـ 476 ـ يىللار ) روڭ ، دىلار ئارىلىشىپ ماكانلاشقان . بىر قىسمى چىدىرلىق ئايماقلار دىيىلگەن ، بىر قىسمى كۆچمەنلىكتىن ئولتۇراقلاشمىغان . بەزىلىرى خۇددىي خۇا شيا ( مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى ) لاردەك شەھەر ـ قورغانلاردا ياشىغان . شىمالىي دى قەبىلىلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرى ياشىغان ماكانلىرىغا قاراپ پەرىقلىق بولغان . شىمالىي دىلارنىڭ ئىجتىمائى تەرەققىياتى خۇا شيانىڭ فىئوداللىق تۈزۈمىنىڭ تەسىرى بىلەن خېلى يۈكسەلگەن ، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا شيانىڭ مەدىنىيىتىگىمۇ شىمالىي دىلارنىڭ تەسىرى سىڭگەن .

شىمالىي دىلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا تارىخىي ماتىرىياللاردا مۇنداق يېزىلىدۇ : جىن بەگلىكىنىڭ شىمالىدا ( مىلادىيىدىن ئېلگىرىكى 7 ـ ئەسىردە ) لىن خۇ ـ ـ ـ لۇفەن ؛ يەن بەگلىكىنىڭ شىمالىدا شەرقى خۇ ـ تاغ رۇڭلىرى بار ئىدى ؛ شۇ زامانىنىڭ ئادەملىرى مەزكۇر رۇڭلارنى " خۇ "دەپ ئاتىدى . جىن ۋە يەن بەگلىكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى شىمالدىكى قەۋملەرنىڭ نەسلىدىن ھىساپلىنىدۇ . بىر چاغلاردا ئاتىلىپ قالغان نام مىڭ يىللارغىچە داۋام قىلىۋەرگەن ، شىمالىي دىلارنىڭ " خۇ ) " غۇز ) دەپ ئاتىلىشى شۇنىڭدىن باشلانغان .

يىغلىق دەۋرى ( مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8 ـ ـ ـ 5 ـ ئەسىرلەر ) دە ، شىمالىي دىلار " لىنخۇ "ۋە " لۇفەن " دېگەن ناملار بىلەن ئىككى ئۇلۇس گۇرۇھىنى تەشكىل قىلغان . بۇ چاغدىكى "لىنخۇ " لار خېتاۋ ( خۇاڭخې قولتۇغى ) دا ، لۇفەن ئۇلۇسى جىن بەگلىكى ( ھازىرقى سەنشىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بەگلىك ) نىڭ غەربىدە ياشىغان " . لىن خۇ " دېگەن نام يىغلىق ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىلەر خەت ئالاقەلىرىدە قىسقارتىپ ئاتىغان نامدۇر . ئەسلى نامى " دەن لىن "ياكى دىيەنلىيەن " ئىدى . دىمەك " لىن خۇ " ـ ـ " دەنلىن خۇ " لىرنىڭ قىسقارتىلمىسى . بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، " دى ، دىلى ، دىيەنلىيەن ، دەنلۈ ، دەنلىن " دېگەن ناملار مەلۇم قەۋملەر گۇرۇھىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى.

مىلادىيەدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى دىڭلىنلەر قەدىمكى زاماندىكى دىلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى ، دىلار ( ياكى دىلى لار ) قىزىل دىلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى تارىخىي ماتېرىياللار ئىسپاتلايدۇ . بەزى تارىخچىلار " قىزىل دىلار سىبىرىيە ئويمانلىقىدىن جەنۇبقا كەلگەن ئۇلۇس " دەپ قارايدۇ .

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە تارىخىي يازما مەنبەئەلەرمۇ يىن ، شاڭ دەۋرلىرى ( مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 14 ـ ـ ـ 11 ـ ئەسىرلەر ) دە ۋە جۇنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى ( مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 11 ـ ـ ـ 9 ـ ئەسىرلەر ) دە شىمالدىكى ئۇرۇق ـ ئايماقلاردىن جەنۇبقا كەلگەنلەرمۇ ، خۇاڭخېنىڭ شىمالىدىن يەنىمۇ شىمالغا كەتكەنلىرىمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ . مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 12 ـ ـ ـ 7 ـ ئەسىرلەردە ، مىس دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى زور تۈركۈم شىمالغا سۈرۈلۈپ ، جەنۇبىي سىبىرىيەگە كۆچكەن ؛ شىمالىي دىلارمۇ جەنۇپ تەرەپكە كۆچۈپ بىر قانچە بەگلىكنى قۇرغان . قىزىل ، ئاق ۋە ئاۋام دىلار ئارىلاش ـ قۇراش بولۇپ " توققۇز دى " دەپمۇ ئاتالغان .

دىلى ياكى دىڭلىنلەر زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملارغا بۆلۈنگەن . بۇلار ئىرقىي ـ جىنسىي جەھەتتىن نوقۇل بىر ئىرققا مەنسۇپ ئەمەس ئىدى . بالدۇر شىمالىي دىڭلىنلەر ( يەنى شەرقىي دىڭلىنلەر ( غا موڭغۇلىدلىق ئامىللار سىڭگەن بولسا ، كۆپ جەھەتتىن ياۋروپېيد ھىساپلانغان غەربىي دىڭلىنلەر بىلەن قوشۇلۇش نەتىجىسدە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8 ـ ـ ـ 3 ـ ئەسىرلەردە ، شەرقىي دىڭلىنلەرنىڭ موڭغۇلىدلىق ئالامەتلىرى ئازلاپ ، ياۋروپېيدلىق ئالامەتلىرى كۆپەيگەن .

ھۇن ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ، دىڭلىنلەر مەركىزى ئىمپېرىيىگە قارام بەگلىك ئىدى . ھۇن قوشۇنلىرى تەركىۋىدە دىڭلىن قوشۇنىمۇ بار ئىدى . غەربىي خەن دەۋرىدە ، ھۇن ئىمپېرىيىسى تارىمنىڭ غەربىي جەنۇبىغا كېڭەيگەندە ، 100 مىڭ كىشىلىك دىڭلىن قوشۇنى ئۇدۇن ( خوتەن ) تەرەپكە كېلىپ ، شۇ يەرلەردە تۇرۇپ قالغان . ھۇن ئىمپېرىيىسىدە دىڭلىنلەر ئاساسىي ۋە كۈچلۈك بەگلىكلەردىن بىرى ئىدى . دىڭلىنلەر نۇرغۇن ئۇرۇق ـ ئايماقلاردىن تەركىپ تاپقان ۋە ناھايىتى كەڭرى زېمىنغا تارقالغان . ھەتتا دىڭلىن قەبىلىلىرى ھۇن قەبىلىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن . ( ئوغۇز ، ئونغۇر ، ئوتىغۇر ، سارۇغۇرلار ئەسلىدە دىڭلىن قەبىلىلىرىدىن ئىدى ) . مەسلەن ، بايقال ـ ئالتاي زۇنلىرىدىن باشقا قانغۇي ( كاڭخۇي ) نىڭ شىمالىدا ، ئۇيسۇننىڭ غەربىدە ياشايدىغان دىڭلىنلەر

بار ئىدى ( قانغۇي ـ ھازىرقى بالقاش كۆلى بىلەن ئارال كۆلى ئارىلىغىدىكى زېمىندا ئۆتكەن مەملىكەت ؛ ئۇيسۇن ـ ئىلى ۋادىسىنىڭ غەربىدە ۋە ئىسسىقكۆل بويىدا ياشىغان قەۋم(

( 2 )گاۋ جۈي ، دىڭلىن ، تېلې

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي ( جۇملىدىن تەڭرىتاغىنىڭ شىمالىي ) ۋە موڭغۇل يايلىقىدىن ئىبارەت كەڭرى زېمىندا ياشىغان ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەرنى خەنزۇچە تارىخ كىتاپلىرىدا ئومۇملاشتۇرۇپ ، بالدۇر " دى " ، " دىلى " ، كېيىن "دىڭلىن " دەپ يازغان . مىلادىيەدىن كېيىن بۇ قەۋملەر " چىلى " ، " سىلى " ، "تېلې " دەپ ئاتالغان . مەسىلەن ، ئۈچ پادىشاھلىقتىن بىرى ۋېي پادىشاھلىقى زامانىسى )مىلادىيە 220 ـ ـ ـ 265 ـ يىللىرى ) دا گاۋجۈي ، دىڭلىن دەپ ئاتالغان ئۇلۇس قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ نەسلىدىن بولۇپ ، دەسلەپتە دىلى دەپ ئاتالغان بولسا ، بۇلارنىڭ شىمالىدىكى قەۋملەر سىلى دەپ ، شيا قەۋملىرى گاۋ جۈي ، دىڭلىن دەپ ئاتىغان " . ھارۋىلىرى يوغان ھەم ئېگىز ، گۇگۇنسۇنلىرى كۆپ بولغاچقا " ، " گاۋ جۈي ) ئېگىز ھارۋىلىقلار " ( ياكى " ئېگىز ھارۋىلىق دىڭلىن " دەپ ئاتالغان . گاۋجۈيلەر ئەسلىدە : دى / تىك . ئۇيغۇر ، قۇر / قۇرلۇق ، قۇبىق / قۇمىق ، قۇزغۇز ، ئىجكىن دېيىلگەن ئالتە قەۋمدىن تەركىپ تاپقان . كېيىن بۇلار غولداپ چىپارلو ) ياپارلو ) ، تۈرك ، ئىگدەر ، دالان ، ياۋغار ، دابغان ، ئارۇم ، مويۇن ، ئىمۇر ، بۆكدۇرا ، قىرغۇي ، يورسۋار دېگەن 12 قەۋمگە يەتكەن . بۇ قەۋملەر ئۇزۇن زامانغىچە بىرلا ئۇلۇس تەركىبىدە تۇرۇۋەرمىگەن . تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ ياكى بۇ ئۇلۇس تەركىبىگە ئۆتۈپ تۇرغان . لېكىن ، بىر ئۇلۇستىكى ئەسلى قەۋملەر كۆپىنچە مۇقىملاق بولغان . گاۋ جۈيلەر تەڭرىتا ـ ئالتاي ئارىلىقىدىن كېڭىيىپ غەرپكە ـ كۆكئارتتىن ھالقىپ فەرغانە ۋادىسىغىمۇ تارالغان . خەنزۇچىدا " يەندا " دېيىلگەن ( ئەجەملەر " ئابدال ـ " كۆچكۈنلەر دەپ ئاتىغان ، ياۋروپالىقلار " ئېفتالىت " دەپ ئاتىغان ) مەملىكەت " گاۋ جۈيلەرنىڭ باشقا نەسلىدىن بولۇپ ، غەربىي دىياردا قانغۇي ، ئۇدۇن ، سوغراق ، ئارساك ۋە باشقا 30 نەچچە ئۇششاق مەملىكەت شۇنىڭغا قارايدۇ " .

يارىش ( جوڭغارىيە ) يازىقىدا قالغان گاۋ جۈي قەبىلىلىرى كېيىن " تېلې " دېگەن نام بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان . شىمالىي قاغانلىقلار تارىخىي ( جۇملىدىن " سۈينامە ( " دە قەيت قىلىنىشىچە ، بۇ زاماندا " تېلې " دەپ ئاتالغان مۇرەككەپ ئۇلۇسقا " ) ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا گەۋدىسى بولغان ئۇلۇسقا ( " كىرگەن قەۋملەرنىڭ ناملىرى ۋە تارقالغان رايونلىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى ؛ " تېلېلار " توققۇز رايونغا تارقالغان 40 نەچچە قەبىلە ئىدى . شۇڭا ، تارىخنامىلەردە " قەبىلە ـ ئايماقلىرى بەك كۆپ بولۇپ ، غەربىي كۆلنىڭ بويىدىن باشلاپ ، تاغ ـ ئېدىر ، تۈزلەڭلىكلەردە بىر ـ بىرىدىن ئۈزۈلمەي كەڭ تارقالغان " دەپ يېزىلغان .

شەرىقتە بايقالنىڭ جەنۇبىدىن ، تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىي ( ئۇرقىن دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەدىمكى بازىلىرى ) دىن غەربىي جەنۇپقا قاراپ سوزۇلغان زۇنىدا بۇغۇ ، توڭرا ، ئۇيغۇر ، بايىرغۇ ، ئىسكەر ( ئىزگىل ( ، قۇن ، قورلۇغ ـ سىر ، تۈرك ، بۆكدۇرالار ياشىغان . بۇلار توققۇز تېلې دەپ ئاتالغان ۋە بۇلاردىن تولىسى ئالتاي ئەتراپىدا ، ئېرتىش ـ ئۇلۇنغول ( ئۇلۇنگۇر (

ۋادىلىرىدا ياشىغان كۆچمەنچى قەبىلىلەر ئىدى . ئالتاينىڭ غەربىي جەنۇبىدا ، ئىككىئۆكۈز بويلىرىدا بولۇچ ، ئىزگىل ، سۇۋار ، ناچىق ، يۇنغۇر قەبىلىلىرى بار ئىدى . بۇلاردىن باشقا ، بۇ رايوننىڭ غەربىي جەنۇبىدا سىر ـ تاردۇس ( سىر ـ تاردۇش ـ ـ مۇھەررىردىن ) ( سىر بىلەن تاردۇس ئىككى قەۋمدىن تەركىپ تاپقان مىللەت ( ياشايتى . بۇلار دەسلەپتە قارا ئېرتىش ۋە ئۇلۇنغول بويلىرىدا ياشىغان.

قۇمۇلنىڭ غەربىدە ، قارا شەھەرنىڭ شىمالىدا چارۇق ، ئاقتاغ ( تەڭرىتاغ ) نى بويلاپ سوزۇلغان رايوندا كېپىك ( قۇبىق ~ قۇمىق ) ، بورا ~ بۆرە ، ئوغۇر ( ئوغۇرقۇن ) چىگىل ، قىرغۇز قەبىلىلىرى ياشىغان ئىدى . بۇ رايوندىن غەربكە قاراپ يۆزلەنگەندە ، بالقاش ـ ئىسسىقكۆل بويلىرىدىن باشلاپ ، چېلىر ، سۇپان ( ئىسبان ) ، داچى ( تالچى ( قەبىلىلىرى ياشايتى . قاڭلى ـ قانغۇي ئېلىنىڭ شىمالىدا ئادىل ( ئېدىل ، يەنى ۋولگا ( بويلىرىدا ئاز ( ئادىز ) ، ياۋۇز قەبىلىلىرىگە قوشنا بولغان خەزەر ، بۇلغار ، پېچېنەك ، چوقاي ، قابىس ( بۇلار ئارالنىڭ غەربىدە ، ئىنجۇ ئۆكۈز بويىدا ) ، قاچىرسۇق ، بايغىردا قەبىلىلىرى ؛ دېڭىز ( خەزەر يەنى كاسپىي ) نىڭ شەرقىدە ھەم غەربىدە سارۇ ئۇرغۇر ، ساكسىن ( ئېدىلنىڭ ئاياق ئېقىنى بويىدا ) ، مۇكشە قەبىلىلىرى ؛ پۇرۇمنىڭ شەرقىدە ئىنكۇ ، ئالان ، باشقىر ، قۇترىغۇر قەبىلىلىرى بار ئىدى . مانا مۇشۇ مەزكۇر غەربىي قەبىلىلەرمۇ تېلېلاردىن ھىساپلىناتتى . تېلېلار سۇي دەۋرىگىچە ) مىلادىيە 591 ـ ـ ـ 613 ـ يىللىرى ) بايقالنىڭ جەنۇبىدىن توغلا ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى يەنسەينىڭ يۇقۇرى ۋادىسىدا ، ئاندىن غەربكە سوزۇلۇپ ئالتاي بويلىرى ، يارىش يازىقى ( جوڭغار تۈزلەڭلىكى ) ـ تەڭرىتاغنىڭ بويلىرىدا ، ئاراك كۆلى ۋە ئېدىل ۋادىلىرى بولۇپ ناھايىتى كەڭ زىمىندا تارقالغان ۋە ئەنە شۇ يۆزلىگەن قەۋم ـ قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى تېلې دەپ ئاتالغان . كېيىنكى چاغلاردا " تۈرك " دەپ ئاتالغانلار ئەسلىدە دىڭلىن ياكى تېلې قەۋملىرىدىن ئىدى.

(3)قەدىمكى غەربىي ئېتنىك تەركىبلەر .

يۇنان ـ رىم تارىخچىلىرى ئەسەرلىرىدە ئېدىل ۋە خەزەر ( ھىركانىيە( نىڭ شەرقىدىن تاكى سىبىر ( جوڭگو ) چېگرىلىرىغا قەدەر سوزۇلغان كەڭرى زونىدا ياشىغان قەۋملەرنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ كۆرسەتكەن . لېكىن ، بۇ قەۋم ـ قەبىلىلەرنىڭ ئىسىملىرى ۋە جۇغراپىيىۋىي ناملار يۇنان ياكى رىم تىللىرىنىڭ فۇنىتكىسى بويىچە يېزىلغان .

يۇنان تارىخچىلىرىدىن سترابون ، پتولېمىي ، لاتىن ئاپتورلىرىدىن پلىنىي مېلئى بىلەن پومپونىي مىلائى ۋە باشقىلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدە مۇنداق قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى ئۇچرايدۇ **Oxiazioi** : )ئوخازىئوي ) ـ ئوغۇز ؛ ـ **Peik ~ Peaitik ( Paslak (** پېچېنەك ، ـ **De ( Dahae (** داغار ؛ ـ **Camak** قامىق ، ـ **Coman**قومان ، ـ **Camar** قامار ~ قومار ؛ ـ **Kumith** كۇمىد ؛ ـ **Cam** قاڭ ~ كام ؛ ـ **Kasir ( Kotier (** قەزەر ؛ ـ **Carat** قارات ، **Khun** ـ قۇن ، ـ **Sabir**سابىر ( سۇبار ، سۇۋار ـ **Borsuk (** بورسۇق ، ـ **Avarin**ئاۋار ؛ ـ **Amar**ئامار ~ يامار . بۇ قەبىلىلەرنىڭ كۆپچىلىگى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغانلىقى ئېنىق . مەزكۇر قەبىلە بىلەن بىر قاتاردا ، ئازغارت **Askart** ـ ، جايىق ( يايىق , **Daikh** ـ ( شەكلىدە ، ئۇيغۇر , **Oykhard** ـ قاز **Kasia** ـ ؛ تۈرك **Turcae** ـ ۋە **Nurcae**

شەكىللىرىدە يېزىلغان . قەدىمكى زاماندىكى بۇ قەۋم ـ قەبىلىلەر دائىم دىگۇدەك بىر يەردىلا تۇرىۋەرمىگەن . مىلادىيىدىن 1000 يىللار ئىلگىرى ئىدىل ـ ئورال ، ئىنجۇ ، خەزەر بويىلىرىدا ياشىغان قەبىلىلەردىن بىرمۇنچىسى شەرىققە ۋە شەرقىي جەنۇپقا قاراپ كۆچكەن . غەرب ئاپتورلىرى ئارال كۆلىدىن كۆكئارت ئېگىزلىكىگىچە ، ھەتتا غەربىي سىبىرىيىگىچە بولغان زىمىندا كەڭ تارقالغان قەۋم ـ قەبىلىلەرنى " ساكا " دىگەن نام بىلەن ئاتىغان . بەزى ئاپتۇرلار " سكىف " ياكى "سكىت " دەپ ئاتىغان . بۇلار ياشىغان رايوننى " ئىمائۇس تېغى ) " ئورال ) نى چىگرا قىلىغان ھالدا ئىككى رايونغا بۆلۈپ ، غەربىنى " ئىچكى سكىف ئىمائۇس تېغى " ، شەرقىنى "تاشقى سكىف ئىمائۇس تېغى " دەپ ئاتىغان . دىمەك ، ئورالنىڭ شەرقى " تاشقى سكىفيە "دەپ ئاتالغان . پتولېمي ( مىلادىيە ـ 2 ئەسىردە ياشىغان ( C.L.Ptoleme دىن ئىلگىرى ياشىغان ھىرودوت " ھىركانىيە ) " خەزەر ، يەنى كاسپىي ) دىڭىزىنىڭ شەرقىدىكى قەۋملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ " سكىت " ياكى " ساكا تارگىتا ئوس (Saka ـ targitaos ) " ، ئارال كۆلىنىڭ شەرقىدىكى قەۋملەرنى " ساكا تېگراخۇدا ) Saka ـ tegrakhuda ) " دىگەن نام بىلەن يازغان . دىمەك ، خەنزۇچە تارىخ كىتاپلىرىدا قەيت قىلىنغان دىگلىن ياكى تېلېنى "سكىت " ياكى " ساكا " دەپ ئاتىغان . شۇنىڭدەك خەنزۇچە تارىخى مەنبەلەر ( مەسلەن " : بۇددا شەجەرىسى ھەققدە " دىگەن كىتاپتا ئىزاھلىشىچە ، " خەننامە " نىڭ "غەربىي يۇرت تەزكىرىسى ( " دە دىيىلگەن ساكلار ئەسلىدە يۇڭ جەمەت ( فامىيلە ) لىك رۇڭلاردۇر ؛ بۇلارنىڭ ئەجدادى دۇنخۇاڭدا ياشايتى . يۆچىلەر قوغلىۋىتىپ ، ئۇياقا كۆچۈپ كەتكەن ؛ ساكالار تارقىلىپ بىرنەچچە ئەلگە بۆلۈنگەن ، سۇغراق ( سۇلى ـ قەشقەر ) نىڭ غەربىي شىمالىي ، شۇدۇن ، سىند تەۋەلىرىدىكى قەۋملەر قەدىمكى ساكالار نەسلىدىندۇر . ئىلى ۋادىسىدىمۇ باشقا قەۋملەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغان ساكالار بولغان

## . 2تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئېتنىك قەبىلىلەر

كۆكنۇردىن كۆكئارتقىچە بولغان كەڭ رايوندا ، ئېنىقراق ئېيتقاندا ، تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدا ، تارىم بويىلىرىدا ، كۆكئارت ـ قارا ـ قۇرۇمنىڭ شەرقىدىن تاكى قۇرۇقتاغ ئارقىلىق كۆكنۇرغىچە بولغان كەڭ زىمىندا ياشىغان قەدىمكى قەۋملەر نام ـ نەسەپ ۋە ئىرق ـ ئېتنوگېنىز جەھەتلىرىدىن ھەر خىل بايان قىلىنماقتا . قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر ، قەدىمكى تارىم ئاھالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىپلىرىدە ئايلىنىپ كەتكەنلىگى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئەملىيەت .

( 1 )ئىۋۇ ، جۇشى

خەنزۇچە تارىخى مەنبەلەردە ئېنىق يېزىلىشىچە ، ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ئېتەكى ـ ياقا ، تىرىم يايلىقى ۋە قۇرۇقتاغنىڭ ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان " ئىۋۇ ( 阿恶 ) " دىگەن قەۋم بولۇپ ، بۇلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردە ، ھۇنلارنىڭ بېسىمى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شەرقىگە ، يەنى ئوغراچ ( بۇغدا ( نىڭ شىمالىي ـ شەرقى بىلەن باركۆل ئارىلىقىغا كۆچۈپ بارغان . بۇلار

"چۇشى " قارىمقىدىكى قەۋملەردىن بولۇپ ، ئۆز ئالدىغا بېگى بار ئىدى . بۇلار قەدىمكى يۇنان ئاپتۇرلىرى ئىسمىنى ئاتىغان " ئوغۇر (Oechor ) " لار بولسا كېرەك . پتولېمېنىڭ "جۇغراپىيە " كىتابىدە ، لوپنۇر رايونىدا ئۇلۇغ ئىگدون ئېلى بارلىقى ، بۇ ئەلنىڭ قوشنىسى دامناي ( Damnae ) پىئادداي (Piaddae ) ئەللىرىنىڭ زىمىنلىرى ئويقۇرداس دەرياسىغىچە بارىدىغانلىقى ، بۇ دەريا بويىدا ئويقۇرداس ئېلى بارلىقى بايان قىلىنغان .

تەڭرىتاغنىڭ غەربى ۋە جەنۇبى ھەم تۇپىرئارت ئېتەكلىرى ) ھازىرقى تۇرپان ، گۇچۇڭ ، فۇكاڭ ۋە ئۈرۈمچى رايونلىرى ) دە " جۇشى ) " تولۇق نامى " گۇيەن ، جۇشى ( " دىگەن ئەل ياشىغان . بۇلارمۇ ئەسلىدە دى / دىلى قەۋملىرىدىن ئىدى " . گۇيەن ، جۇشى " مەزكۇر ئەل نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى بولۇپ ، " قويار قوش " ياكى " قوش قويار " نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى . بۇ ئەل كۆچكەندە ياكى جەڭگە ئاتلانغاندا " قوش ) " بىر جۇپ ئۆكۈز ) نى ئالدىغا سىلىپ ماڭاتتى . قوش چۈككەن يەردە بارگاھ قۇراتتى . شۇڭا ، بۇ ئەل " قوش قويار "دەپ ئاتالغان . گاھىدا قىسقارتىپ " گۇش ) " قوش ) دىيىش ئومۇملاشقان ) بەزى تەتقىقاتچىلار كېيىنكى " قۇچۇ " ئەنە شۇ " قوش " نىڭ ئۆزگەرمىسىدۇر دەپ ھىساپلايدۇ " . ( لياڭنامە " نىڭ " ياتلار " بابىدا يېزىلىشىچە ، كۆككىئارتنىڭ غەربىگە ۋە شەرقىگە جايلاشقان " خۇز ئېلى " مۇ " جۇشى ) " قوش ) لارنىڭ نەسلىدىن ئىكەن " . خۇز ئېلى . . . ئەتراپىدىكى پارس ، يىپان ، كابىل ، يەنجى ، كۇچار ، سۇغراق ، قۇم ، ئۇدۇن ، چىپان ئەللىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان " ئىكەن .

( 2 )يۆسى ، يۆجى ، مى ، چياڭ

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ، ئېنىقراقى تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالە توغرىسىدا بەزى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارغا ئاساسلىنىپ ، تەتقىقاتچىلار تۈرلۈك قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئىرقىي خاسلىقىدىن ئاۋال ، ئۇلارنىڭ ئېتنوگېنىزلىق خاسلىقىنى ئېنىقلاش مۇھىم . ھازىرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تارىم ئويمانلىقىدا ياشايدۇ . بۇ يەردە ياشىغان يەرلىك مەدەنىي ئاھالە ئېلگىرى مەيلى شەرقتىن كەلگەن بولسۇن ياكى غەرىپتىن كەلگەن بولسۇن ، ئۇلار نۇرغۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر - بىرىگە سىڭىشىپ ، بالدۇرقى ھەر - خىل ئاتالغان نام - ئاتاقلىرى ئۆزگىرىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىپلىرىگە ئايلانغان . بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت .

بۇ ھەقتە ئاۋال ئۆزىمىزنىڭ تارىخشۇناسلىرىغا مۇراجەت قىلايلى . ئۇيغۇر تارىخچىسى جەنبۇزەن ئەپەندى خەنزۇچە رىۋايەتلەرگە ئاساسەن مۇنداق مۇھاكىمە قىلغان : خۇاڭدىدىن تارتىپ ، ياۋ ، شۇن ، يۈ لەر ( مىلادىيىدىن ئىلگىركى 2550 - 2179 يىللار ) غەربى خان ئانا بىلەن باردى - كەلدى ، سوۋغا - سالام قىلىشىپ تۇرغان . قەدىمكى غەربىي خان ئانىنىڭ ئېلى تارىم ئويمانلىقىنى كۆرسىتەتتى .

بۇ ماكاندا ياشىغان ئاھالىدىن خەنزۇچە قەدىمكى يازما مەنبەلەردە قەيت قىلىنغىنى " يۆجى ) "رۆتزى ) بىلەن " دى ، چياڭلار " دۇر .

" يۆجى " نىڭ نامى خەنزۇچىدا قەدىمكى زامانلاردا يۆيىسى ، يۈيجى ، يۆسى ، دىگەن ھەرخىل

خەتلەر بىلەن يېزىلغان " . گۆەنزى كىتابى " دا يېزىلىشىچە ، يۈيسى ئېلى قاشتېشى چىقىدىغان يەر ، جۇ سۇلالىسىغا 7 مىڭ 800 چاقىرىم كېلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، قارا قۇرۇم تېغى توغرىسىدىمۇ بايان قىلىنغان . دېمەك ، بۇ ئەلنىڭ ياشىغان يېرى تەكلىماكاننىڭ غەربىي جەنۇبىي ـ خوتەن تەرەپلىرى بولۇشى ئېنىق . چۇنچيۇ زامانىسى ( مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 476 ـ 770 ـ يىللار ) دا ، تارىم ئويمانلىقىدىكى قەۋملەردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە مەلۇم بولغىنى يۈيسىلار ئىدى . ئۇلارنىڭ ئاساسى قىسمى قەدىمكى زاماندا قۇردۇس ، جوڭيۈەن ، گەنسۇ تەرەپلەردە ياشىغان . ئۇلار غەربكە سۈرۈلۈپ تارىم ئويمانلىقىغا كۆچكەن " . گۆەنزى " نىڭ " كىچىك ۋىلايەت بابى " دا " : غەربتە كۆچمە قۇم غەربىدىكى يۈيلەر " دەپ يېزىلغان . چۇنچيۇ دەۋرىدە ئۇلار " يۆجى " دىگەن نام بىلەن ئىچكى رايۇنلارغا مەلۇم بولغان . خەن دەۋرىدە "يۆجى ) " رۆجى ) دەپ ئاتالغان .

يۆجىلەردىن بىر قىسمى كۆككىئارتتىن ئېشىپ ئافغان ـ ئىران تەرەپلەرگە جايلاشقان . مەزۆۆر يۇسلەر بىلەن بىللە تارىم ئويمانلىقىغا شەرقتىن كەلگەن قەدىمكى قەۋملەردىن " دى ، چياڭلار " بار .

"ۋېي مۇختەسەرنامىسى " نىڭ " غەربىي يۇرت تەزكىرىسى " دە يېزىلىشىچە :

"دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى رايوننىڭ جەنۇبىي تېغىدا ، چارقىلىقنىڭ غەربىدىن كۆككىئارتقىچە بولغان نەچچە مىڭ يول كېلىدىغان ئارىلىقتا ، يۈسلەر نەسلى ، بوستان چياڭلىرى ، بوز ئاتلىق ، سېرىق ئۆكۆزلۈك چياڭلار " دەپ ئاتالغان نۇرغۇن قەۋم ـ قەبىلىلەر ياشىغان.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى يەرلىك ئاھالىنى ياۋروپالىق ئاپتورلار Sar ( ser ) دەپ ئاتىغان . بۇ ئېھتىمال " چياڭ " نىڭ شۇ زاماندىكى تەلەپپۇز قىلىنىشى بولسا كېرەك . مىرەندىن تېپىلغان تىبەتچە ھۆججەتلەردە Nob ـ chenr دىگەن نام ئۇچرايدۇ . بۇ " نوب ـ سار " دىگەنلىك بولۇپ ، " سارلارنىڭ سەردارى " دىگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك " . دى ، چياڭلار " غەربىي رۇڭلاردىن ھىساپلىنىدۇ . ياۋروپا ئاپتورلىرى Syr ـ Dahac دەپ ئاتىغان .

تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىنىڭ تەركىبىدە غەربتىن كەلگەن " ساكا " لارمۇ بار .

" ساكلار شاھى جەنۇبتا كەشمىرگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى . ساكلار تارقاق ئىدى . بىر قانچە مەملىكەت بولۇپ كەتكەن . سۇلېنىڭ غەربىي شىمالىدىن ھۇشۇن ، سىندۇ تەۋەلىرى ساكلاردىن ھىساپلىناتتى " ) . ساكلار ئەسلىدە گيۇن جەمەتلىك رۇڭلاردۇر . . . ئۇلۇغ يۆجى مەملىكىتى بالدۇر ساكلار پادىشاھىنىڭ زېمىنى ئىدى " ؛ . . . " يۆجىلەر يىراققا كەتتى ، داۋان ئېلىدىن ئۆتۈپ ، غەربتە داخانى بويسۇندۇردى ) "

يۆجىلەر مىلادىيەدىن كېيىن ، توخار دىگەن نام بىلەن تارىخ سەھنىسىگە چىقىدۇ . ياۋرۇپا ئالىملىرى يۆجى بىلەن توخار ئەسلىدە بىر خەلقنىڭ باشقا ـ باشقا ئاتىلىشىدۇر ، دەيدۇ . شۇنىڭدەك Tokharaدېيىلگەنلەر ھەقىقەتتە خەنزۇچە تارىختا يۆجى دېيىلگەنلەرگە ، يۇنان ئاپتورلىرىنىڭ Thagoura (Thogar )دەپ ئاتىغىنىغا توغرا كېلىدۇ ھەمدە ئۇلار " يۆجىلەر تۈرك جىنسىدىن "دىگەن قاراشنى ئالغا سۈرىدۇ.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان قەۋملەرنىڭ تىللىرى ئالتاي ـ ئۇرال تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىللار ئىدى . زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ، بۇ سېستىما بىرقانچە قولغا بۆلۈنگەن . بەزى قەۋملەر

( مەسلەن ، كۆكتۈركلەرنىڭ غەربكە كەتكەن قەۋملەر ) نىڭ ئەسلى ئانا تىلى ئۆزگۆرۈپ ، ئىران ـ يۇنان تىللىرىغا ئالماشقان . دىنىي مۇناسىۋەت بىلەن بەزى قەۋملەرنىڭ تىللىرىغا ھىندۇ ـ سانسكرىت تىلىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر سىڭگەن .
ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتنىك تەركىبى بولغان بەزى قەۋملەر ، ھەتتا تارىخچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ "ئانا گەۋدىسى " ھېسابلىغان تېلېلارنىڭ قىرىق نەچچە قەۋمدىن بىر مۇنچىسى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئايرىم ئۆلەت ياكى مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن .
دېمەك ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتنىك تەركىبى ئالۋان ـ تۈرلۈك قەۋملەردىن تەشكىل قىلىنغان . يەنى دى ) دىلى ، دىڭلىڭ ) ، تېلې ، ساكا ، گاۋجۇي ، ئېۋۇ ، يۈيسى ( يۈجى ) ، دى ، چياڭ ۋە باشقىلار . مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە " ئۇيغۇر " دىگەن نام بىلەن چوڭ قاغانلىق بولۇپ ، تارىخ سەھنىسىگە چىققان ۋاقتىدىكى بۇ مۇرەككەپ مىللەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قەبىلە ـ ئۇلۇسلىرى ھەققىدە سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق .

## 3. قەۋملەرنىڭ ناملىرى توغرىسىدا مۇتالىئە

يۇقۇرىدە زىكرى قىلىنغان قەۋم ـ قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى ئاساسەن خەنزۇچە تارىخ كىتاپلىرىدا ئىدېئوگرافىك خەتلەر بىلەن يېزىلغان ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر . قەدىمكى زاماندا مۇنداق خەتلەرنىڭ تەلەپپۇزى ھازىرقىدىن پەرىقلىنىدۇ . يۇنان ـ لاتىن ، رىم ، ئىران ئاپتورلىرىمۇ ئۆز تىللىرىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە ، بۇ ناملارنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىلىرىنى بەرگەن ياكى قەدىمكى قەۋملەرنىڭ ياشىغان جايلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ياكى تۈرقى ـ سىياقى ھەم كىيىم ـ كېچەكلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلىرىگە قاراپ نام بەرگەن . شۇڭا ، بۇ ناملارنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىنى ئېنىچكىلەپ ئېنىقلەشكە توغرا كېلىدۇ . ئەمما ، بۇنىڭغا دائىر يازما مەنبەلەر كەمچىل بولغاچقا ، قەتئىي جەزملەشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يوق . پەقەت بەزى يىپ ئۇچلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، قىياسىي پىكىر يۈرگۈزۈش مۇمكىن . بۇ ساھەدە بىزدىن مۇقەددەم ئىش كۆرگەن ئالىملارمۇ شۇنداق قىلغان . دى ، دىلى ، دىڭلىن
ناھايىتى ئۇزاق قەدىمىي زامانلاردا ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بەگلىكلەر ۋە قەۋملەر غەربىي تەرەپتىكى قەۋملەرنى " رۇڭ " ياكى " غەربىي رۇڭ " دەپ ئاتىغان . بۇ ھەرپىنىڭ قەدىمكى ئوقۇلىشى ( nzongجوڭ / Zom ) بولۇپ ، ئەسلى مەنىسى " قورال ـ ياراغ " ، " سۇ ـ قوشۇن ) "ئەسكەر ) دىگەنلەردىن ئىبارەت . بۇ قەۋملەر " توغ ـ ئەلەم " كۆتۈرۈپ يۈرۈش قىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا ، " سوق ـ سوقاق ) " تسوگ ) ( روڭ ) ، يەنى " ئۇرۇشقاق " ، "قورال ئىشلەتكەك " دەپ ئاتالغان ياكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا " توغ " مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان " ئورۇڭ " سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك .
بەزى تەتقىقاتچىلار " دى ، دىلى " ـ " تىل " دىن كېلىپ چىققان " . تىل " قەدىمكى ئالتاي تىللىرىدا " دەريا " مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ " . دىلى " ـ " تىللىك ) " دەريالىق ، دەريا بويىدا ياشىغۇچىلار ) دىگەن سۆزدىن ئېلىنغان ، دەپ قارايدۇ ؛ قەدىمكى زاماندا " دىلىلار

"نىڭ غەربىي بۆلىكى ئورال دەرياسى بويىدا ياشىغان . ئورال دەرياسىنى " ئىدىل ) "قىسقارتىپ " تىل ( " دەيدۇ ، دىگەن قىياسنى ئالغا سۈرىدۇ .
" دى " نىڭ قەدىمكى ئوقۇلىشى ) tig ياكى " تىك ( " بولۇپ ، خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى ، دى ، دىڭلى ياكى دىڭلىنىڭ قىسقارتىلمىسى " . دىڭلى " نىڭ قەدىمكى ئوقۇلىشى liek ـ liek يەنى " تىگرىك " ، " دىڭلىن " نىڭ ئوقۇلىشى liem ـ tik يەنى " تىكرەم " / " تىكرەك " بولۇپ ، ھەممىسى شىمال ۋە غەربىتىكى خەلقنىڭ ئۆزلىرى ئاتايدىغان ياكى قوشنىلىرى ئاتىغان نامىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى ئېھتىمال .
گاۋجۈي ، تېلې
گاۋجۈي ( گاۋچې ( ھەققىدە تارىخ كىتاپلىرىدا ، " ئېگىز ، چوڭ ھارۋا ) " گۇگۇسۇنلىرى كۆپ ھارۋا ؛ دىققەت : ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھارۋىلارنىڭ چاقلىرى كۆتەك ، يەنى پۈتۈي تاختايلىق چاق ئىدى ) دەپ تەبىر بەرگەن . دىمەك ، دىڭلىنلەرنىڭ تۇرمۇشتا ئىشلەتكەن قاتناش قورالىغا قاراپ ، ئۇلارغا " ئېگىز ھارۋىلىقلار " دەپ نام قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن . رۇس ئالىملىرىدىن بېرنشتامنىڭ قىياسچە ، " گاۋجۈي ـ گاۋكۈي ، يەنى گاۋگۇر / ئوغۇر " نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەن . چۈنكى ، " گاۋجۈي " نىڭ قەدىمكى ئوقۇلىش Ke'u ki ياكى go ـ gi ، بۇ غۇ ـ غر / ئوغىر " غا يېقىن كېلىدىكەن . بۇ بىر خىل تەسەۋۋۇر . ئەمما ، شۇ نەرسە رۇشەنكى ، ئالتاي تىللىرى ) جۈملىدىن ئۇيغۇر ، مانجۇ تىللىرى ) دا " ھارۋا " نى بىلدۈرىدىغان " توخرى "سۆزى شۇ رايوندا ( كۇسان ئىمپىرىيىسىدىن كېيىن ) دا ياشىغان " ئابدال ـ گاۋگۈي "ئۇلۇسغا نام بولۇپ قالغان . بۇ سۆز ھىندۇ ـ ياۋروپا تىللىرىدا " تۇخار " بولۇپ ئۆزلەشكەن . قوچۇ ـ كۇچار ئەللىرى بۇددا نوملىرىنى بىۋاستە " ئەنەتكەك ) " ئۇيغۇرلار ھىندۇلارنى ئەنەتكەك دەيتى ) تىلىدىن ئەمەس ، ئۆزلىرىگە نەسەبداش ( تەگ تىلى تۈركىي ) بولغان توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلغانلىقىمۇ ، توخرى ) توخار ) خەلقىنىڭ گاۋگۈي نەسلىدىن ئىكەنلىگىدىن دالالەت بېرىدۇ .
" تېلې ـ " بۇ نام توغرىسىدىمۇ ھەر خىل قىياسلار بار . بۇ بىر مۇرەككەپ ئۇلۇس . 6 ـ ئەسىرگىچە " تۇرۇك / تۈرك " لەر مەزكۇر ئۇلۇس تەركىبىدە ئىدى . كۆك تۈركلەر تارىخ سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىن تېلېلار تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ ، بۇنىڭ تەركىبىدىكى تۈرلۈك قەۋىم ـ ئۇلۇسلار ئۆز ناملىرى بىلەن بۆلۈنۈپ كەتتى . لېكىن ، تۈرك ئىمپىرىيىسىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى سۈپىتىدە ياشىدى . ئۇرقۇن ئابىدىلىرىدىكى " توققۇز تۆلەس " ئېھتىمال " توققۇز تېلې " بولسا كېرەك ، دىگەن قاراش بار . بەزى ئالىملار ( مەسىلەن ، فېك جياشىڭ " ( تېلې " ـ " تۈرك "نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دىگەن قىياسنى بايان قىلغان " . تېلې " نىڭ قەدىمكى ئوقۇلىشى liak ـ diak، يەنى " تەك ـ رەك / تېگرەك ـ تىگاراك . " بۇ نام ياكى شۇ ئۇلۇسنىڭ ئۆزى قويغان نامى ياكى قوشنا قەۋملەر قويغان نام بولسا كېرەك . ھرودوت باشلىق يۇنان ـ رىم ئاپتورلىرى خەزەرنىڭ شەرقىدىكى قەۋملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ targitaos دىسە ، ئارال كۆلىنىڭ شەرقىدىكى قەۋملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ tegrakhuda ـ saka دەپ ئاتىغان . تېگرا خۇدانى ئىبرانى تىلىدا togharma دەپ يازغان " . تارگىتا " ياكى " تېگارا " ۋە ياكى

togharmaبولسۇن ، بۇ ناملار “ تېلي ) “ تېگراك ) قا يېقىن كېلىدۇ “ . تېگرا “ نى هىند ـ ياۋروپا تىللىرى بويىچە تەھلىل قىلغاندا ، تېگرا ـ يوغان ، زور ، كۈچلۈك مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ . ئەگەر مەزكۇر ئۇلۇس ئۆزلىرى قويغان ياكى قوشنا قەۋملەر تەرىپىدىن قويۇلغان نام دەپ قىياس قىلىنسا ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا “ تىغراق ) “ باتۇر ، غەيرەتلىك ) دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ . بۇ سۆز زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈرلۈك تىللاردا ھەرخىل تەلەپپۇز قىلىنغان ( مەسىلەن ، ئىبرانى تىلىدا توغارما ؛ ئىران تىلىدا تاگار / تاغار ) . قەدىمكى ھىندۇ تىلىدا “ دوگار “ بولسا “زور ، كۈچلۈك ، قۇدرەتلىك “ مەنىلىرىنى ، “ تاگرا “ بولسا “ يوغان ، زەبەردەست ، كۈچتۈڭگەر “ مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ قىياسلارنى خۇلاسىلىغاندا ، “ دېڭلىن “ ياكى “تېلي “ بولسۇن ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى “ تىغراق “ سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگەن پىكىر مەلۇم دەرىجىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق دېيىشكە بولىدۇ “ . دېڭلىن “ ياكى “ تېلي “ھەرگىز “ تۇرا “ نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئەمەس “ . تۇرا “ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا “قورغان ـ پوتەي “ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ .

ساكا خەزەر ( ھىركانىيە يەنى كاسپىي ) دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى قەۋملەرنى قەدىمكى زامان ياۋروپا تارىخچىلىرى “ ساكا “ دەپ ئاتىغان . بۇ سۆزنى ئاپتورلار ئۆز مىللىي تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە ، بەزىلىرى “ ساكا “ / “ سكىت Sacae ) “ ياكى ( Scyt ۋە بەزىلىرى “ سكىف ( Scytha ) “دەپ يازغان . پەقەت ھىرودوت “ ساكا “ دەپ يازغان “ . سكىت “ بىلەن “سكىف “ بىر سۆزدۇر . يۇنان تىلىدا “ سكىف ـ “ تاغ مەنىسىنى بىلدۈرسە كېرەك . چۈنكى ، يۇنان تىلىدا “ سكىف ئالان “ دېگىنى “ تاغ ئالانلىرى ) “ ياكى تاغلىق ئالانلار ( ، “ئائورس ئالان “ دېگىنى “ قەلئە ـ قورغان ئالانلىرى “ دېگەنلىكتۇر .

“ ساكا “ دەپ ئاتالغان بۇ خەلق بۇرۇنقى زاماندا ئورال تېغى ئېتەكلىرىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈن ، تۈركىي تىلدا “ تاغ ئېتىكى “ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان “ ساقا “ سۆزى ئۇلارغا نام بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم . ئۇ زامانلاردا قەۋم ـ قەبىلىلەرگە كۆپىنچە ئۆزلىرى ياشىغان جايلار ( جىلغا ، دەريا بويلىرى . . . ) مىللىي نام بولۇپ قالاتتى

يۈيىسى ، يۆسى ( يۆجى / رۇتزى )

خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلغان بۇ نام خەلق نامىدۇر . شۇنداقلا بۇ خەلق ئۆزى قويغان ياكى قوشنىلىرى قويغان نامدۇر . تارىم ئويمانلىقىغا شەرقتىن كەلگەن قەۋم يۈيىسى ئىدى . يۈيىسى氏 ( 愚ئەڭ قەدىمكى يېزىلىشى بولۇپ ، بۇ ci ـ gu دەپ ئوقۇلىدۇ . مىلادىيىدىن تەخمىنەن 3 ـ 4 ئەسىر بۇرۇن ، بۇ خەلقنىڭ نامى “ يۆسى ) “ يۆجى / رۇتزى ) دەپ يېزىلىدىغان بولغان . بۇ خەلق ئاساسەن قۇلان تېغى ( گەنسۇدا ) ۋە كۆكنۇر بويلىرى ھەم قۇرۇقتاغنىڭ شەرقىدە ياشايتى . يۆجى 月氏 مۇ تەلەپپۇز بويىچە تەرجىمە قىلىنغان نام . ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا yue ـ zhiدەپ ئوقۇلىدۇ . قەدىمكى زامانلاردا بولسا ، تەخمىنەن يېرتسى ، يورجى ، ئۇۋەتجى ، ئىئەتجى دەپ ئوقۇلاتتى “ . يۆ “ خېتى مىلادىيىدىن كېيىن ـ ngiwo نگو دەپ ئوقۇلغان . ئىران تىلىدىكى “ ئاگوز “ نى خەنزۇچە “ ئايۆ ) “ ئايۆخۇن ) دەپ يازغان . تۈركىي قەبىلىلەردىن “ چۇگۇل / چىگىل “ نى “ چۇيۆ “ ، يەر نامى “ كۇنگۈس “ نى “ كۆگيۆ

"دەپ يازغان . دىمەك ، " يۆ " خېتى kus , got , goz , gil دەپ ئوقۇلغان . ( پېگىينچە يېزىلغان ئۇ ، ئۇ ھەرپلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان سىزىقچىلەرنى چىقىرالمىدىم ، تۈزۈتۈپ ئوقۇغايسىزلەر " ( . يۈيسى " ياكى " يۆجى " نىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىنى مۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇ . 1 ـ يۈيسى ـ گۈز ( ئۆكۈزنىڭ قىسقارتىلمىسى ) بولۇپ ، كېيىن ئوغۇز / غۇز ئاتالغان خەلقنىڭ نامى " . گۈيسى " ياكى " گۈيزى ) " كۈچا ) دېگەن ناممۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ، دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ . 2 " ـ يۆجى ـ " بىر خىل قىياستا " گۈز / " "ئۆگۈز " يەنى " ئوغۇز " بولۇپ ، " يۈيسى " نىڭ كېيىنكى ئاتىلىشى ، بۇ بىر خىل قاراش . ئىككىنجى خىل قاراشتا " يۈرتەچى " ـ " كۆچۈپ يۈرگۈچى ، كەزگۈچى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . شۇنىڭدەك " يورتچى " دەپ ئوقۇلىدىغان بولسا ، سۆرۆلۈپ يۈرگۈچى ، ئاستا يۈرگۈچى مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ .

رۇەن رۇەن ياكى رو رو لار بولسا ئاۋارلاردۇر

ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرى ـ تىغراق ( تىغار ، تەگرە ، تۈركۈ ( قويار قوش ( ياكى قوچى قوريار ) ، ئوغۇر قۇن ( ئوغۇز كىشىلىرى ) بايقال ـ ئېدىل ، ئالتاي بويلىرىدىكى كەڭ يايلاقتا ۋە يارىش يازىقى ( جوڭغارىيە ) ئويمانلىقىدا ياشىغان ؛ ئېتنىك مەنبەلەردىن يەنە بىرى ـ گۈز ( ئۆگۈز ( ، " كۆچ " ، " يورتچى " ، تىك ـ سار ، توخرى ۋە ئاۋارلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ، تارىم ئويمانلىغىدا ياشىغان . شۇڭا ، ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ قەۋم ـ قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقانلىغى ئۈچۈن " توققوز ئۇيغۇر " ياكى " توققوز ئوغۇز "دەپ ئاتالغان .

## ئىككىنجى باب

## قەدىمكى دىنىي ئېتىقادلار

ئىنسانىيەت تەرەققىي قىلىپ قەدىمكى ئادەملەر باسقۇچىغا يەتكەندە ، ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرى بىخلىنىپ چىققان . بۇ باسقۇچ ئارخېئولوگىيە جەھەتتىن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتورا باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ . بۇ چاغدا قەدىمكى ئادەملەر خېلى ئۇزاققىچە غار ـ ئۆڭكۈرلەردە نىسبىي ھالدا ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان . كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا ، مۇز دەۋرى " )توپان بالاسى ( " ئۆتكەندىن كېيىن ، ھاۋارايى ئىللىپ ، ئىنسانلار غار ـ ئۆڭكۈرلەردىن چىقىپ ، تۈزلەڭلىكلەردە ياشىغان ياكى باشقا جايلارغا كۆچۈپ يۈرىيدىغان بولغان . شۇنىڭ بىلەن پائالىيەت دائىرىسى كېڭەيگەن . مۇز ئېقىن تەسىرىگە بىۋاستە ئۇچرىمىغان رايونلار )جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ( دا ئادەملەر چىدىر ـ ساتمىلارنى تىكىپ ، كۆچمەن ئوۋچىلىق ۋە يىغىمچىلىق بىلەن ياشىغان . بارا ـ بارا ئىپتىدائى گۇرۇھلار ئۇرۇق بولۇپ شەكىللەنگەن . مانا بۇ دەسلەپكى ئانىلىق ئۇرۇقلىرى ئىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئانىلىق ئۇرۇق جامائەسى ۋۇجۇتقا كېلىپ ، بۇ جەمىيەتنىڭ تۈپ بىرلىكى بولدى . ئۇرۇق ئەزالىرى تۇرالغۇ ، ئەمگەك ، ئىستىماللاردا بىللە ياشايتى .

ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتى ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى بارغانچە زىچلاشتۇرغان . ئادەملەر ئۆلۈم

ھادىسەلىرىنى چۈشەنمەيدىغان چاغلىرىدا ، ئۆلگەن ھەمراھ ۋە تۇققانلىرىنىڭ ئەرۋاھلىرى ئۆلمەيدۇ ، دىگەن ئۇقۇم تۇغۇلغان . شۇنىڭ بىلەن ، ئۆلگەنلەرنى ئەسلەيدىغان بولۇپ ، دەسلەپكى يەرچۈلار ( قەبرىلەر ) ۋۇجۇدقا كەلگەن . جەسەدنى كۆمۈشنىڭ بەلگىلىك ئۇسۇلى پەيدا بولغان . ھەتتا جەسەدنى قەبرە بۇيۇملىرى بىلەن كۆمگەن . مانا بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، دىنىي چۈشەنچىلەر بىخلانغان .

ئۇرۇقداشلىق جەمىيتى بىلەن بىللە ئۇرۇقلارنىڭ تۇتېملىق چوقۇنۇشلىرىمۇ پەيدا بولغان . ئۇرۇق ئەزالىرى ئۆز ئەجدادلىرىنى مەلۇم ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك بىلەن ئالاقىسى بار دەپ ئىشەنگەن . ئەنە شۇ ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك ئۇلارنىڭ تۇتېمى بولۇپ قالغان . تۇتېم ئۇرۇقنىڭ ھامىيسى ھىساپلىنىپ ، ھەر ـ خىل قورال ـ سايمانلار ۋە بىنالارغا تۇتېمنىڭ بەلگۈسى سىلىنغان . دىمەك ، تۇتېم ئۇرۇقداشلىق جەمىيتىدە پەيدا بولغان تەبىئەتكە چوقۇنۇشتۇر .

. **1**قەدىمكى دىنىنىڭ ماھىيتى ۋە خۇسۇسيىتى

باشقا تۈركىي خەلقلىرىگە ئوخشاش ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى قەدىمكى دەۋىرلەردە تۈرلۈك دىنلارغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن . ئۇلارنىڭ دەسلەپكى دىنى شەكلەن ناتورالىزىم ، يەنى تەبىئەتپەرەسلىك ، ماھىيەتتە بولسا سىمۋولىزىم ، يەنى تىمسالچىلىق ئىدى . قەدىمكى خەلقلەر "جەمىيەتكە ۋە ئۇنىڭ تەشكىلىگە تىمسال ( سىمۋول ) دەپ ھىساپلىغان نەرسىلەرگە تېۋىناتتى . توتېمىزىم دەۋرىدە مۇنداق تىمساللار ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر بولسا ، ناتورالىزىم دەۋرىدە ، تەبىئى مەۋجۇدات ۋە ھادىسىلەر ئىدى . " بۇ بارا ـ بارا تەرەققىي قىلىپ ، مەلۇم ئىشەنچ ۋە يۇسۇن تۇسىنى ئېلىپ ، رەسمىي دىنىي ئەقىدىلەرگە ئايلانغان

ئۇرۇقداشلىق جەمىيتىدە ، ئاۋال ئاياللار ئالاھىدە ئورۇن تۇتقانلىغى ئۈچۈن ، ئاياللارنى مۇقەددەس بىلىش چۈشەنچىسى پەيدا بولغان . ئايال روھاناتىغا تېۋىنىش ئانىلىق ـ ئۇرۇقداشلىق جەمىيتىدە مەنىۋىي مەدىنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ شەكىللەنگەن . ئانىلىق ـ ئۇرۇقداشلىق جەمىيتىدىكى بارلىق مەنىۋىي مەدىنىيەت مەركىزى جەمىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىغا باغلىق ھالدا ۋۇجۇدقا كەلگەن . باشلانغۇچ جەمىيەتتە ، ئېلگىرى ئەرلەر ئوۋچىلىق بىلەن ، ئاياللار يىغىمچىلىق ياكى ئىپتىدائى دىھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى . ئاياللارنىڭ ئەمگىگى تۇرمۇش ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالەت ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئىجتىمائى ھاياتتا يۇقۇرى ئورۇن تۇتاتتى . ئانىنى قەدىرلەشتىن ئانا روھاناتىغا تېۋىنىش كېلىپ كېلىپ چىقتى . ئانا روھاناتى بارا بارا سىرلىق قۇدرەتكە ئايلاندى . يەر يۈزىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا ياشىغان تۈرلۈك قەۋملەر ئىچىدە بۇ ئومومىي ھادىسە ئىدى . مەسىلەن ، قەدىمكى گرېكلەردە ئايال مەئبۇدە ئادىنە ئەقىل ـ پاراسەت مەئبۇدىسى ئىدى . ياپونلاردا ئايال كاھىن مەئبۇد بىلەن كىشىلىك ئارىسىدىكى ۋاستىچى دەپ ئۇلۇغلىناتتى .

ئىپتىدائىي جەمىيەت ئانىلىق ـ ئۇرۇقداشلىق باسقۇچىغا ئۆتكەندە ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئارقىسىدا ، دىنىي چۈشەنچىلەرنىڭ دائىرىسىمۇ كېڭىيىشكە باشلىدى . ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىغىمۇ تەسىر قىلدى . بالدۇر جۇپلۇك نىكاھ شەكلى " قىزغا بېقىنىش ) " يىگىت قىزنىڭ ئۆيىگە كىرىش ) ئىدى .

ئەمدىلىكتە بۇ شەكىل ئالماشتى . ئۆي ئىشلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ، ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئۆيىدە ئۇزاق تۇرۇۋېرىشىگە توغرا كەلدى . جۈپلۈك نىكاھ بارا ـ بارا ئۆزگىرىپ ، بىر ئەرگە بىر خوتۇنلۇق تۇرمۇش شەكىللەندى . قانداشلىق سىستېمىسى ئاتىغا قاراپ سانىلىدىغان بولدى . ئاتىلىق ئۇرۇق جامائەسى ياكى ئاتىلىق ئوغۇش جامائەسى بىر ئەجدەتتىن كېلىپ چىققان بىر قانچىلىغان ئەر ـ خوتۇنلۇق ئائىلىدىن تەركىپ تاپىدىغان بولۇپ ، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشتا ، ئىستېمالدا ئورتاق بولدى . دىنىي چۈشەنچە جەھەتتە ، ئەجداد روھاناتىنى ئۇلۇغلايدىغان ئەقىدە شەكىللەندى ـ دە ، ئەجداتقا تېۋىنىش مانىزىم ( Manism ) دەپ ئاتالدى .

كىشىلەرنىڭ هايۋانلار ، ئۆسۈملۈكلەر ۋە تەبىئىي هادىسىلەر ( ئاي ، كۈن ، يۇلتۇز ، ئوت ، چاقماق ۋە باشقىلارمۇ تەبىئىي هادىسىلەر جۈملىسىدىن ) گە تېۋىنىش چۈشەنچىسى يۈكسىلىپ ، روھاناتقا ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭدىن تەرەققىي قىلىپ ، ئاشۇ مەخلۇقاتقا ۋە هادىسىلەرگە هۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قۇدرەت بار دېگەن ئېتىقاد كېلىپ چىقتى . ئەنە شۇنداق قۇدرەت ئىگىسىنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز "تەڭرى " دەپ ئاتىدى . بۇ ھەقتە ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىي " تۈركىي تىللار دىۋانى ـ 3 ) " توم ) دا شۇنداق دەيدۇ . . . " ئاسماننى تەڭرى دەيدۇ . ئۇلار كۆزلىرىگە چوڭ كۆرۈنگەن ھەر قانداق نەرسىنى ـ ـ ئېگىز تاغ ، يوغان دەرەخلەرنىمۇ تەڭرى دەيدۇ . شۇڭا ، بۇنداق نەرسىلەرگە سەجدە قىلىدۇ . ئۇلار يەنە بىلىملىك ئادەملەرنى تەڭرىكەن دەيدۇ " .

دەسلەپتە ، كۆپ تەڭرىچىلىك ( پولىتېزم ( Polytheism دىنى پەيدا بولدى . جەمىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا ، ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇرى ۋە ئەقىدىلىرى تېخىمۇ يۈكسىلىپ ، دىنىي چۈشەنچىلەر مەركەزلەشتى . كۆپ تەڭرىچىلىكتىن ئۈچ تەڭرىچىلىك ، ئىككى تەڭرىچىلىك ۋە بىر تەڭرىچىلىك كېلىپ چىقتى . جەمىيەتنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا ئىنسانىيەتنىڭ دىنىي ـ پەلسەپىۋىي قاراشلىرىدا تېئولوگىيە ئالاھىدە بىر پەن بولۇپ شەكىللەندى . بۇ يۇنانچە teos )تەڭرى ) ۋە( logos سۆز ) دېگەن ئىككى سۆزدىن ياسالغان ئاتالغۇ بولۇپ ، " تەڭرىچىلىك ) "ئەرەبچىدە ئىلاھىيەت ( مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ

## 2 .ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلار

### توتېمىزم

توتېمىزم ـ توتېمغا تېۋىنىش . توتېم ( totem ) ئىندىئان تىلىدا " قاياشى " ، " تۇغقىنى "، " جەمەتى " دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئىپتىدائىي جەمىيەتتە ، ئالتاي ـ ئورال تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان باشقا قەدىمكى خەلقلەرگە ئوخشاش ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمۇ ھەر ـ بىر ئۇرۇقنىڭ مەلۇم شەيئى بىلەن ئالاھىدە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار دەپ ئىشىنەتتى ؛ مەزكۇر شەيئى ( كۆپىنچە هايۋانلار ) شۇ ئۇرۇقنىڭ توتېمى ـ ھىمايىچىسى ۋە تىمسالى بولۇپ قالغان . مەسىلەن ، تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبلىرىدا ياشىغان " قوش " ئېلى ئۆكۈزنى خاسىيەتلىك ھىساپلايتى . ئۇلار بىرەر ھەركەت قىلماقچى ( ھەربىي يۈرۈش ۋە كۆچۈش ھەركەتلىرى ) بولغاندا ، ئاۋۋال قوش ( بىر جۈپ ئۆكۈز ) نى قويۇپ بېرىدىكەن . قوش بېرىپ

چۆككەن يەردە ماكان تۇتىدىكەن . جەڭدە قوش ئالغا ئىلگىرلىسە يۇرۇش قىلىشۇرىدىكەن . شۇڭا ئۇلار " قوش قويارلار " دەپ ئاتالغان ئىكەن . بۇنى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا " گۇيەن گۇشى ) " كېيىن جۇشى ~ چېشى ) قىلىپ يېزىلغان " . تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ توغرا تەبىرى "ۋە فېي تېپىنىڭ " شەرھنامە " سىدە يېزىلىشىچە ، " قوش " بىلەن " گۇش " ئىككىسى بىردۇر " . گۇ " بىلەن " گۇ ) " جۇ ) نىڭ تەلەپپۇزى يېقىن ؛ بۇ ئېھتىمال " ئۆگۈز ) "ئوغۇز ) نىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر . بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، " قوش قويارلار " نىڭ قەدىمكى زاماندىكى توتېمى " ئۆكۈز " بولسا كېرەك . قەدىمكى قەۋملەر ئىت ، ئېيىق ، يولۋاس ، بۆرە ، كىيىك ، ئۆكۈز ، قۇشلارنى توتېم دەپ تونۇپ ، شۇلارغا ، ھەتتا ئەپسانىۋىي جانىۋار ـ ئەجدىھاغا تېۋىنغان . ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ، يېيىش قەتئىي مەنئى قىلىنغان ( ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى ئىت ، كىيىكنى توتېم قىلىپ تېۋىنىدۇ ) . بەلگىلىك چاغلاردا توتېمغا تېۋىنىش رەسمىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلگەن . مەھمۇد قەشقەرىي " " باراق ) " بىر خىل ئۇۋ ئىتى ( توغرىسىدا مۇنداق ئىزاھلىغان ؛ " باراق ـ پاخماق يۇڭلۇق ئۇۋ ئىتى ، تۈركلەرنىڭ ئېتىقادىچە ، بۇركۇت قېرىغاندا ئىككى تۇخۇم تۇغۇپ ، ئۇلارنى باسار ئىمىش ؛ تۇخۇملارنىڭ بىرىدىن باراق ئاتلىق كۈچۈك چىقار ئىمىش ، ئىتلارنىڭ ئەڭ يۈگرۈكى ۋە ھەممىدىن ئوبدان ئۇۋ قىلالايدىغىنى شۇ باراق ئىتى بولار ئىمىش ؛ ئىككىنچى تۇخۇمدىن بۇركۇتنىڭ چۈجىسى چىقار ئىمىش ، بۇ ئۇنىڭ ئانىرقى چۈجىسى بولار ئىمىش " ) " تۈركىي تىللار دىۋانى " ، ـ **1**توم ) . دېمەك ، بۇ رىۋايەت " ئىت " توتېمنى ئالغان سارقىت بولسا كېرەك . توتېملارنىڭ ئاتلىرى قاياش ـ جەمەتلەرگە نام قىلىنغان . زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن توتېملار خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا باغلىق ئاساتىر ـ ئەپسانىلەرگە ئايلانغان . كېيىنرەك بەزى مەخلۇقلار خەلقنىڭ قەدىرلەيدىغان ، مۇقەددەس ياكى قۇتلۇق دەپ ھساپلايدىغان جانىۋارلىرىغا ئايلانغان . مەسىلەن ، ئۇيغۇرلار ھەتتا 7 ـ ، **8** ـ ئەسىرلەردىمۇ توغرۇل قۇشى ( شۇڭقاردىن چوڭراق قۇش ) نى ئەزىزلىگەن ؛ شۇڭا " ئۇيغۇر " سۆزىنى خەنزۇچە خەتتە ئىپادىلەشتە " توغرۇل " مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ( خۇ ( 鹘 خېتىنى قوللىنىش توغرىسىدا مەلۇم شەرتنامىلەر تۈزۈلگەن . بۇ قۇشنىڭ نامى بەزى ئەرباپلارغىمۇ ئات قىلىپ قويۇلغان ( مەسىلەن ، توغرۇل تېگىن دېگەندەك ) . ئوغۇز خان ئەۋلادىدىن كۆك خان ئۇرۇقلىرى لاچىنىنى ، ئاي خان ئۇرۇقلىرى قارچۇغىنى ، كۈن خان ئۇرۇقلىرى شۇڭقارنى ، دېڭىز خان ئۇرۇقلىرى چاقىرنى ئۇلۇغلىغان . توتېمىزمغا چېتىشلىق بولغان ئۇيغۇر ئاساتىر ـ ئەپسانىلىرىدا ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بۆرە ، دەرەخ ، قۇتلۇق نۇردىن تۆرەلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ ـ 3 ) بابتا سۆزلىنىدۇ (

ئۇنىڭدىن كېيىن ھۇنلار ، غۇزلار ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە ئايلانغان بەزى قەۋملەر ( تارىم ئويمانلىقىغا كېلىپ ماكانلاشقان دىك ـ سىر ، يەنى دى ، چياڭلار ۋە يۆزى ، يەنى گۆزلەر ) ئەجدىھانى ئۇلۇغلايدىغانلىقى تارىخىي خاتىرىلەردە قەيت قىلىنغان " . خەننامە " دە ھۇن تەڭرىقۇت ئوردىسىنى ئەجدىھا شەھىرى دەپ يازغان . ( ياپون ) لوڭچۇەن زىيەننىڭ "تارىخنامە شەرھىيلىرىنىڭ دەلىللىرى " دىگەن ئەسىرىدە يېزىلىشىچە ، تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ جەنۇبىدا تاللۇر ئوخ دىگەن كۆل بار . كۆلدە ئەجدىھا بار ئىمىش . شۇڭا ، 5 ـ ئايدا شۇنىڭغا

ئاتاپ نەزىر قىلىدىكەن . . . سۈي كونىك دىيىشچە ، غەرب غۇزلىرى ئەجدىھاغا تېۋىنىدۇ . شۇ سەۋەپتىن يېغىلىش ئورنىنى ئەجدىھا شەھىرى دەيدۇ " . كېيىنكى خەننامە " دە ، ھۇنلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ھەر يىلى ئۈچ ئەجدىھا ئىبادەتخانىسىدا كۆك تەڭرىگە نەزىر قىلىدۇ ، دەپ يېزىلغان .

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئەجدىھا بىلەن يالماۋۇز سۆزلىرى مەنداش قوللىنىلىپ " بۆكە " دەپ ئاتالغان . مەسىلەن ، " تۈركىي تىللار دىۋانى ـ 3 ) " توم ) دا مۇنداق ئىزاھلانغان ؛ "بۆكە ـ ئەجدىھا ، يالماۋۇز . يەتتى باشلىق يەل بۆكە ـ يەتتە باشلىق يەل بۆكە . " يالماۋۇز كېيىن جانلىق تىلدا " يەلمۆگۈز " بولۇپ كەتكەن . 8 ـ ئەسىردە خەنزۇ تىلىدىكى " لوڭ ) "ئەجدىھا ) ئۇيغۇر تىلىدا " لۇ " دەپ قوبۇل قىلىنغان " . يۇياڭ زازۇ " دىگەن كىتاپتا ، ئىككى يەردە كۈچار ئەجدىھاسى توغرىسىدا بايان قىلىنغان . ئېيتىلىشىچە ، قەدىمكى كۈچار پادىشاھى ئاجۇر ئاقتاغنىڭ شىمالىدىكى ئەجدىھانى ئۈچ قېتىم تەسلىم قىلغانىمىش ؛ كېيىن ئەجدىھانى مىنىپ ساياھەت قىلغانىمىش .

" ۋېينامە " دە تۇيغۇنلار ئارىسىدا ئەجدىھا ئات ، ئەجدىھا تاي توغرىسىدا تارقالغان رىۋايەت قەيت قىلىنغان . ئېيتىلىشىچە ، كۆكنۇرنىڭ ئايلانمىسى 1000 چاقىرىمدىن ئاشىدىكەن . كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك تاغ بار ئىكەن . ھەر يىلى قىشتا مۇز تۇتقاندا ، ياخشى بايتاللارنى ئاشۇ تاغقا ئاپىرىپ قويىدىكەن ؛ باھاردا ياندۇرۇپ كەلگەندە ھەممە بايتاللار بوغاز بولىدىكەن ـ دە ، تۇغقان تايلىرىنى ئەجدىھا پۇشتى ، دەپ ئاتايدىكەن . تۇيغۇنلار پارس ئېتىنى قولغا كەلتۇرۇپ كۆلگە قويۇپ بېرىپتىكەن ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان تاي كۈنىگە 1000 چاقىرىم يۈرىدىكەن . شۇنىڭ بىلەن جاھاندا كۆكنۇر قۇلىنى دىگەن رىۋايەت تارقالغان ئىكەن

مانا

ئىپتىدائى جەمىيەتتە تۈركىي خەلقلەر ، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا كەڭ تارقالغان " مانا "دىيىلگەن بىر مەنىۋىي قۇۋۋەت بار ئىدى . بىرەر نەرسىگە ئۆز ئىشلىرىنى باغلىق دەپ قاراپ ، شۇ نەرسىنى مۇقەددەس دەپ بىلەتتى . كىشلەر بىزگە ياخشىلىق ياكى مەنپەئەت يەتكۈزگەن شەيئى دەپ مۇقەددەس ھىساپلىغان ئۈسۈملۈك ( مەسىلەن ، بىرەر دەرەخ ) ، تەبىئى مەۋجۇداتتىن ياكى تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن بىرەرسىنى " تەڭرى " دەپ بىلىپ شۇنىڭغا تېۋىنغان . چۈنكى ، شۇ نەرسىدە مەنىۋىي قۇۋۋەت بار ، ئۇ بىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ . دەپ ئىشىنەتتى " . مانا "قەدىمكى لاتىن تېلىدا " ( manes ) روھ " ، " ئەرۋاھ " ، " جان " ، " كۆزگە كۆرۈنمەس نەرسە " ، " ئۇ دۇنيالىق " دىگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ " . مانا " ھازىر ئوكئانىيە مىللەتلىرىنىڭ تىللىرىدا " جىن _ ئالۋاستى " ، " نەسلىك " دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىكەن . دىمەك ، ئىپتىدائى جەمىيەتتە " مانا " سۆزى " مەنىۋىي كۈچ " ، "تەڭرى قۇدرىتى " دەپ چۈشىنىلگەن .

ئۆز

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكىي ئەجدادلىرى " ئۆز " گە ئىشىنەتتى . ئادەمنىڭ بەدىنىدە " ئۆز " بار دەپ بىلەتتى .

ئىپتىدائى ئادەملەر ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىگىنى بىلسىمۇ ، بارچە تىرىكلىكنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىنى چۈشەنمەيتى . ئەمما ، ئىنسان ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتنى قانداقتۇر جانلىق مەۋجۇدات سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلاتتى . ئۇرۇق - قەبىلىلەر روھنىڭ بارلىقىنى ۋە مەڭگۈلۈكلىگىنى شۇ زامان سەۋىيەسىگە يارىشا قىياس قىلاتتى . بۇنىڭغا " ئۆز " دەپ نام بەرگەن ئىدى . بۇ سۆز ھازىرمۇ ئۇيغۇر تىلىدا " ھۇش ، خۇد ، ئەس " مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ . مەسلەن " ئۆزىدىن كەتمەك ) "ھۇشىدىن كەتمەك ( ، " ئۆزىگە كەلمەك ) " ھۇشىغا كەلمەك ) ۋە باشقىلار

ئۇرۇش ۋەقەلىرىدىن خاتىرىلەر

بوستانغا يوللىغۇچى : بوستان

ئوگەن دەرياسى ئىش ئورنىدىكى قوزغىلاڭ

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى) كۇچانىڭ ئوگەن دەرياسى بويىدىكى سۇ قۇرۇلۇش ئورنىدا ، ئاشلىق سېلىقنى تولىيالمىگەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر، خۇيزۇ دېھقانلىرى مەجبۇرى هالدا هاشارغا ئىشلىتىلدى. ئاچلىق، ھېرىپ ـ چارچاش ۋە تىل ـ تاياق دەستىدىن ئۇلاردىن كوپلىگەن ئادەم ئولۇپ كەتتى، لېكىن ئىشقا نازارەتچىلىق قىلىدىغان ئەمەلدارلار، بەگلەر چېدىرلىرىدا بولىشچە يەپ ـ ئىچىپ كەيپ ـ ساپا قىلىشتى. هاشارچى دېھقانلار سەۋرى ـ تاقەت قىلىپ تۇرالماي، توخنياز قارى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى بىلەن بىر ئاخشامدىلا ئىشقا نازارەتچىلىك قىلغۇچى ئىككى نەپەر مانجۇ، خەنزۇ ئەمەلدار ۋە 15 نەپەر ئۇيغۇر بەگنى ئولتۇردى. قورالىق قوزغىلاڭ تېزلا كۇچا شەھرىگە كېڭەيدى. 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كەچتە شەھەر سىرتىدىكى ھەر مىللەت دېھقانلىرى قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشۇپ، ماسەنباۋ، مالۇڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېقىن ئەتراپتىكى ھەربىي راباتلارنى ۋە شەھەر بويىدىكى سودا دۇكانلىرىنى كويدۇرۇۋەتتى ھەمدە شەھەر ئىچىگە يۇرۇش قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قوزغىلاڭچى ئاما شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، خان ئامبال سالتىئا، سەپەر ئۇستىدە كۇچاغا چۈشكەن يېڭىسارنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى ۋېن يى، يەكەننىڭ ياردەمچى ئامبىلى ۋۇرېنبۇ قاتارلىق چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ھەمدە كۇچانىڭ ئىناچخانى ئەھمەت ۋە ھاكىمبەگ قۇربان قاتارلىق سەككىز بەگنى ئولتۇردى. چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىنىڭ كۇچا شەھرى ئىچىدىكى ھوكۇمرانلىقى تېزلا ئاغدۇرۇلدى. كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەشئىلى بۇگۇر، باي، كورلا قاتارلىق جايلارغا كۆرەش ئوتلىرىنى تۇتاشتۇردى. دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى تېزلا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا كېڭەيدى .

1857 ـ يىلىدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 1 ـ يىلىدىن 4 ـ يىلىغىچە (1851 ـ يىلدىن 1854 ـ يىلغىچە) كۇچا، شاياردىكى بەگلەر مازار، ھوكۇمەت ئىمارىتى، ھەربىي رابات سېلىش، ئوستەڭ قېزىش ۋە قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ گەدىنىدە قالغان ئاشلىق ئالۋىنى قاتارلىق خىراجەتلەرنى تولۇقلاپ تاپشۇرۇش نامى بىلەن جازانخورلاردىن2811 تېزىق 850يارماق قەرز ئالدى. بۇ پۇلنىڭ كوپ قىسمىنى بەگلەر ئوزلىرىنىڭ چونتىكىگە سالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى دېھقانلارغا چاچماقچى بولدى، بۇ پۇلنى تولەشكە قۇربى يەتمىگەن دېھقانلار مەمتىلى، نىياز دىگەن ئىككى كىشىنى ۋەكىل قىلىپ سايلاپ، ئەرز قىلىش، تەلەپ قويۇش ئۈچۈن يوشۇرۇن ھالدا ئىلىغا ئەۋەتتى. ھوكۇمەت مەھكىمىسى بەگلەرگە>> باشقا ئالۋان ـ سېلىقلارنى سالماسلىق<<توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كۇچا، شايار قاتارلىق جايلاردىكى بەگلەر خەلقنى شىلىشنى بوشاشتۇرمىدى.

شيەنفېڭ 6 ـ يىلى (1856 ـ يىلى) قىشتا ھاكىمبەگ ئەمەت باشقۇرغۇچى بەگ ئەلى قاتارلىقلارنى قوناس كەنتىگە ئىجارە ئاشلىقى ۋە ھەرخىل باج ـ سېلىقلارنى سۈيلەشكە ئەۋەتتى. ئىبراھىم شەيخ بىلەن مەمتىلى ئاممىغا باشلامچىلىق قىلىپ، ئۇلارغا قارشىلىق كورسەتتى ۋە ئەلىنى باغلاپ قاتتىق ئۇرغاندىن كېيىن قويۇپ بەردى. ئەمەت قاتتىق ئاداۋەت ساقلاپ، كۇچا خان ئامبىلى ئۇرچىڭئا بىلەن تىل بېرىكتۇرۇپ، ئىبراھىم شەيخ بىلەن مەمتىلىنى يامۇلغا ئەكەلدۇرۇپ جازالىماقچى بولدى ۋە يۇز بېشى ھېيت تۇردى قاتارلىق كىشلەرنى ئۇرچىڭئانىڭ تەكلىپنامىسىنى كوتىرىپ بېرىپ، تەكلىپ قىلىش نامى بىلەن ئىككىيلەننى ئالداپ قولغا چۇشۇرۇشكە ئەۋەتتى. مەمتىلى بىلەن ئىبراھىم شەيخ بۇ نەيرەڭنى بىلىپ قېلىپ، تەكلىپنامىنى كىشلەرنىڭ كوز ئالدىدىلا يىرتىپ تاشلىدى .ئۇرچىڭئا ئۇلارنى تۇتۇشقا يەنە ئىككى ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار دېھقانلارنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ، پەرىشان ھالدا قېچىپ كەتتى. ئۇرچىڭئا نائىلاج دىھقانلارنىڭ >>تېگىشلىك بولمىغان باج ـ سېلىقلار قايتا سېلىنمىسۇن <<دىگەن تەكلىپىگە ماقۇل بولدى .

2 ـ ئايدا ئۇرچىڭئا كۇچا، شاياردىكى ھاكىمبەگلەر بىلەن تىل بېرىكتۇرۇپ، مەمتىلى بىلەن ئىبراھىم شەيخنى قولغا ئالماقچى بولدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان دېھقانلار توپلىشىپ، ھاكىمبەگ يامۇلغا بېسىپ كىرىپ، ھاكىمبەگ بىلەن چاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ھەيدىۋەتتى، 7 ـ دەرىجىلىك بەگ قادىرنى گورۇگە تۇتۇۋالدى.

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۇنى ئىبراھىم شەيخ بىلەن مەمتىلى پەيزىۋات كەنتىدە نەيزە ـ ئوقيا، كالتەك ـ توقماق كوتەرگەن 2000دىھقاننى توپلاپ، بۇيرۇقتا بىنائەن>> تىنچلاندۇرۇش <<ئۇچۇن كەلگەن يېڭى ھاكىمبەگ قۇربانغا مۇنداق بەش تۇرلۇك تەلەپ قويدى: بىرىنچى، بەگ، ئاخۇنلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش؛ ئىككىنچى، تۇتقۇن قىلىنىپ خورلىنىۋاتقان خوتۇن ـ قىزلارنى قويۇۋېتىش؛ ئۇچىنچى، ھوكۇمەتنىڭ بەش خىل سېلىقىدىن باشقا سېلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلىش؛ توتىنچى، يامۇللاردىكى مۇسۇلمان گاشخا(يايى)، يانچىلارنى بىكار قىلىش؛ بەشىنچى، بەگ، تەرجىمانلار ئوز ئالدىغا ئىگىلىۋالغان پەيلۇردىكى ھوكۇمەت بىدىلىكنى پۇتۇنلەي قايتۇرۇپ بېرىش.

ئۇرچىڭئا نائىلاج 200دىن ئارتۇق خوتۇن ـ قىزنى قويۇپ بەردى .ئەمەت بىلەن تەرجىمان يۇسۇپنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ھەمدە ئېلان چىقىرىپ، چاڭگا، قۇناس كەنتلىرىگە چاپلىدى. لېكىن ئۇزاق ئوتمەي، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان بەگلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۇردى، يەنە مەخپى پىلان تۇزۇپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى باستۇرماقچى بولدى.

مەمتىلى بىلەن ئىبراھىم شەيخ پائال تۇردە قوشۇن تەشكىللەپ، ئاشلىق، ئات ـ ئۇلاغ تەييارلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قەشقەر تەۋەسىدىكى ئاتۇش مىس كېنىدا قوزغىلاڭ كوتۇرگەن كان ئىشچىلىرى بىلەن بىرلىشىش ئۇچۇن ئادەم ئەۋەتىپ، كۇچا شەھرىگە شەرق ۋە غەرپ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىرى. 3 ـ ئاينىڭ ـ 13 كۇنى ئىككى قوزغىلاڭچى قوشۇن كۇچا شەھرىگە 2500 مېتىر كېلىدىغان يالغۇز دەرەخ دىگەن جايدا نەچچە مىڭ ئادەم توپلىدى،>> ئۇلار قوللىرىغا قورال ئېلىپ، دۇمباق ـ بۇغرا چېلىپ، ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر قوشۇنى بولۇپ تىزىلىپ<<، شەھەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ئويلىمىغان يەردىن ھاۋا تۇيۇقسىز ئوزگىرىپ، قاتتىق بوران

چىقىپ، يامغۇر يېغىپ، كوزنى ئاچقىلى بولمىدى. يول يۈرۈش قىينلاشتى، شۇنىڭ ئۈچۈن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋاقتى كېچىكتۈرۈلدى. ئۈرچىڭئا، بىر تەرەپتىن، ياردەم تەلەپ قىلىپ ئاقسۇ، قاراشەھەرگە ئادەم ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، يەنە رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلار قوزغىلاڭچىلار قوشۇننى پارچىلىدى، يۇقىرى مۇكاپات بېرىش يولى بىلەن ئازدۇرۇپ 50 قوزغىلاڭچىنى قولغا ئالدى ۋە ئۇلاردىن 15 كىشىنى سوراق قىلمايلا ئۆلتۈرۈۋەتتى .

مەمتىلى بىلەن ئىبراھىم شەيخ قاتارلىق كىشلەر پايدىسىز شارائىتتا كۆرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇننى ئىشخلا يېزىسىغا باشلاپ كېلىپ، ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلشقا تەييارلاندى، ئۇلار ھۇجۇم قىلشقا كەلگەن 10 ھوكۇمەت ئەسلىرىنى ئۆلتۈردى، دېھقانلاردىنمۇ 30 كىشى قولغا ئېلىندى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئاقسۇ تەۋەسىدىكى قاراتال دىگەن يەرگە كەلگەندە، ئاتۇش مىس كېنىدا قوزغىلاڭ كوتۇرگەن كان ئىشچىلىرى بىلەن بىرلىشەلمىگەنلىكتىن، نۇرغۇن دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمىدى، مەمتىلى، ئىبراھىم شەيخ قاتارلىق كىشلەر بەختكە قارشى ئەسىرگە چۈشۈپ قەتلى قىلىندى، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى

سىز ئۇيغۇرمۇ ؟ قىنى سىلىشتۇرۇڭ...

بوستانغا يوللىغۇچى: ئورخۇن

تۆرلۈك مەدىنيەتلەر گىرەلىشىپ كىلىۋاتقان دۇنيادا ،سەن ئۆزەڭنىڭ مىللى روھ ۋە هازارى كىملىگىڭنى پۇختا قۇرۇپ چىقمىساڭ ،بىر ئىجتىمائى مەخلۇق بۇلۇش شەرتىڭنىمۇ هازىرلىيالمىغان بولىسەن . ئۇنداق ئەهۋالدا سەندە ئىناۋەت بولمايدۇ ....مەيلى سەن كادىر بول ،تەخنىك بول ،دۇختۇر ياكى ئىنجىنىر بول ،تەنهەركەرچى ياكى هەربى خادىم بول نەشرياتچى ياكى ئۇقۇتقۇچى بول ،تارخچى ياكى سودىگەر بول ،سەنئەتچى ياكى هۇنەرۋەن بول ، ئورخۇن تاش ئابىدەلىرىنى بىلمىسەڭ ، ئوغۇزنامە ۋە تۈركى تىللار دىۋانى نى ئۇقۇمىساڭ ،يۇسۇپ خاس هاجىپ ۋە ئەلشىر ناۋايىنى چۈشەنمىسەڭ ، نۇزۇگۇمدىكى هايا ۋە ئىپپەتكە قايىل بولمىساڭ ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ،ئابدۇرېهىم ئۆتكۈر ،زوردۇن سابىرلانىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېگىگە يەتمىسەڭ ، يۇرتۇڭدىكى تاغ دەريالار هەققىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلىمىساڭ ،سادىرنىڭ ناخشىلىرىغا ئەگىشىپ توۋلىمىساڭ ،تارىم ۋە ئلى ۋادىلىرىغا بېرىپ باقمىساڭ ،هېيتكانى كۆمگەن بولساڭ ،تاپىنىڭ تەكلىماكان قۇملىرىدا كۆيۈپ باخمىسا ،ئون ئىككى مۇقامنى ئاڭلاپ مۇڭلانمىساڭ ، مىڭ ئۆيلەنى كورۇپ ئۆيلانمىساڭ خەلق ناخشىلىرىدىن باغرىڭ ئېرىمىسە ،مەشرەپكە قاتنىشىپ ئىچىڭ پۇشسا ،دوغقا نان تۇگۇرۇپ يەپ باقمىساڭ ،ئاتا ـ ئاناڭ خۇتۇنۇڭ ۋە بالىلىرىڭ (خەلقىڭ )ئالدىدا ئۆزۇڭنى قەرىزدار هىس قىلمىساڭ ،ئىشقىلىپ خەلقىڭ هاياتىدىكى تۇيغۇ ـ تەجرىبىلەرنى بېشىڭدىن كەچۇرمىسەڭ ،ئۆزەڭنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىگىڭدىن گۇمانلانساڭ بولىدۇ..........

بۇگۇنكى دۇنيا هەر بىر بۇسۇغىدا سەن كىم دەپ بىزدىن سورىماقتا.....................؟

ئابدۇقادىر جالالىدىنىڭ ' ئۆزىنى ئىزدەش بۇسۇغىسىدا ' ناملىق كىتاۋېدىن

## يەكەن خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

بوستانغا يوللىغۇچى:ئوردام

1. سۇلتان سەئىدخان

سۇلتان سەئىدخان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئەھمەتخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ، يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇنجى سۇلتانى بولغان. ھەمدە، 1514 ـ يىلىدىن 1533 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان .

.2سۇلتان ئابدۇرېشىتخان

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ـ 1533 يىلىدىن 1559 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان .

.3سۇلتان ئابدۇكېرىمخان

سۇلتان ئابدۇكېرىمخان سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ 2 ـ ئوغلى بولۇپ، 1559 ـ يىلىدىن ـ 1591يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان .

.4سۇلتان مۇھەممەتخان

سۇلتان مۇھەممەتخان سۇلتان ئابدۇكېرىمخانىڭ ئىنىسى بولۇپ، 1591 ـ يىلىدىن 1609 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان .

.5سۇلتان ئەھمەتخان

سۇلتان ئەھمەتخان سۇلتان مۇھەممەتخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، 1609 ـ يىلىدىن 1618 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان .

.6سۇلتان ئابدۇللەتىپخان

سۇلتان ئابدۇللەتىپخان سۇلتان ئەھمەتخاننىڭ 2 ـ ئوغلى بولۇپ، ـ 1618 يىلىدىن 1630 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان .

.7سۇلتان ئەھمەتخان

سۇلتان ئەھمەتخان5 ـ سۇلتان ئەھمەتخاننىڭ نەۋرىسى، تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ـ 1630يىلىدىن 1638 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. (ئارىلىقتا 4يىل تەختتىن چۈشۈپ كەتكەن(

.8سۇلتان مەھمۇتخان

سۇلتان مەھمۇتخان سۇلتان ئەھمەتخاننىڭ ئىنىسى بولۇپ، ئاكىسىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ 1632 ـ يىلىدىن 1635 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان .

.9سۇلتان ئابدۇللاخان

سۇلتان ئابدۇللاخان سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ نەۋرىسى، ئابدۇرېھىمخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، 1638 ـ يىلىدىن 1667 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان .

.10سۇلتان يولۋاسخان

سۇلتان يولۋاسخان ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا تەختكە چىققان سۇلتان بولۇپ، 1667 ـ يىلىدىن 1670 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان .

11. سۇلتان ئابدۇللەتىپخان

سۇلتان ئابدۇللەتىپخان سۇلتان يولۋاسخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن خانلىق تەختىگە چىقىپ، قىسقىغىنە بىر ۋاقىت تەختتە ئولتۇرالىغان.

12. سۇلتان ئىسمايىلخان

سۇلتان ئىسمايىلخان قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا تەختكە چىقىپ، 1670 ـ يىلىدىن ـ 1680 يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ھەمدە، ئافاق خوجىنىڭ دالاي لاما بىلەن كۆرۈشۈپ، غالداننىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 120مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ھوجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە يەكەن خانلىقىنى مۇنقەرزلىك پاتقىقىغا پاتۇرغان.

مەنبە: ئايمگۈل قابىلنىڭ «قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتوتى ئىلمىي ژورنىلى» نىڭ 2000 ـ يىل 2 ـ سانىغا بېسىلغان ماقالىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى

# ئەكبەر باتۇرنىڭ تەرجىمالى

بوستانغا يوللىغۇچى:بوستان

ئەكبەر قازاق، 1917 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي دىگەن يېرىدە تۇغۇلدۇ. ئۇنىڭ دادىسى قابانباي يۇرت ئىچىدە نامدار كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ كوزى چۈشۈپ، 1928 ـ يىلى ھوكۇمەت تەرپىدىن ئۆلتۈرۈلدۇ. ئەكبەرنىڭ تاغىسى قاسىم ئاكىسى قابانباي ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش كويىدا بولغاندا، سېزىلىپ قېلىپ بەختكە قارشى قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە قىيىن ـ قىستاق ئاستىدا ئۆلتۈرۈلدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەدىن يۇرىكى ئازاپلانغان ئەكبەرنىڭ قەلبىدە قىساس ئېلىش ئوتى ياندۇ.

ـ 1943يىلى شىڭ شىسەي يۇتۇن شىنجاڭ خەلقىگە ئۇن مىڭ ھەربىي ئات تاپشۇرۇش سېلىقى سالدۇ. بۇ ئىش ئەكبەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەي، نىلقا ناھىيلىك سودا شىركەت باشلىقى فاتىق بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەپ، شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ قىلىشنى پىلانلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1944 ـ يىلى باھاردا، ئەكبەر، سادىق، جاھانباي، ئوبۇلخەيرى تورە، ئوزارخان، ئەكبەرنىڭ ئىنىسى سىيت قاتارلىقلار بىرلىكتە يىغىن ئېچىپ، پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەش توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئىشنى سېزىپ قالغان قاناتبەگ دىگەن ئادەم بۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى پاش قىلىدۇ. نەتىجىدە ھوكۇمەت ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى قولغا ئالىدۇ. ئەكبەر بىلەن ئىنىسى سىيت قېچىپ، ناۋان دىگەن كىشى بىلەن سوۋېت ئىتىپاقىغا ئوتۇپ كېتىدۇ. شۇ كۇنلەردە سوۋېت ئىتىپاقىدا تۇرۇۋاتقان، فاتىق، خەمىت، رەفىقلار بىلەن سوزلىشىپ، سوۋېت چېگرا مۇداپىئە 40 ـ پولكىنىڭ پولكوۋنىكى چۇماكىندىن قورال ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ .چۇماكىن >> بىز ئوچۇق ـ ئاشكارا قوللىمايمىز. سىلەر ئات ئوتكۇزۇپ قورال ئالساڭلار بولىدۇ <<دەيدۇ. ئەكبەر سىيت، ناۋانلار بىلەن بىللە قايتىپ كېلىپ، ھوكۇمەت مۇسادىرە قىلغان ئون ئاتنى يوشۇرۇن ئېلىپ كېلىپ، سوۋېتنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى كېلىلىنكا ئارقىلىق ئۇچ دانە تاپانچا، 600تال ئوقتا تېگىشىپ، ئۇلاستايغا قايتىپ كېلىپ، پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى قۇرىدۇ. شتابقا فاتىق بىلەن ئەكبەر باشلىق بولىدۇ. ئارىدىن يېرىم ئاي ئۆتمەي پارتىزانلار سانى 34كە يېتىدۇ. بۇلار گومىنداڭنى ئاغدۇرۇپ ئېزىلگەن خەلقنى ئازاد قىلىش شوئارى ئاستىدا ھەرىكەت باشلاپ، تەشۋىقات ۋەرىقى تەييارلاپ، ئۇنى ھەر قايسى ئائىلە، مەكتەپ، مەسچىت، ۋە كوچىلارغا تارقىتىدۇ. نەتىجىدە 300دىن ئارتۇق ئادەم پارتىزانلارغا قوشۇلىدۇ .قورال ـ ياراغمۇ كوپىيىدۇ. شۇ كۇنلەردە پارتىزانلاردىن سىيت بىلەن خەمىت چارلاش ئېلىپ بېرىۋېتىپ، گومىنداڭنىڭ ئىككى نەپەر ئاخباراتچىسىنى قولغا چۈشۈرىدۇ .

ئۇلار گومىنداڭنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۇنى 50 نەپەردەك ئەسكەر چىقىرىپ، ئەكبەر قاتارلىق ئالتە >>ئوغرى<< نى تۇتماقچى بولغانلىقىنى پاش قىلىدۇ. پارتىزانلار بۇلارغا قارشى تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ پىلانىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تەرجىمان رىندۇسەينى تۇتىدۇ ۋە ئات، قورال ئولجا ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەكبەر 25پارتىزانغا قورالغا تېگىشىپ كېلىش ئۈچۈن 100 ئات بېرىدۇ. ئۇلار ئاتنى سوۋېت ئىتىپاقىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسمىغا ئوتكۇزۇپ بېرىپ،25 دانە قورال، 7500تال ئوق، 60دانە گرانات ۋە بىر قىسىم تۈرمۇش بۇيۇملىرى تېگىشىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن

كېيىن پارتىزانلار سۇبۇتاي، شاسۇر دىگەن جايغا كېلىپ، بۇ يەردىكى ئىشەنچلىك ئادەملەرنى توپلاپ، **10** ـ ئاينىڭ **1** ـ كۈنى مازاردىكى گومىنداڭ قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلدۇ. **15**ئات ۋە قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ئولجا ئېلىپ، مازارنىڭ داۋان دىگەن يېرىگە كەلگەندە، ئىلدىن كېلىۋاتقان **3**ماشىنىدىكى گومىنداڭ دوچ كېلىپ قالدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە پارتىزانلار ئۈچ ماشىنا نۇرغۇن قورال ـ ياراغ ئولجا ئالدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، توققۇزتارا ئۇرۇشى، تاشداۋان ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلاردا ئەكبەر فاتىق، سىيت، غېنى، خەمىت، رەفىق، ئىۋان قاتارلىق دوستلىرى بىلەن بىللە دۈشمەنگە قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلدۇ. **1944** ـ يىلى **11** ـ ئاينىڭ **2** ـ كۈنى قارا سۇدىكى **7** ـ قېتىملىق ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ ئىككى ئايروپىلانىنىڭ ئوققا تۇتۇشىدا، كوكسىگە ئوق تەگكەن ئەكبەر داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، **11** ـ ئاينىڭ **21** ـ كۈنى ۋاپات بولىدۇ

## ئىككى ئەسىرنىڭ ئىقرارى

ئاپتورى:توختى ئىبراھىم« ئىلى ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىدىن»
بوستانغا يوللىغۇچى:كۆسەن

**1944**-يىلى **12**- ئاينىڭ **31**- كۈنى كەچقۇرۇق كۆرە ھەربىي رايونى تىنچ يول بىلەن ئىشغال قىلىنغان چاغدا، قوماندانلار، ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېت مەسئۇللىرى قىرغىز پىدائى قوشۇنىنىڭ ھىمايىسىدە سېپىل دەرۋازىسىنى بوسۇپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل دۇدۇ يامۇلىدىكى گومىنداڭ قوماندانلىق شتابىغا كىردۇق. قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەر خىل قوراللار ئاسمان پەلەك دۆۋىلەنگەن بولۇپ، بىرمۇ ئىنسان كۆرۈنمەيتتى. سول تەرەپتىكى بىر ئېغىزلىق ھۇجرىغا كىرسەك، گاۋ سىلىڭ بىلەن چېڭ سىلىڭ بىر-بىرىنى ئېتىشىپ ئۆلۈۋاپتۇ. چېڭ سىلىڭنىڭ ئۇيغۇر تەرجىمانى ياسىننى تاپقىنىمىزدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قانداق ئۆلۈۋالغانلىقىنىڭ سىرىنى بىر ئاز بىلگەن بولدۇق. بىز >> :ئەمدى شەھەر ئىچىدىكى گومىنداڭ كاتتىۋاشلىرى ئۆلۈپ تۈگەپتۇ، بۇلارنىڭ ئۈششاق- چۈششەكلىرى قاپتۇ . <<دېيىشتۇق- دە، چىقىپ كەتتۇق.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەھەر ئىچىنى تىنچىتىش، رەتلەش، تەشكىللەش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتۇق. مەركەزنىڭ يوليورۇقى بويىچە، كۆرەنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، **60**شتاتلىق پەۋقۇلئاددە ساقچى ئىدارىسىنىمۇ قۇرۇشۇۋالدۇق.

بىز خىزمەتكە كىرىشىپ **6**- كۈنى گومىنداڭ دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ كۆرە ھەربىي رايونىغا پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتكەن ئىككى گېنېرالنىڭ شەھەر سېپىلى ئىچىدىكى >> باقى ئالەم بۇتخانىسى راھىبىنىڭ ھۇجرىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالدۇق. بىز بىر قانچە مۇھاپىزەتچىنى باشلاپ، بۇتخانا راھىبىنىڭ ئىچكىرىدىكى ھۇجرىسىنى ئاقتۇرۇپ ئۇلارنى تېپىۋالدۇق. ئۇلار چىرايى تاتىرىپ تىترەك باسقان پېتى ئورە تۇرۇپ، بىزگە ئېگىلىپ سالام بەردى. ئۇلارنىڭ چاچ- ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، پۈقراچە كىيىنىۋالغانىدى. ئۇينىڭ بۇلۇڭىدا ھەشەمەتلىك، يوغان بىر سېرىق ياغاچ ساندۇق تۇراتتى.

بىز ئالدى بىلەن ساندۇقنى ئاچقۇزۇپ كوردۇق، ئىچىدىن ئىككى دانە ئاپتوماتىك يان قورال، ئىككى دانە ھەربىي دۇربۇن، ئىككى دانە يەر ئۆلچەش ئاپپاراتى، ئىككى دانە فوتو ئاپپارات، سېركول جابدۇقلىرى، ئون نەچچە قەلەم، جۇڭگونىڭ بىر ھەربىي خەرىتىسى، خەرىتە تاختىسى قاتارلىق ئامرىكىدا ئىشلەنگەن ھەربىي ئىنژېنىرلىق سايمانلىرى چىقتى. بىز بۇ ئىككەيلەننى كېچىلەپ ھارۋا بىلەن بىلەن ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ كېلىپ، ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن يورۇق بىر ئېغىز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىز بىلەن ئوخشاش تۇرمۇش تەمىناتىدىن بەھرىمەن قىلدۇق.

دەسلەپكى سوراق نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بىرىنىڭ ئىسىم- ئۇنۋانى گېنېرال لېيتىنانت جاڭ يىلىڭ، يەنە بىرىنىڭ گېنېرال مايور ياڭ ۋۇ ئىكەن. ئۇلار ئىلگىرى ئامرىكا بەش بۇرجەكلىك بىنا ( دۆلەت مۇداپىئە باش قوماندانلىق شتابى (قارىمىقىدىكى ھەربى ئاكادېمىيىدە مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ھەربىي ئىنژېنېرلار ئىكەن .ئۇلار **1944**- يىلى **4**- ئايدا كۆرەگە يېتىپ كەلگەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى كۆرەدە >> جۇڭگو قىزىل پاچاقلىرى <<نىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە، سوۋېت

ئىتىپاقىغا قارشى جۇڭگو ـ ئامېرىكا بىرلەشمە ھەربىي پىلاتىسسىدارىم ( يېرىك ئاۋئاتسىيە بازىسى) قۇرۇش ئىكەن. بۇ بازىغا 600دىن ئوشۇق ھەرخىل ئايروپىلان، ئوندىن ئوشۇق تانكا، پاراشوتچىلار دىۋىزىيىسى، راكېتا قىسىملىرى سىغىدىكەن. دەسلەپكى ئولچەش لاھىيىسىگە قارىغاندا، بۇ بازا ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى، كۇرە ھەربىي رايونىنىڭ غەربىدىكى قونتاجى دېگەن دالىغا قۇرۇلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى، سىياسى كوز قارىشىدىمۇ ئوخشىماسلىق بار ئىدى. جاڭ يىگىنىڭ ھەربىر سوزىدىن ئىنتايىن مۇتەئەسسىپلىك، تەرسالىق، كوممۇنىزىمغا بولغان ئوچمەنلىك چىقىپ تۇراتتى. ياۋ ۋۇدىن بولسا، ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بېرىدىغان، كوممۇنىزىمنى ئانچە قارىلىمايدىغان، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئىلاج بار ئىتتىپاق ئوتتۇشنى خالايدىغان، سوۋىت ئىتىپاقىدىن ماددى مەدەت ئېلىشنى خالايدىغان، سوۋىت ئىتىپاقىدىن ماددى مەدەت ئېلىشنى خالايدىغان ئىدىيىۋى خاھىش چىقىپ تۇراتتى. بىز بۇلار بىلەن ئېخىمۇ چوڭقۇرلاپ پاراڭلىششقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن مەركىزى ھوكۇمەت ساقچى ۋازارىتىگە مەلۇم قىلدۇق. ئىككى كۇن ئوتكەندىن كېيىن، ساقچى ۋازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئەلى ئەپەندى بىلەن مالىك ۋورنوف يېتىپ كەلدى. بىز ئۇلارنىڭ ئىككى گېنىرالنى سوراق قىلىش تەييارلىقىنى قىلىپ بەردۇق. ماددى ئىسپاتلارنى كورسەتتۇق ۋە ئوزىمىز ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلدۇق. ئەسىرگە ئېلىنغان گومىنداڭ ئاۋئاتسىيە قىسمىنىڭ ئوفىتسىرى رۇگلەي (شىبە) نى تەرجىمانلىققا تەييارلاپ قويدۇق. ئۇ رۇسچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىگە ماھىر ئىدى.

شۇ كۇنى كېچىسى ئەلى ئەپەندى گېنىرال جاڭ يىگىنى رۇس تىلىدا سوراق قىلدى. مالىك ئارىلاپ سوئال سورىغاچ خاتىرە يازدى. بىزمۇ چەتتە ئولتۇرۇپ خاتىرە يازدۇق. ئەلى ئەپەندى ئۇلارنىڭ قانداق سالاھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى بىلگەندىن كېيىن:

ـ سەن ئىلىدا يۇز بەرگەن خەلق قوزغىلىڭىغا قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ ئىلىدا يۇز بەرگەن بۇ ھەرىكەت ساۋاتسىز دېھقانلارنىڭ بىر خىل قىرغىنچىلىق توپىلىڭى. دولەتىمىزگە قىلىنغان ھورمەتسىزلىك، ئەدەبسىزلىك. بىزنىڭ دولەتىمىزدە50 كە يېقىن ئۇششاق زۇڭزۇڭلار ( ئۇرۇقداشلار) بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەشۇنداق قوزغىلاڭ كوتۇرىۋەرسە، دولەتىمىز بىر قانچە ئون پارچىگە بولۇنۇپ كېتىدۇ، قۇدرەتلىك جۇڭخۇا مىنگو بولماي قالىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، زاڭزۇلىرىمىز ئالدىراپ كەتمىسىمۇ، ئاساسى قانۇنىمىز يولغا قويۇلغاندا، سەنمىنجۇيى ( ئۇچ مەسلەك ) بويىچە مۇختارىيات بېرىلەتتى ئەمەسمۇ؟

ـ خەلق قوزغىلىڭى شەرقە قاراپ ئىلگىرلىمەكتە، سەن قانداق ھىسياتتا بولۇۋاتىسەن؟

ـ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ بۇ ئىسيانىغا سوۋىتلىكلەر قول تىقىپ ئارىلاشمىغان بولسا، ھەرگىز غەلبە قازىنالمىغان بولاتتى. ئۇلار ئالىلقاچان غۇلجىدىلا بېسىقتۇرۇلۇپ بولاتتى. ئەمدى سىلەر ئۇرۇمچىگە بېسىپ كىرىمىز دەپ ئاۋارە بولماي، مەركىزى ھوكۇمەت بىلەن كېلىشىپ قالساڭلار بولىدۇ .

ـ سەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنى بىلەمسەن؟

ـ جۇڭگو كومپارتىيىسىنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇ بىزنىڭ بىردىنبىر رەقىبىمىز. ئۇلار بىلەن گاھىدا دوستلىشىپ قالىمىز، گاھىدا دۇشمەنلىشىپ ئۇرۇشۇپمۇ قالىمىز. ئۇلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ماۋزېدۇڭ، لىيۇشاۋچى، جۇدې، جۇئېنلەي، پېڭ دېخۇەي، لىيۇ بوچېڭلارنى بىلىمەن. مەن خۇاڭپۇ

ھەربى مەكتىپىدە جۇئىنلەينىڭ قولىدا ئوقۇغان، ئۇ گومىنداڭ رەھبەرلىرى بىلەن چىقىشقاق، كوزگە كورۇنگەن دىپلومات.

ـ مۇندىن كېيىن نىمە ئىشلارنى قىلماقچىسەن؟

ـ بۇ يەردە ماڭا لايىق ئىش يوق. سىلەر ئۇرۇش قىلىۋاتىسىلەر، قاچان ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، قۇرۇلۇش قىلىدىغانلىقىڭلارغا كوزۇم يەتمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى مېنى ئەسىر ھىسابىدا ئولكىلىك ھوكۇمەتكە ئوتكۈزۈپ بەرسەڭلار بولىدۇ .

بىر قانچە ئونلىغان سوئاللار قويۇلۇپ، جاۋابلار ئېلىنغاندىن كېيىن، گېنىرال جاڭ يىلڭ ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان سوراق ئاخىرلاشتى.

ئىككىنچى كۇنى چۇشتىن كېيىن، گېنىرال ياڭ رۇ ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان سوراق كەچقۇرۇن سائەت ئالتىگىچە داۋاملاشتى. ئۇنىڭ بىلەن ئوتكۈزۈلگەن پاراڭ ئەيىبكارنى سوراق قىلىش شەكلىدە ئەمەس، سوھبەت شەكلىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئەلى ئەپەندى سوھبەتتىن ئىلگىرى بىزنىڭ دوكلاتىمىزغا ئاساسەن، ياڭ رۇنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى بىر قەدەر بىلىۋالغانىدى. ئەلى ئەپەندى ئالدى بىلەن:

ـ ياڭ ئەپەندى، سىز ئىلى رايونىدا يۇز بەرگەن خەلق قوزغىلىڭىغا قانداق قارايسىز؟ قانداق ھسياتتا بولدىڭىز؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ئىلى رايونىدا يۇز بەرگەن ۋەقەنى، سىلەرنىڭ تىلىڭلار بويىچە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللى ئازادلىق ئىنقىلابى دېسەم خاتا بولماس. تېگى تەكتىدىن ئالغاندا، بۇرۇنقى ھوكۇمەتلەر ھەر مىللەت خەلقىگە ئارتۇقچە بېسىم ئىشلىتىپ، تولىمۇ قاقشتىۋەتكەنلىكتىن، خەلق قوزغىلىڭى يۇز بەردى. زۇلۇم، سىلىق ئېشىۋەرسە، خەلق كوتۇرۇلمەي قانداق قىلسۇن، ھوكۇمىتىمىز بۇرۇنراق مۇختارىيەت ( ئاپتونومىيە) بەرگەن بولسا، ئوزلىرىدىن رەئىس، ھاكىم سايلاشقا، مىللى قوشۇن تۇرغۇزۇشقا رۇخسەت قىلغان بولسا، ئوز تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش ھوقۇقى بەرگەن بولسا، قىسقىسى، ئوز ئىشىنى ئوزى باشقۇرۇش ئەركىنلىكى بەرگەن بولسا، مانا مۇشۇنداق قانلىق ۋەقە كېلىپ چىقمىغان بولاتتى .

كۇنلەرنىڭ بىرىدە ھوكۇمىتىمىز ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان شىنجاڭ مىللەتلىرىگە مۇختارىيەت بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ .كۇنلەرنىڭ بىرىدە مىللى ئىنقىلابچىلار بىلەن ھوكۇمىتىمىز ئىتىپاقلاشماي قالمايدۇ .ئۇلۇغ پىشۋايىمىز سۇن جۇڭسەن ئەپەندىنىڭ مىللى مەسلەك سىياستى ھەر مىللەت خەلقىنى ئازاد قىلىش ۋە تەڭ ھوقۇقلۇق، باراۋەر مىللەتلەرگە ئايلاندۇرۇشقا قارىتىلغان ئەمەسمۇ! مەن سىلەرنىڭ خەلق قوزغىلاڭچىلارنى قوللايمەن! مەركىزى ھوكۇمىتىمىزدىن تولۇق مۇختارىيەت تەلەپ قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن! ئەپسۇسكى، پىرقىمىز ئىچىدىكى بىر قىسىم رەھبەرلەر كومپارتىيىگە قارشى تۇرغانغا ئوخشاشلا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇختارىيەت بېرىشكە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوزىمىزگە ھەقىقى كويۇنىدىغان قېرىنداش دوست قىلىشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ! قانداق قىلغاندا دولەتنىڭ پۇتۇنلىكىنى ساقلاشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ ـ دە، ئوزلىرىگە ئاۋارىچىلىكنى تېپىپلا يۇرىدۇ.

ـ سىزنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن بولغان تونۇشلۇقىڭىز قانداقراق؟ ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن

كىملەرنى بىلىسىز؟

ـ جۇڭگودا زور قوراللىق كۈچكە ئىگە ئىككى پارتىيە بار. بىرى، دۆلەت ھاكىمىيىتىگە ئىگە گومىنداڭ پىرقىسى، يەنە بىرى، قوراللىق پارتىزان قوشۇنىغا ئىگە قوزغىلاڭچى كومپارتىيە. بىزنىڭ پارتىيىمىزنىڭ داھىيسى گېنېرال لىسسىموس جياڭ جيېشى. كومپارتىيىنىڭ داھىيسى ماۋزېدۇڭ. ئىككى پارتىيە بىر قانچە قېتىم بىرلىشىپ، نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشقان. زىددىيەت كۈچەيگەندە بىر قانچە قېتىم ئۇرۇشۇپمۇ قالغان. بولۇپمۇ پىرقىمىز ئىچىدىكى بىر قىسىم تەرسالار كومپارتىيىگە ئېغىر زىيانلارنى سالغان. مەن ئەزەلدىن ئىككى پارتىيىنىڭ بىرلىشىپ، دۆلەتنى ئازاد قىلىشنى ۋە گۈللەندۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىم.

(داۋامى بولىشى مۇمكىن)

مەھمۇت قەشقىرى ھەققەتەن ئۇيغۇرمۇ؟

بوستانغا يوللىغۇچى:كۆسەن

بۇ ھەققتە ئاۋال سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلىدە بولۇپ ئەتراپلىق تارىخى دەلىلگلارنى قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن،

بىر ئۆزبېك تورىدا مۇنداق دىيىلگەنىكەن:

نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇر دىگەن بۇ نام تارىختا خېلى ئۇزۇنغىچە ئىشلىتىلمىدى؟

ئۇ كىشى يەنە مۇنداق دەيدۇ:

ئىلگىرى ئۇيغۇر دەپ بىر مىللەت يوق، ئەگەر بولسا نىمە ئۈچۈن مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنى ئۇيغۇر دىمەي تۈرك دەيدۇ؟ نىمە ئۈچۈن كىتابىنى>> ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى<< دىمەي>> تۈركىي تىللار لۇغىتى <<دەيدۇ. دىمەكچىمەنكى بىلىدىغان دوستلارنىڭ چۈشەندۈرۈپ قويۇشىنى سورايمەن .

_ _ _ _ _ _ _ _ _ـمانا بۇ بىرەيلەننىڭ قالدۇرغان سوزى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قەدىمى ئۇيغۇر يۇرتى قەشقەر ئوپالدا تۇغۇلۇپ ئوسكەنلىكى ۋە دەپنە قىلىنغانلىقىدا ، دىمەك ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىدىن ئىكەنلىكىدە ھىچ شەك يوق، ئەمما يەنىلا بۇ >>ئىلمى ئىزاھلىنىشى لازىم <<ئەلۋەتتە. بۇ ھەققتە تەپسىلاتلاردىن خەۋرى بارلارنىڭ ئىنكاسلىرىغا ئىنتىزارمىز....

تورداشلار قايتۇرغان ئىنكاسلار:

كۆسەن: مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كىلىپ چىقىشى توغرۇلۇق قولىمىزدىكى دىۋانۇ لۇغاتتىن تۈركنىڭ بەزى يەرلىرىدىكى ئۆزى تەرىپىدىن بېرىلگەن چەكلىك مەلۇماتلاردىن باشقا بىر نەرسە يوق .بۇ مەلۇماتلارغا قارىغاندا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز قەۋمىنىڭ ) يەنە تۈركلەرنىڭ ) ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىسگە مەنسۇپ "ئىكەنلىكى ، دادىلىرىنىڭ يەنى ەجدادىنىڭ ترك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغانلىقى ۋە ئاخىرىدا دادىسى ھۆسەيىن بىن مۇھامەتنىڭ ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي ساھىلىدە تېپىلغان بارىسخان شەھەرى بىلەن يېقىن باغلىنىشى بار ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن . بۇلارغا قارىغاندا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ۋە ئەجدادىنىڭ بۇ سۇلالىنىڭ بىر مەشھۇر ئەزاسى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بۇ ئەجداد كىم ؟

جاقىپ مىرزاقان (قازاق) تارىخچىسى ئۆزىنىڭ>> قازاقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ھەققىدە <<نامىلىق تارىخى ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ:

....>>مىلادى 940ـ يىلى، يەتتە سۇ ۋادىلىرىغا ياغما قەبىلىسى كوچۈپ كەلدى. بۇ قەبىلە ئەسلى ئىسسىق كولنىڭ جەنۇبىدا، قەشقەرنىڭ شىمالىدا ياشايتتى. ئۇلار يەتتە سۇغا كەلگەندىن كېيىن، توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇرلار) ۋە قارلۇق قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قاراخانىيلار خاندانلىقىنى قۇردى. بۇ خاندانلىقنىڭ تەركىبىدە ئۇيسۇنلار، قاڭلىلار، دۇلاتلارمۇ بار ئىدى. ھازىرقى تۈرك

تىلدىكى مىللەتلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئۆز زاماندا ئەنە شۇنداق زىچ ئارىلىشىپ ياشىغانلىقتىن، هازىر مەشهۇر ئالىم ئەبۇ ناسىر فارابىنى قازاق، ئۇيغۇر، ئۆزبەك قاتارلىق مىللەتلەر تالىشىۋاتىدۇ. بۇ ئالىمنىڭ هازىرقى زاماندىكى قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكى ئاخىرقى هىساباتا ئىسپات قىلىنغىچە، مېنىڭچە تۈرك تىلدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئالىمى، ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئالىم دەپ ئاتاش مۇۋاپىقراق >>....

تەپسىلاتىغا قىزىقسىڭىز مانا بۇ تېمىغا مەرهەمەت قىلىڭ :

http://www.bostan.cn/ShowPost.asp?topage=1&id=237

مېنىڭچە بۇ جاقىپ مىرزاقاننىڭ تارىخ هەققىدە ئىزدەنگۈچى تۇرۇپ بىر ئىزدەنگۈچىگە نىسبەتەن مۇهىم سانالغان بۇ تېمىغا ئىزدىنىشتىن باش تارتقانلىقى. بۇنىڭغا يەنىلا ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەد ئىمىننىڭ يۇقىرىقى سوزى بەكمۇ ياخشى جاۋاب بولالايدۇ!

ئاتامان: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئەزىز قېرىنداشلار!

مەن بۇ يەرنى زىيارەت قىلىۋتىپ تۇيۇقسىز بۇ تېمىنى كۆرۈپ قالدىم ۋە بۇ ئەمدى نىمە گەپتۇ دەپ ئويلاپ كىرىپ كۆرۈپ باقتىم شۇنداقلا ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشنى لايىق كۆردۇم......

ئەمدى> نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇر دىگەن بۇ نام تارىختا خېلى ئۆزگىرىشلەر ئىشلىتىلمىدى؟ ئىلگىرى ئۇيغۇر دەپ مىللەت يوق < دىگەن سەپسەتىگە كەلسەك؛ ئۇيغۇرلار تارىختا مەۋجۇت بولمىغان بولسا، نىمە ئۈچۈن ئۇرخۇن ـ يىنسەي دەريا ۋادىسىدا قۇرغان خانلىق> ئۇيغۇر ئورخۇن قاغانلىقى <دەپ ئاتىلىدۇ؟ بۇ دىگەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى چاغلار ئەمەسمىدى؟! كىممۇ ئۇلار ئۇيغۇر ئەمەس ئىدى دەپ ئېيتالايدۇ؟! ئۇلار ئىشلەتكەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان مەڭگۈ تاشلار نىمنى ئىسپاتلايدۇ؟! توغرا، ئۇيغۇرلار تارىختا بىرنەچچە خىل ناملار بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن: تۇران، ئوغۇز، قاڭقىل قاتارلىق ... ئەمدى بۇيەردىكى بىرنەچچە خىل نامغا كەلسەك، بىزنىڭ تارىخچىلىرىمىز يېزىپ قالدۇرغان هەقىقى ئۆزىمىزنىڭ تارىخى بىزگىچە ناهايىتى ئاز بىر قىسمى يىتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق مۇشۇ يىقىنقى يۈز يىل مابەينىدە يۈز بەرگەن تارىخى ۋەقەلەر سەۋەپلىك بۇلارمۇ يوقىلىپ كەتكەن ياكى باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆز تارىخىمىزنى بىلىش ئۈچۈن قېرىنداش مىللەت تارىخچىلىرى يېزىپ قالدۇرغان بەزىبىر چەكلىك ماتىرىياللارغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇرمىز. ئۇلار بىزنى قانداق ئاتىغان بولسا شۇنىڭغا هازىرچە هە دىمەي ئامال يوق! بىراق بۇنداق هە دەپلا كېتىۋىرىشكە قەتئى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئارىمىزدىنمۇ ئۆز تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار چىقىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا بۇنداق توكى يوق سەپسەتىلەر ، پىتنە ـ پاساتلار ئۆزلىكىدىن يوقايدۇ.........

مەهمۇت قەشقىرىنىڭ ئۆزىنى تۈرۈك دەپ ئاتىشىدا ۋە يازغان ئەسىرىگە> تۈركى تىللار دىۋانى <دەپ ئىسىم قويىشىدا مەلۇم سەۋەپ بار. يەنى بۇ باشقا سەۋەپ ئەمەس بەلكى ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن> ئاتا تۈرۈك <دەپ ئاتىلىپ كىلىپ، ئەتراپتىكى تۈركى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ تۈركى مىللەتلەرگە باش بولۇپ كەلگەنلىكتىن ئۇيغۇرلار ئۆزىنى تۈرۈك دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. هازىرمۇ ئىلىمدىن ) مەيلى پەننى بولسۇن مەيلى دىنىي بولسۇن) خەۋىرى يوق ئۇيغۇرلار ئۆزىنى> قارا

تۈرۈك <دەپ ئاتايدۇ ياكى باشقا ئۇيغۇر كىشلىرى تەرىپىدىن شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ .بىز ھەقىقەتەن بىر مەزگىل ئۇيغۇر دىگەن نامنى قوللانماي ئۆتكەن. بۇ دىيارىمىزغا نەلەدىندۇر ئېقىپ كىلىپ قالغان > ئاپاق خوجا < نىڭ> تۆھپىسى <دۇر. ئۇ چاغلاردا خەلقىمىز ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپلا ئاتاپ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر دىگەن شۇنداق چىرايلىق نامنى ئىشلەتمەي قويغان. ھەتتا ئازاتلىقتىن ئىلگىرىمۇ بىزنى باشقىلار چەنتۇ دەپ ئاتايتتى. شۇ چاغلاردا بالدۇر ئويغانغان ئادەم ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ئىسمىنىڭ كەينىگە ئۇيغۇر دىگەن ئىسمنى ئۆزىگە تەخەللۇس سۈپىتىدە قوللىنىپ، ئۆز مىللىتىنى تونىمايۋاتقان كىشلەرگە بۇنى ئۇقتۇرماقچى بولغان. ئازاتلىقتىن كىيىن بىزنىڭ ئۇيغۇر دىگەن نامىمىز ئەسلىگە كەلدى.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ نەسەبنامىسىغا كەلسەك، بۇنى> تۈركىي تىللار دىۋانى<دىن بىلىش تامامەن مۇمكىن. مىنىڭچە بۇ سۇئالنى ئوتتۇرىغا قويغان ھېلىقى ئۆزبىك بۇ ئەسەنى ئازراقمۇ ئوقۇماي تۇرۇپلا ئۆزىچە بىلەرمەنلىك قىلىپ، پۈتكۈل دۇنيا ئىسپاتلاپ بولغان مەسلىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويغان ئوخشايدۇ. ھەقىقەت ھامان ھەقىقەت. پۈتكۈل دۇنيا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قەشقەلىك ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئالللىبۇرۇن بىلىپ بولغان مۇشۇ ۋاقىتتا يەنە بۇ مەسلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش تازىمۇ بىمەنىلىك بولسا كېرەك. بۇلار ھازىر ئۆزىنى بىلمەي ئەلشىر نەۋائىنى بىزنىڭ دەۋالدى. بۇنىڭغا گەپ قىلىدىغان، رەددىيە بېرىدىغان ئادەم چىقمىغاندىن كىيىن، مەھمۇت قەشقەرىنىمۇ بىزنىڭ دىسەك سەت تۇرمىسۇن دەپ ئۆزىچە ئۇنى تۈرك، ئۇيغۇر ئەمەس دەپ باققان ئوخشايدۇ. خاتىرىسىنى جەم قىلسۇنكى بىزمۇ بۇنداقلا ئۆتۈپ كەتمەيمىز، بىزدىنمۇ يات ئاردا داڭلىق تارىخشۇناسلار يىتىشىپ چىققۇسى..........

ھە راست! تاس قاپتىمەن بىر گەپنى ئۇنتۇپ قالغىلى. ھېلىقى قازاق تارىخچىنىڭ> مىلادى 940 ـ يىلى، يەتتە سۇ ۋادىلىرىغا ياغما قەبىلىسى كوچۈپ كەلدى. بۇ قەبىلە ئەسلى ئىسسىق كولنىڭ جەنۇبىدا، قەشقەرنىڭ شىمالىدا ياشايتتى. ئۇلار يەتتە سۇغا كەلگەندىن كېيىن، توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇرلار) ۋە قارلۇق قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قاراخانىيلار خاندانلىقىنى قۇردى <..... دىگەن گېپىگە كەلسەك، مىلادى ـ 940 يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان چاغلار ئىدى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بولسا نەچچىنچى ئەۋلات قاراخانىيلار پادىشاھى تۇرسا، ئۇنىڭ ئالدىدىكى پادىشاھلار قايسى خاندانلىقنىڭ پادىشاھى ئىكەن؟ !بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىزمۇ قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى پادىشاھلىرىدىن بولغان ئالىپ ئەرتۇڭامۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن نەچچە زامان بۇرۇن ئۆتكەن تۇرسا، قاراخانىيلار خاندانلىقى مىلادى 940 ـ يىلى قۇرۇلغان دەپ ھېچقانداق تارىخى پاكىتى بولمىغان نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا شۇ ئالىمنىڭ قانداقمۇ يۈزى چىدىغاندۇ؟! توۋا!!!

ھىجران: ئەسسالام تورداشلار!

سىلەرنىڭ بۇ مەسلە ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغىنىڭلارغا قىزىقىپ قالدىم!ھورمەتلىك كوسەن ئەپەندى سىزنىڭ مۇلاھىزىڭىزنى ئوقسام،ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى كېرەك دەپسىز!ئاشۇ پىتنە ـ پاساتچىلارنىڭ بىز ئۇيغۇرلارغا بېرىدىغان، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگۇدەك ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى بارمدۇ؟ئەلۋەتتە يوق.بۇ مېنىڭچە مۇلاھىزە

تەلەپ قىلىدىغان مەسىلە ئەمەسكەنتۇق.لېكىن ئۆزەمنىڭ كوز قارىشىمدا
مۇشۇ پىتنە ـ پاساتنى ئوتتۇرىغا قويغان مىللەت بىز ئۇيغۇرلارنى چۈشىنىدىكەن!

ئەركىم: مەھمود قەشقىرى ئۇيغۇردۇر!قاراخانىلار سۇلالىسىدە ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك تىلشوناس،ئالىمىمىز..تۈركى مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ مەدەنىيەتلىكى بولمىش ئۇيغۇر نەسلىدىندۇر...ئۆزبەكلەر ئۇيغۇردىن بۆلۈنۈپ چىققانلىقى ئېنىق ...قاراڭ ئىسمىدىنلا چىقىپ تۇرىدۇ بۇ تالاشقۇدەك بىر مەسىلە ئەمەس!ھازىرقى تۈركىيەدە ئۇيغار سۆزىنى ئۇيغۇردىن ئۆزگەرتىپ <<مەدەنىيەت>> مەنىسىدە ئىستىمال قىلماقتا ...ئالىمىمىز مەھمود قەشقىرى بۈيۈك تۈرك بايرىقى ئاستىدىكى بارلىق قېرىنداشلارغا ئورتاق قىلىپ تۈركى تىللار دىۋانى دىگەن نامنى قويغاندۇر.بۇئەلۋەتتە يۈكسەك بىر مەئولىيەت..بۈرۈچ جۈملىسىدىندۇر

تارىختىن ئىزلەپ كۆرۈشكە بولىدۇ..قىرغىز،قازاق،ئۆزبەك مىللەتلىرى ئۆزگە ئۇيغۇرنىڭ ئەڭ قەدىمكى پايتەختى بولغان قەشقىرى تەخەللۇسنى ئىشلەتكەنمۇ يوق..ئىشلەتكەن بولسا نىمە ئۈچۈن ئىشلەتكەن!؟ئۇلار نىمىشقا قەشقىرى دەپ ئىشلەتكۈدەك...تاشكەنتى،ئالمۇتاتى،بېشكەكى....ئىستانبولى دەپ ئىشلەتسە بولمامدۇ؟
مەھمود قەشقىرى ئۇيغۇردۇركى بۇنىڭ تالىشىشىنىڭ قىلچىلىك زۆرۈرىتى يوق!

ئوتتامان: شاپقاتلىك مەھرىبان ئاللاھ بىزنى زاۋاللىقتىن ساقلىغايسان ،بىراق مۇشۇ مانازىرىنىڭ ئوزىلا يىتىپ ئاشىدۇ،كىمدايدۇ بىز ئۇيگۇرلار تۇركلاراشرىنىڭ ساركىسى داپ،بۇ گىپىڭلارنى ئاڭلىسا مارھۇم ئالىمىمىزنىڭمۇ روھى قورۇنۇپ قالار،تۇرك مادىنىيىتىني بارلىك تۇركلار ئورتاك ياراتقان،سامارقانت،بۇھارا دىگانمۇ مادانىيات ماركىزى. ھىچكىم ھىچكىمدىن ئۇستۇن ئاما، بۇنداك رازىل كوزكاراشنى كاللاڭلاردىن چىقىرىپۋىتىڭلار. بىز بىز ياشاۋاتقان زىمىندىن بىر پۇتكۇل تۇرك قىرىنداشلىرىمىز ھورماتلائىدىغان بىر ئالىمنىڭ چىقىندىن پاھىرلىنىشىز ھامدا باشقا كىرىداسلىرىمىزنىڭمۇ ئوھشاشلا پاھىرلىنىش ھوقوقىنى ھورماتلىلىشىمىز كىراك.ماھمۇتكاشقىرى پۇتكۇل تۇرك ھالقىنىڭ ھورماتكا سازاۋار ئالىمى.پۇتكۇل تۇرك ھالقى ئۇنىڭدىن پاھىرلىنىشكا ھوقوقلۇك.

سەھرا ئوغلى: ئەسسالامۇ ئەلەيكوم.
ئورتاق پەخىرلىنىشكە مۇۋاپىق نەرسىلەردىن ئورتاق پەخىرلەنگۈلۈك . خاس ئۆزىمىزگە تەۋە نەرسىلەرنى پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ـ دىگۈلۈك.
بۇ يەردىكى مەسىلە ـ خەق سىز بىلەن ئورتاق پەخىرلىنىش مەزمۇنىدا ئەمەس ، بەلكى سىزدىن تارتىۋېلىش ، ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش مۇددىئاسىدا گەپ قىلىۋاتىدۇ . سىزنى دۇتتار چالغاندەك چېلىپ بېقىۋاتىدۇ . ماقۇل دەۋەرسىڭىز ئەتە ـ ئۆگۈن قوپۇپ ـ مەن سېنىڭ داداڭ ـ دىيىشتىنمۇ يانمايدۇ . شۇڭا ، بۇنداق پىتنە ـ پاساتلارغا ۋاقتىدا رەددىيە بېرىش كېرەك.

بارىس: مەسىلىلەرگە ئىلمي قارايدىغان دوستلارنىڭ يەنىمۇ كۆپىيىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلىشتا بىز مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئەسىرىدىكى تۈرك دىگەن مىللەتلەر ھازىرقى قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ باقساق بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتىلا ھىسياتچان تەتقىقاتچىلار پاكىت ئالدىدا ئۆزبەك، قىرغىز، قازاق، ئۇيغۇر دەپ تۇرۋالمايدۇ... ئەمدى مەھمۇد قەشقىرى ياشىغان ماكاندىكى ئاساسي مىللەت كىم،

مەھمۇت قەشقىرى نىمە ئۈچۈن نەمەنگەنى، سەمەرقەنتى، توقمىقى... دېگەندەك تەخەللۇسنى قوللانماي قەشقەر دەپ قوللانغانلىقى، قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قىزىل دەرياسى، تۈمەن دەرياسى، ئوردا كەنت، بارچۇق، ئارغۇ... قاتارلىق جايلارنى بىرمۇ بىر ساناپ ئۆتكىدىن مەسلىگە ئىلمىي قارايدىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەخمۇد قەشقىرىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھەققىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىغا پولاتتەك پاكىت بولالايدۇ... بىز بۇ تالاشتارتىشتىن كۆرە "تۈركى تىللار دىۋانى"نى ئوقۇپ ئۇنىڭ قىممىتىنى ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن شەرھلەپ خەلقئارالىق دىۋانشۇناشلىق تەتقىقاتىغا يول ئېچىپ بىرەلىسەك مەھمۇد قەشقىرى تۈرك مىللەتلىرى ئىچىدىكى شۇ تۆھپىكارلارغا بەكرەك ماس كېلىدۇ .ھازىرقىدەك مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مەقبەرىسىنىڭ نەدىلىكىنى ئۇقماي يۈرسەك، ئۇقساقمۇ سەيلى قىلغىلى، ھاراق ئىچكىلى، قىز ئويناتقىلى چىقساق مەھمۇد قەشقىرى بىزدىن شۇنچە يىراقلىشىپ كېتىدۇ

ئەلتېكىن: مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىغا تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ناھايىتى قايىل قىلارلىق جاۋابقا ئېرىشكىلى بولىدۇ.يەنى> تۈركى تىللار دىۋانى<تىلى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ.قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبى ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغان >بىلىگ< ،>تىگىن< ،>ئىلىگ< ،>ئەردەم< ،

>سۇۋ....<دىگەن سۆزلەر نىمە ئۈچۈن> تۈركى تىللار دىۋانى<دا ئۇچرايدۇ؟ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىماسلىقىدىكى سەۋەب ئۇ ئۆزى مۇسۇلمان ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن قوچۇدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنى ئۇيغۇر دەپ ئۆزىنى تۈرك دەپ .ئاتىغان.

>تۈركى تىللار دىۋانى<دا بېرىلگەن تۆۋەندىكى قوشاققا قاراپ بېقىڭ>:يىگىتلەرىگ ئىشلەتۇ،يىغاچ ـ يەمۈچ ئىرغاتۇ،قۇلان كەۋىك ئوۋلاتۇ،بازرام قىلىپ ئاۋنالىم.<.بۇ بىزنىڭ تىلىمىز بولماي كىمنىڭ تىلى؟بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق پاكىت كېرەكمۇ؟يەنە قاراڭ>تىلكۇ ئۆز ئىنىگە ئۈرسە قوتۇر بولۇر)<تۈلكە ئۆز ئۇۋىسىغا قاراپ ھۇۋلىسا قوتۇر بولۇر ).يەنە مىسال قاراخانىلار خانلىقىنى كىم قۇرغان؟مەھمۇت قەشقەرى خان جەمەتىدىنمۇ ئەمەسمۇ؟

تاش يۈرەك: مەن يەنىلا كۆسەن ئەپەندىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىمەن. ئىلىم ساختىلىق كۆتۈرمەيدۇ. ھىسسيات بىلەن ئىلمى،تارىخى پاكىت باشقا گەپ .

ئۆزبەكلەرنىڭ مۇستەقىل بىر مىللەت بولۇپ تارىخى سەھنىگە كىرىشى 15 ـ 16 ئەسىردىكى ئىش، 1501 ـ يىلى ئەلىشىر نەۋائى ئالەمدىن ئۆتتى، 1507 ـ يىلى ئۆزبەك خانى شەيبانىخان ھىراتنى ئىشغال قىلىپ ئۆزلىرىنى ئۆزبىك (ئۆزبەگ ) دەپ تۇنجى ئۆزبىك خانلىقىنى قۇردى .

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار ياشىغان دەئېىردە يەر شارىدا ئۆزبىك دىگەن قەۋمنىڭ بولۇشى مەلۇم ئەمەس ، بولغان بولسا تۈركى تىللار دىۋانىدا پېشلىغان بولاتتى. ھەتتا ئەلىشىر نەۋائى ھەزرەتمۇ ئۆزبىك دىگەن قەۋمنى كۆرۈپ باقمىغان .

مۇز داۋاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئاقسۇغا قىلىنغان ھۇجۇم
بوستانغا يوللىغۇچى: كۆسەن

[ئاقسۇ ۋىلايىتى جەنۇبى شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ھالقىلىق تۈگۈن ئىدى. ئەينى چاغدا ناۋادا ئاقسۇ قولدىن كەتسە، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا پۇت تىرەپ تۇرالىشى قىيىنغا توختايتتى. ئۇ ھالدا ئاقسۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئاقسۇنى ئىگىلەپ جەنۇپقا ئىلگىرلىمەكچى بولغان مىللى ئارمىيە قىسىملىرى ۋە تاشقورغاندىن كېلىدىغان ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالاتتى ـ دە، مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئەنە شۇ ئىستراتېگىيىلىك ئەھۋالنى كوزدە تۇتقان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئاقسۇنى ساقلاپ قېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇداپىئەنى ھەر تەرەپلىمە كۈچەيتتى ۋە بۇ يەردە كۈچلۈك ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 4 ـ پولكى كۈچادا. بۇ پولكنىڭ 3 ـ روتىسى تەلەمەت داۋىنىدا، 1 ـ روتىسى قىيىر تېغى ئېغىزىدا، بىر روتا ۋە ئىككى ئىزنۇۋتى بايدا، 5 ـ پولكى ئاقسۇ شەھىرىدە، تولۇقلاپ بېرىلگەن 2 ـ پولكى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىدە، 5 ـ پولكنىڭ كۈچەيتىلگەن بىر روتىسى مۇزئارت داۋىنىدا تۇراتتى.

1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن تارتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھوكۇمىتىنىڭ رەئىسى ئېلىخان تورىنىڭ تۈزگەن پىلانى بويىچە مىللى ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىغا كىرىشتى. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مىللى ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى جەنۇبى يونىلىشتە ئۇرۇش قىلىش پىلانىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مىللى ئارمىيەنىڭ بىر قىسىم ئەسكىرى كۈچىنى كونەستىن يۇلتۇزغا ئەۋەتىپ، بايغا ھۇجۇم قىلغۇزۇپ، كۇچانى ئىشغال قىلغۇزۇش، يەنە بىر قىسىم ئەسكىرى كۈچىنى موڭغۇلكۈرەدىن مۇزئارت داۋىنى ئارقىلىق قورغانغا ئەۋەتىش، ئۇ يەردىن ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيە بازىرىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغۇزۇشنى قارار قىلدى. ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىدىغان مىللى ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەترىتىگە پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇبۇروف ئەترەت باشلىقى، ئابدۇكېرىم ئاباسوف سىياسى كومىسسار، پولكوۋنىك قاسىمجان قەمبىرى ھوكۇمەت ۋەكىلى، مايور داموللا رازىيوف دىنى ئىشلار مەسئۇلى، پولكوۋنىك نوغايباييوف، ماۋۇر ئىسكەندەرلەر ھەربىي مەسلەھەتچى، مايور ھۇسەيىن غازى شتاب باشلىقى بولدى. ئېلىخان تورىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى ئاساسىدا قۇرۇلغان 300 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونىغا كاپىتان ناسىروف مىرزىگۈل كوماندىر، كاپىتان ساۋۇرجان مۇئاۋىن كوماندىر، كاپىتان سامساق خوجىلىق ـ مالىيە مەسئۇلى، پوروچىك ئاسىم شتاب باشلىقى بولدى.
6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كاپىتان ناسىروف مىرزىگۈل مىنامىيوت ۋە ئېغىر ـ يېنىك پىلىموتلار بىلەن قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيوننى باشلاپ كۈنەستىن يولغا چىقىپ يۇلتۇزغا بېرىپ، كۈچاغا بارىدىغان مۇھىم تاغ ئېغىزى تەلەمەت داۋىنىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار گومىنداڭنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق بىر روتا قوشۇننى تارمار قىلىپ، تەلەمەت داۋىننى ئىشغال

قىلدى.

سوپاخۇن سوبۇروف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، داموللا رازىيوفلار باشچىلىقىدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ 150 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەترىتى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدىن قىزىلكۆرەگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ئەترەتتىكى جەڭچىلەرنىڭ كوپ قىسمى جەنۇبى شىنجاڭلىق بولۇپ، يۇرتىدىكى ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تومۇر تاپىنى ئاستىدىن بالدۇرراق ئازاد قىلىشنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتى. ئەترەت 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قىزىلكۆرە ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلدى. قىزىلكۆرەدە سەپەرۋەر قىلىش، قەسەمياد قىلىش يىغىنى ئوتكۇزۇلدى، يىغىنغا ۋاقىتلىق ھوكۇمەت رەئىسى مارشال ئېلىخان تورە قاتناشتى ۋە سوز قىلدى. ئەترەت 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قىزىلكۆرە ناھىيە بازىرىدىن موڭغۇلكۆرە ناھىيسگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەترەت مۇڭغۇلكۆرە ناھىيسگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قىسىمنى رەتكە سېلىش، كوماندا تەركىبىنى تەڭشەش، قورال - ياراغلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىشلىدى. ھەربىر ئىزىۋوتقا بىردىن سوۋىت ئىتپاقىدىن كەلگەن تەشۋىقاتچى سەپلىنىپ، قىسىمنىڭ سىياسى ئاساسى مۇستەھكەملەندى. ھەربىر ئىزىۋوتقا بىردىن كولىت ) كاناداچە يان قورال)، ئىككىدىن ئاپتومات، ئىككىدىن لىنتىلىق پىلموت تارقىتىپ بېرىلدى. قوماندانلىق شتابىنىڭ ئۇرۇش قىلىش پىلانى بويىچە، بۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەترىتى مۇڭغۇلكۆرەنىڭ جەنۇپ تەرىپى ئارقىلىق مۇزئارت داۋىنىدىن ئوتۇپ، بىراقلا قورغان تاغ ئېغىزىغا بېرىپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندى. ئەترەت ئېھتىيات يۈزىسىدىن يەر تۈزۈلۈشى ۋە دۈشمەن ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كورۇشكە بىر رازۋېدكا گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. بۇ رازۋېدكا گۇرۇپپىسى ئاقسۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قورغان تاغ ئېغىزىدىن ئەسكەر چىقىرىپ، مۇزئارت داۋىنىدا چازا قۇرغانلىقىنى، داۋاندا قار بەك قېلىن بولۇپ، ئوتۇش قىيىنلىقىنى مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەترەت كوماندىرلىرى قىزىلكۆرە ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇپ تەرىپىدىكى ئاقبۇلاق داۋىنى ئارقىلىق تەڭرىتاغدىن ئوتۇشنى قارار قىلدى .بۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەترىتگە موڭغۇلكۆرە ئەزىمەتلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىسكادرونى قوشۇلدى .ئەترەت ھىچنىمىدىن قورقمايدىغان روھ بىلەن بەتەرلىك داۋانلاردىن ئوتۇپ، قارلىق تاغ، تار جىرالاردا يۇرۇش قىلىپ، 8- ئاينىڭ 8- كۈنى باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىلام تەرىپىدىكى قېيىر يېزىسىنىڭ چېگرىسىغا يېتىپ باردى. ئەترەت گومىنداڭنىڭ قېيىردا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان بىر روتا ئەسكىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، يېرىم سائەت ئىچىدىلا ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ، قېيىرنى ئىشغال قىلدى. دۈشمەننىڭ بىر روتا ئەسكىرىنىڭ كوپ قىسمى يوقىتىلدى، روتا كوماندىرى 30نەچچە ئادىمى بىلەن كۇچاغا قېچىپ كەتتى .ئەترەت قېيىرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ قىسىملىرى بۇ يەردە ھازارغا سالغان 15ئادەمگە ئىنقىلاپ رىجىلىرىنى چۇشەندۇرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا بۇنى پۇتۇن يېزا خەلقىگە چۇشەندۇرۇشنى تاپىلاپ، ئۇلارنى قويۇپ بەردى. بۇ ھاشارچىلارنىڭ تەشۋىقات -چۇشەندۇرۇشلىرىنى ئاڭلىغان نەچچە يۇزلىگەن يېزا ئاھالىسى ئات - ئېشەكلەرگە مىنىپ ئەترەت تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ كېلىپ، مىللى ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كورۇشتى. بوۋاي - موماي‍لار قوللىرىنى جۇپلەپ، مىللى ئارمىيە ئەزىمەتلىرىگە نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلىشتى. قاسىمجان قەمبىرى ھاياجانغا

تولغان يالقۇنلۇق نۇتۇق سوزلىدى. يېزىدا ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلدى. ئەترەت قېيىردا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، ـ 8 ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كاپىتان ناسىروۋ مىرزىگۇل باشچىلىقىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، باي ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. توت سائەتلىك جەڭدىن كېيىن، مىللى ئارمىيە قىسىملىرى باي باھىيە بازىرىنى ساقلاپ تۇرغان گومىنداڭ قۇشۇنىنىڭ بىر كۇچەيتىلگەن روتىسىنى يوقىتىپ، ناھىيە بازىرىنى ئالدى. بۇ ئۇرۇشتا دۈشمەنىنىڭ 70تىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدى. 40نەچچە ئادىمى ئەسىرگە ئېلىندى. ئازراق ئەسكىرىلا ئاقسۇغا قېچىپ كەتتى. 120 .مىلتىق، 182 ئات، ئۈچ پىلىموت، ئالتە دىكتار پىلىموت، 24مىڭ پاي ئوق قاتارلىق قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا غەنىيمەت ئېلىندى. باي ناھىيىسىدە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ، ئوسمان سايىت ھاكىملىققا، ياسىن ئاخۇن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭ قوشۇنىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرى ۋە باي ناھىيىسىدىكى نۇرغۇن ياشلار مىللى ئارمىيە سېپىگە قاتناشتى. قېيىر ۋە باي ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلىش جەريانىدا ۋەتەنپەرۋەر شائىر نىمشېھت ئارمىيە داموللام باشلىق پىدائىيلار مىللى ئارمىيە قىسىملىرى سېپىدىن ئورۇن ئالدى. 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، گومىنداڭنىڭ كۇچادا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ پولك كوماندىرى مادىخۇڭ 300 ئەسكەرنى باشلاپ كەلدى، ئۈچ كۈنلۈك شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، گومىنداڭ قوشۇنى باي ناھيە بازىرىنى تارتىۋالدى، مىللى ئارمىيە قىسىملىرى ۋاقىتلىق چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

مىللى ئارمىيە قىسىملىرى باي ناھىيە بازىرىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، غۇلجىدىن ئاقسۇغا بېرىشتىكى مۇھىم ئۆتكەل قورغاننى ئېلىپ، مۇزئارت يولىنى ئېچىش ئۈچۈن غەرب تەرەپكە يۈرۈش قىلدى .ناسىروۋ مىرزىگۇل ئەترىتى، ئىبراھىموۋ ئەترىتى سوپاخۇن ئەترىتى بىلەن بىرلەشمە قوشۇن ھاسىل قىلىپ، تاغ باغرىلاپ يول ئېلىپ، مۇزئارتقا بارىدىغان يولدىكى قىزىلبۇلاققا يېتىپ كەلدى. قوماندانلىق شتاب ئەنە شۇ يەرگە ئورۇنلاشقانىدى. مىللى ئارمىيە قىسىملىرى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قورغانغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ يەرنى ساقلاپ ياتقان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىر كۈچەيتىلگەن روتىسى قاتتىق قارشىلىق كورسەتتى. قورغاننىڭ ئېلىنىشى مۇزئارت داۋىنىنى تىزگىنلەپ، ئىلىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سەھەردە، ملى ئارمىيە قىسىملىرىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشى ئارقىسىدا قورغان ئىشغال قىلىندى، جەڭ داۋامىدا گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ 55 ئادىمى يوقىتىلدى، 150نەچچە ئادىمى ئەسىرگە ئېلىندى ( بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئەسكەر 40نەچچە( ، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ روتا كوماندىرى لى شىجۇن ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە مىللى ئارمىيە قىسىملىرى ئېغىر ـ يىنىك 17پىلىموت، 150مىلتىق، 100مىڭ پاي ئوق غەنىيمەت ئالدى. مىللى ئارمىيە قىسىملىرى قورغاننى ئالغاندىن كېيىن، دەرھال شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، مۇزئارت داۋىنىنى ساقلاۋاتقان دۈشمەننى يوقىتىپ، ئىلىدىن ئاقسۇغا بارىدىغان يولنى ئاچتى.

مىللى ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي يونىلىشتە ئۇرۇش قىلىدىغان قىسىملىرى تەركىبىدىكى 1000غا يېقىن كىشى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قورغان ئارقىلىق ئاقسۇ تەۋەسىگە ئۆتتى. مىللى ئارمىيە باش

قوماندانلىق شتابى قۇربانجان باشچىلىقىدا تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكىنىڭ بىر كۆچەيتىلگەن دىۋىزىيونىنى يوتكەپ، جەنۇبىي يولىنىشتە ئۇرۇش قىلىدىغان قىسىملارنىڭ كۈچىنى تولۇقلىدى. بۇ كۈچەيتىلگەن دىۋىزىيون 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى باي ناھىيە بازىرىنى يەنە بىر قېتىم ئىگىلىدى. ئىلىدىن ياردەمگە كەلگەن مىللى ئارمىيە قىسىملىرىدىن باي ناھىيە بازىرىنى ساقلاشقا بىر قىسىم ئەسكىرى كۈچ قالدۇغاندىن سىرت، قالغان ئەسكىرى كۈچلەر ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى ۋە ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ئېتىكىنى بويلاپ غەرب تەرەپكە قاراپ ئىلگىرلەپ، قورغاندىكى مىللى ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بىر ئىزنۇوت ئەسكىرى كۈچىنى قورغاننى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، قالغان ئادەملەرنى باشلاپ، ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراپ يول ئالدى.

9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە، مىللى ئارمىيە قىسىملىرى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىپ، ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسىغا ھۇجۇم قىلدى. گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى يوقىتىلدى، قالغان قىسمى ئاقسۇ شەھىرىگە قاراپ قاچتى. ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى ئېلىنغاندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىدا ئاممىۋى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئابدۇكېرىم ئابباسوف سوز قىلىپ، خەلقتىن پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندىن كېيىن، ئاما بەس بەس بىلەن ئەسكەرلىككە تىزىملاتتى. ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلدى. شېرىپ قارىھاجى ھاكىملىققا تەيىنلەندى .

مىللى ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي يونىلىشتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان قىسىملىرى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاقسۇ شەھىرىنى قورشىۋالدى. بۇ چاغدا ئاقسۇ شەھىرى ئىچىدە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 5 ـ پولكىدىن سىرت، ئۇچتۇرپان چېگرا قاراۋۇل چوڭ ئەترىتىدىن يوتكەپ كېلىنگەن 300دىن ئارتۇق ئەسكەر، شەھەردىكى خىزمەتچىلەر، تىجارەتچىلەر ئاساس قىلىنىپ ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن ئىككى قوغدىنىش ئوتتۇرا ئەترىتى ۋە ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردىن قېچىپ كەلگەن ئوفىتسىر ـ ئەسكەرلەر بولۇپ ئىككى پولكتەك ئەسكىرى كۈچ بار ئىدى. مىللى ئارمىيە قىسىملىرى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قوزغىدى. ئەمما، شەھەرە ئىچىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى سېپىل ئەتراپىدىكى پۇقرالارنىڭ ئويلىرىنى چۇۋۇپ، ئورنىغا خەندەك كولاپ، سۇ توشقۇزۇپ، توساق ئورنىتىپ ۋە ئىستىھكام ياساپ، قاتتىق مۇداپىئە كورۇۋاتقانلىقى ھەمدە پۇقرالارنىڭ شوتىلىرىنى پۇتۇنلەي يىغىۋېلىپ، شەھەر ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگىلى بولمىدى. مىللى ئارمىيە قىسىملىرىدىن پولكوۋنىك سوپاخۇن سوبۇروف ئەترىتى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىيدىكى يېڭى بىنانى، پودپولكوۋنىك كاۋالىيوف قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى غەربىي قەشقەر كوۋرۇكىنى، كاپىتان ناسىروف مىرزىگۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىسكادرونى شىمالدىكى چوڭ كوۋرۇك مەسچىتىنى ھۇجۇم نىشانى قىلىپ، ئاقسۇ شەھىرىنى قورشاپ تۇراتتى. مىللى ئارمىيە قىسىملىرى شەھەرنى كوپ قېتىم توپقا تۇتتى، 30نەچچە شوتا تەييارلاپ، شەھەر سېپىلىغا ھۇجۇم قىلدى. سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنلەر شوتا بىلەن سېپىل ئۈستىگە چىقىۋاتقان

مىللى ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ئېتىپ چۇشۇرۇۋەتتى. دۇشمەن قەشقەر كوۋرۈكى تەرەپتىكى سېپىلنىڭ ئاستىدىن لەخمە كولاپ يول ئېچىۋالغانىكەن، دۇشمەن رازۋېدچىكلىرى شۇ لەخمە ئارقىلىق كېچىسى سېپىل سىرتىغا چىقىپ، مىللى ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى تەپسىلى چارلاپ ئېگىلىگەندىن كېيىن، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىر قانچە ئون كاللا كېسەرى كاۋالىيوف دىۋىزىيونىنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلىرىنىڭ بىخۇد ھالەتتە ئۇخلاۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى ئىزنۇوت موڭغۇل جەڭچىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىۋەتتى ۋە ئۇلارنىڭ توت مىنامىيوتى بىلەن بىر قانچە ئون مىلتىقى، ئوق- دورىلىرىنى غەنىمەت ئېلىپ، سېپىل ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

9- ئاينىڭ 14- كۈنى، شەھەر ئىچىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى شەھەردىن چىقىپ، مىللى ئارمىيە قىسىملىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. مىللى ئارمىيە قىسىملىرى ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش داۋامىدا كوپ قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقى، قىسىملاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى، تەشۋىقاتچىلىرى قايتىپ كېتىپ، جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلاپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، گومىنداڭنىڭ كۈچادا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ ياردەمگە كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقانلىقى ئۈچۈن ۋاقتىنچە قورغان ئەتراپىغا چېكىنىپ، قىسىمنى ئارام ئالدۇرۇپ ۋە رەتكە سېلىپ، يەنە ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى. ئاقسۇ شەھىرىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيە بازىرىنى تارتىۋالدى.

9-ئاينىڭ 18- كۈنى، گومىنداڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قەتئى ھىمايە قىلغان، ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن پائال شۇغۇللانغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياخشى ئوغلانى، تالانتلىق شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى >> ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى<<نىڭ تۇرمىدىكى 28ئەزاسىنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قەبىھ ۋاستىلەر ئارقىلىق قەتلى قىلدى. بۇ خەۋەر قورغان ئەتراپىدىكى مىللى ئارمىيە كوماندىر- جەڭچىلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىەە بولغان كۈچلۈك غەزەپ- نەپرىتىنى قوزغىدى. مىللى ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ياردەمگە ئەۋەتكەن قىسىملار مۇزئارت داۋىنىدىن ئوتۇپ، 9- ئاينىڭ 21- كۈنى قورغان ئەتراپىغا يېتىپ كېلىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قىسىملىرى بىلەن ئۇچراشتى. بۇ قىسىملار توت يولغا بولۇنۇپ، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، 9- ئاينىڭ 22 -كۈنى ناھىيە بازىرىنى قايتا ئىگىلىدى ۋە گومىنداڭ قىسىملىرىغا قوغلاپ ھۇجۇم قىلىپ، -9 ئاينىڭ 23- كۈنى ئاقسۇ شەھىرىنى يەنە بىر قېتىم مۇھاسىرىگە ئالدى. مىللى ئارمىيە قىسىملىرى 9- ئاينىڭ 24- كۈنىدىن 10- ئاينىڭ 5- كۈنىگىچە بىر تەرەپتىن ئاقسۇ شەھىرى ئىچىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى نەچچە كۈن ئۇدا توپقا تۇتتى. يەنە بىر تەرەپتىن سېپىلغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى كوپ قېتىم تەشكىللىدى. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ سېپىلى پۇختا ياسالغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى قوراللىق ئۇرۇشلاردىن مۇداپىئەلىنىشتە خېلى ئوڭايلىق بېرەتتى. شۇڭا، مىللى ئارمىيە قىسىملىرى سېپىلدىن ئوتۇپ شەھەر ئىچىگە كىرەلمىدى .ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ناھايىتى كەسكىن بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى. ئاقسۇدىكى جەڭ پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنى زىل - زىلىگە كەلتۇردى .جىياڭ جىيېشى قورچاق شىنجاڭ ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇۋەققەت شتاب باشلىقى لو كەنفېنغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ ئاقسۇنى قوغداۋاتقان گومىنداڭ

قوشۇنلىرى ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ پولكىنىڭ كوماندىرى جاۋ خەنچىگە يارددەمچى قوشۇن يېتىپ بارغۇچە ئاقسۇ شەھرىنى جان تىكىپ قوغداش توغرىسىدا پەرمان بېرىشنى بۇيرۇدى.
جاۋ خەنچى جياڭ جىيېشىنىڭ قاتتىق بۇيرۇقى ۋە نۇرغۇن ئىنئام بېرىشى بىلەن 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شەھەر ئىچىدىكى ئەسكەر ـ ساقچىلارنى باشلاپ، ئىككى يولغا بولۇنۇپ، شەرقىي دەرۋازا بىلەن شىمالىي دەرۋازىدىن بوسۇپ چىقىپ، مىللى ئارمىيە قىسىملىرىغا شىددەتلىك قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى. مىللى ئارمىيە قىسىملىرى باتۇرلارچە قايتۇرما زەربە بېرىپ، گومىنداڭ قىسىملىرىغا قارشى كوپ قېتىم قانلىق جەڭ قىلدى، ئۇلار ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغانلىقتىن ئاقسۇ شەھرىگە ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ، ئۇنى قورشاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.
10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە، مىللى ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئاقسۇ شەھرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان مىللى ئارمىيە قىسىملىرىغا ئىككى قېتىم تېلىگرامما ئەۋەتىپ، ۋاقىتلىق ھوكۇمەت گومىنداڭ ھوكۇمىتى بىلەن تىنچلىق سوھبىتى ئۆتكۈزىدىغان بولغاچقا، مىللى ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ دەرھال ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئون كىلومېتىر كەينىگە چېكىنىپ بۇيرۇق كۈتۈشى توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاقسۇ شەھرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان مىللى ئارمىيە قىسىملىرى بۇيرۇققا بىنائەن چېكىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئادەم ئەۋەتىپ باينى ساقلاۋاتقان مويدىن غوجىغا قوشۇننى باشلاپ چېكىنىشنى ئۇقتۇردى. مىللى ئارمىيە قىسىملىرى قورغان ۋە قىيىر ئەتراپىغا چېكىندى. ئاقسۇ شەھرىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيە بازىرى ۋە باي ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىۋالدى. گومىنداڭ جاللاتلىرى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيە بازىرىغا بېسىپ كىرگەندە، بىر قانچە يۈز بىگۇناھ پۇقرانى قىرغىن قىلدى. ئاقسۇ شەھرىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە چېكىنىش جەريانىدا مىللى ئارمىيىنىڭ نۇرغۇن كوماندىر ـ جەڭچىلىرى قۇربان بولدى. كاۋالىيوف قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونىدىنلا 100دىن ئارتۇق ئادەم قۇربان بولغان بولۇپ، دىۋىزىيون ئاساسى جەھەتتىن قىرىلىپ تۈگىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق كىشىلەر 10 ـ ئاينىڭ ـ 19 كۈنى قورغاندىن مۇزئارت داۋىنى ئارقىلىق غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. مويدىن خوجا باينى ساقلاۋاتقان قوشۇننى باشلاپ چېكىنىۋاتقاندا، گومىنداڭنىڭ كۈچادىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 ـ پولكى بىلەن كەسكىن ئېلىشقاندىن كېيىن، تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق قىزىلكۈرە ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدى. سوپاخۇن سۇبۇرۇۆف ئەترىتى قورغان ئارقىلىق مۇزئارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ، 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدى .مۇزئارت داۋىنىنى ساقلاشقا مىللى ئارمىيىنىڭ بىر قىسىم ئەسكىرى كۈچى قالدۇرۇپ قويۇلدى. مىللى ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي يونىلىشتىكى ئۇرۇش ھەرىكىتى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

بۇددىزىم دەۋرىدىكى ئاتاغلىق تەرجىمان ـ ـ ـ ـ سىرىمىترالا

ئاپتورى:ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر

بوستانغا يوللىغۇچى:بوزقىر

سىرىمىترالا (sirimitrfla)قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مەشھۇر بۇددا دىنى مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان كۆسەن(كۇچا) دىن يېتىشىپ چىققان يېتۈك تەرجىمان بولۇپ، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر بۇددىزىم مەدەنىيەت ساھەسىدىكى كوماراجىۋا، بۇددا چىڭالار بىلەن بىر قاتاردا ئالاھىدە شۆھرەتلىنىشكە تېگىشلىك مۇھىم نامايەندىلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغا قەدەر خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇلماي كەلدى.

سىرىمىترالارنىڭ نام ـ شەرىپى خەنزۇچە تارىخى ۋەسىقىلەردە>> شى لىمىدولو (尸黎密多罗) << دەپ خاتىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سانسكرىتچە مەنىسى>>ياخشى دوست<<دېگەنلىك بولىدىكەن (1).

سىرىمىترالانىڭ ھايات پائالىيتى ھەققىدە ئوتتۇرا ئەقلىم تارىخى ۋەسىقىلىرىدىن>> ئۈچ ئاغلىق نوملار توپلىمى<<نىڭ11 ـ جىلدى،>> مۆتىۋەر راھىبلار تەزكىرىسى<<نىڭ ـ 1 جىلدى ۋە >>مۆتىۋەر راھىبلارنىڭ غەيرى رەسمى تەزكىرىسى <<لەردە قىسقىچە خاتىرە قالدۇرۇلغانلىقى مەلۇم .

ئەشۇ خاتىرلەردىن مەلۇم بولىشىچە سىرىمىترالا كۆسەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئېيتىلىشىچە، ئۇ كۆسەن دۆلىتىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇپ، پادىشاھ بولۇش نۆۋىتى ئۆزىگە كەلگەندە تاجۇ ـ تەختىنى ئىنىسىگە ئۆتۈنۈپ بېرىپ ، راھىب بولغانىكەن.

سىرىمىترالا غەربىي جىن سۇلالىسى يۇڭجىيانىڭ ئوتتۇرلىرى(312 ـ 307) دا ئوتتۇرا ئەقلىم رايونلىرىغا بارغان. ئۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئەقلىم رايونلىرى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا قالغان ئىدى . ئۇ چاڭجىياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ شەرقى جۇڭگو رايونىدىكى جىيەنكاڭ (ھازىرقى نەنجىڭ)غا بېرىپ، جىيەنچۇ ئىبادەتخانىسىدە تۇرغان .

سىرىمىترالا ئۆزىنىڭ تۇغما قابىلىيتى ، كۆپ قىرلىق ئىستىداتى بىلەن داڭ چىقارغان بولۇپ ، شەرقى جىن سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى ۋاڭ داۋ ھەمدە گېڭ لياڭ ، جۇكەي، شيې كۈن ، خۇەن يى قاتارلىق يۇقىرى تەبىقىدىكى ئەمەلدار تۆرىلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان . ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئۇنىڭ بۇددىزىم تەلىماتىدىكى ئىستىداتىغا قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ قول قويۇشقان . ئۇنىڭ بىلەن ئۇلپەتلىشىشنى ئىستەيدىغان ئەمەلدارلار ، ئۇنىڭدىن ئىلىم تەھسىل قىلىشنى ئىستەيدىغان قەلەمدارلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىگەن .

جۇكەي دىۋان بەگلىكىگە تەيىنلەنگەندە سىرىمىترالانىڭ دۆلىسىغا قېقىپ تۇرۇپ>> ئۆزلىرىدەك ئىستىدات ئىگىسى مۇشۇ ئورۇنغا قويۇلغان بولسا بۇگۈنكىلەر قىلچىمۇ ئەپسۇسلانمىغان بولاتتى << (2)دەپ ھەسرەت چەككەن.

شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئەقلىم رايونلىرىدا بۇددىزىمنىڭ سىپھرىگەرلىك) ئەپسۇنكەشلىك)دەستۇرلىرى يوق ئىدى. سىرىمىترالا شەخسەن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ،>> بۈيۈك سۇمرۇغ پادىشاھى قەسىدىسى<<نىڭ 1 ـ جىلدىنى ،>>سۇمرۇغ پادىشاھى قەسىدىلىرى<<نىڭ 1 ـ جىلدىنى

تەرجىمە قىلىپ ، ئوتتۇرا ئىقلىم رايونىغا تونجى بولۇپ كىلاسسىك مەخپى بۇددا نوملىرى ۋە بۇددا ئەپسانىلىرىنى تونۇشتۇرغان شەخس بولۇپ قالغان . سىرىمىترالا يەنە بۇددا دىنىدىكى مەشھۇر نوم >>__ئەبشىكە نومى <<نىڭ 12جىلدىنى تەرجىمە قىلغان بولۇپ، بۇ تەرجىمە نۇسخا ھازىرغا قەدەر دۇنخۇاڭ يازمىلىرى قاتارىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە (3). ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ يەنە نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيلەپ، ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ بۇددا مائارىپىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان . ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن مى لى ناھايتى مەشھۇر بولۇپ، كىيىنكى دەۋرلەرگىچە ئۆز تەسىرىنى يوقاتمىغان . سىرىمىترالا شەرقى جىن سۇلالىسىنىڭ شيەنكاڭ يىللىرىدا 80نەچچە يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . كىشىلەر ئۇنى>> مۇنتەخىت ھەزرەت) <<مۇنبەردىكى تەختتە ئولتۇرغۇچى ئالىي ھەزرەت ( دەپ قارىغاچقا ، ئۇ دەپنە قىلىنغان جايغا مۇنتەخىت ئىبادەتخانىسى سېلىپ ، بۇ يەرگە دائىم كىلىپ دۇئا تىلاۋەت قىلىپ تۇرغان .

ئىزاھات: (1)،(3>> (يىپەك يولى مەدەنىيەت قامۇسى<<، بېيجىڭ قىزىل بايراق نەشرىياتى،1995 ـ يىلى8 ـ ئاي
خەنزۇچە نەشرى، 318 ـ بەتكە قارالسۇن.
>> (2)غەربىي يۇرت تەرجىمە تارىخى<<، شىنجاڭ ئونۋېرسىتېتى نەشرياتى،1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي
خەنزۇچە
نەشرى، 71 ـ بەت.
مەنبەسى>> :ئاقسۇ گېزىتى<<نىڭ 2006 ـ يىلى12 ـ ئاينىڭ1 ـ كۈندىكى سانى، 4 ـ بەت.

# چىن ۋە ماچىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى

ئاپتورى:Abdushukur Muhammatimin|ئابدىشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن
بوستانغا يوللىغۇچى: ياۋۇز

چىن ۋە ماچىن ئىبارىسى ئۇيغۇر ـ تۈرك، ئەرەب ۋە پارىس ئالىم ـ ئەدىبلىرىنىڭ تارىخ ، جۇغراپىيە، تىلشۇناسلىق دەستۇرلىرىدا ، ساياھەتنامىلىرىدە ۋە شېئىر داستانلىرىدا مىڭ يىللاردىن بېرى ئىزچىل يوسۇندا ئىستىمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان، ھەممىگە تونۇش نام بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ ئەسرگە كەلگەندە ئىبارىنىڭ تارىختىكى جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسىنى چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاشتا يول قويغىلى بولمايدىغان خاتالىق كۆرۈلۈۋاتىدۇ .

مەلۇمكى، چىن ۋە ماچىن ئىبارىسى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ " تۈركىي تىللار دىۋانى" ناملىق كىتابىدا، مۇتەپپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ "قۇتادغۇبىلىك "داستانىدا ، مەشھۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ داستانلىرىدا ، لۇتفى ۋە زېلىلى قاتارلىق شائىر_ئەدىپلەرنىڭ غەزەللىرىدە؛ نىزامى ، فىردەۋسى، خىسراۋ دېھلىۋى، ھاجۇ گىلمان قاتارلىق پارىس كلاسسىكلىرىنىڭ داستانلىرىدا؛ ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب سەيياھلىرى ۋە تارىخچىلىرىنىڭ كىتابلىرىدا؛ ئارىيان ۋە بۇددىزم دەستۇرلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان.

بىزنى چىن ۋە ماچىندىن ئىبارەت بۇ قوشكېزەك ئىبارىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى ھەققىدە جىددىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا ئۈندەۋاتقان سەۋەپ يېقىنقى ۋە بۈگۈنكى زاماندىكى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ ياكى چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ياكى ئىلمگە يات غەرىزىنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان ھەم كۆچەپ ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان خاتا قاراشلىرىدۇر. ئېنىقنى ئېيتقاندا چىن ۋە ماچىن ئىبارىسى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا مۇنداق ئىككى خىل قاراش ساقلانماقتا.

بىرىنچى خىل قاراش: چىن ۋە ماچىن چەتئەللىكلەرنىڭ "چاينا) "چىنا) دېگەن سۆزى بولۇپ، توغرىدىن توغرا پۈتۈن تەرجىمىسى "جۇڭگو" دېگەندىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇ ئەسلىدە مىلادىيەدىن ئىلگىركى چىنشىخۇئاڭنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرىشىدىن كېيىن قۇرۇلغان چىن سۇلالىسىنىڭ نامىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ، دېگەن كۆز قاراش. بۇ قاراشتا "چاينا" ئاتالغۇسىنىڭ ھازىرقى تەرجىمىسى "جۇڭگو" دېگەن چۈشەنچە بىلەن چىن سۇلالىسى ۋە چىن ،ماچىن ئاتالمىلىرىنى ئارىلاشتۇرىۋېتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن.

ئىككىنچى خىل قاراش: "چاينا" ئىبارىسى چىنشىخۇئاڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى چىڭ(مانجۇ)سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەم ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە ۋە بۈيۈك بىرتانىيىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى رايون ھىندى ـ چىنى ۋە جۇڭگو بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋەتلىرى ۋە كېلىشىملەر بىلەن باغلانغان ھالدا خەلقارا ئىستېمالغا كىرىپ كەلدى دېگەن قاراش. ب. لەئۇفەر ئۆزىنىڭ" چاينا ئاتالغۇسى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش" ناملىق ماقالىسىدا تۇنجى قېتىم بۇ ئاتالغۇنى چىنشىخۇئاڭ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلاشقا ئېتىراز بىلدۈرگەن فرانسىيىلىك

شەرقشۇناس پېللىئوت "چىنا ئىدارىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى" دېگەن ماقالىسىدىمۇ چىن ، تاۋغاچ ، ختاي ئىبارىلىرىنىڭ مەنبەلىرى ھەققىدە توختالغان.

مېنىڭچە ھازىرقى ئىنگلىز تەلەپپۇزىدىكى "چاينا" ئىبارىسى يېقىنقى زامان تارىخىدىكى جۇڭگونى ئىپادىلەيدىغان ئىبارە بولۇپ، ئۇ مانجۇلار قۇرغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ نامۇ ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن .ئۇنىڭدىن ئىلگىرى جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ھەر قايسى دۆلەتلەر ياكى سۇلالىلەر ئۆزلىرىگە خاس ۋە بىر دەۋر ئىچىدە قوللىنىلغان نامى بولۇپ، پۈتۈن جۇڭگو ھەرگىزمۇ ئىزچىل يوسۇندا بىر سۇلالە نامىدا ئاتالغان ئەمەس!

بىز چىن (1)"真"، جىن "晋"، چىن "秦" ، جىن "金" ۋە چىڭ "清" ئاتالمىسىنى، چاينا ئىبارىسىنى، چىن ۋە ماچىن ئۇقۇملىرىنى تارىخىي يوسۇندا پەرقلەندۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك .

بىز ئالدى بىلەن "چىن" ۋە "ماچىن" ئاتالغۇسى ھەققىدىكى بىر قىسىم تارىخىي ھۆججەتلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى. ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ ھىندى دەرياسىنىڭ باشلىنىش قىسمىدىكى بەش ئېقىن (پەنجئاپ) ئىچىدە "چىناپ" دېگەن دەريا بولۇپ ، بۇ چىندىن ئېقىپ چىققان دەريا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ياپونىيىلىك تارىخچى يۈيجى لىيۇتى" غەربىي يۇرتتا بۇددا دىنى" ناملىق كىتابىنىڭ 313 ـ بېتىدە (خەنزۇچە نەشرى) "پامىر تېغىنىڭ غەربىدە چىناپ(چەناب) ۋە چىلام (جېھەلام) دېگەن ئىككى دەريا بولغان" دەپ يازغان. بۇ ئىككى دەريا لاۋي، بىئاس، ساتلەر دەريالىرى بىلەن قوشۇلۇپ بەش دەريا ـ پەنجئاپ ۋادىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇ دەريالار ھىندى دەرياسىنى تەشكىل قىلىدۇ .س.لەرى نىڭ كۆرسىتىشىچە ، ھىندىلار "چىن" دېگەن ئاتالغۇنى پامىر(قارلىقتاغ (ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرگە قارىتىپ ئىشلەتكەن. پىلىڭ چىڭجۇن ئەپەندى "غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ ـ جۇغراپىيىسىگە دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى" ناملىق كىتابىنىڭ 99 ـ بېتىدە "شەرقىي شىيالار بىلەن ھىندىلار ئارىسىدىكى زېمىن سانسكرىت تىلىدا <چىن> دەپ ئاتىلىدۇ" دەپ يازغان.

ھىندىستاننىڭ "مانۇ قانۇنى"،" ماخاپخاراتا" ، "قەدىمكى ھادىسىلەر" قاتارلىق قانۇنشۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات دەستۇرلىرىدا "چىن" ئىبارىسى تىلغا ئېلىنغان. "قەدىمكى ھادىسىلەر" ناملىق رىۋايەت كىتابىدا "مانۇنىڭ توققۇز ئوغلى ۋە بىر قىزى بولۇپ ، بۇ قىز ئاي ئىرۇنىڭ ئوغلى بۇدۇ بىلەن نىكاھلىق بولىدۇ. ئۇلاردىن بولغۇسى تۇغلىدۇ. مانۇنىڭ دېگەن ئوغلى مانۇنىڭ ياردىمىدە يېرىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگەللەپ <ئايتۇ> قەئەسىنى سالىدۇ. بۇ <ئايتۇ> ئاي خانلىقىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ"(ئا. ئۇسپوفنىڭ "10 ـ ئەسىرگىچە ھىندىستان تارىخىنىڭ ئوچېركى" خەنزۇچە نەشرى) دېيىلگەن.

ئەنگلىيىلىك ستەيىن ئۆزىنىڭ "سېرىندىيا" ناملىق كىتابىدا (بۇ كىتاب خەنزۇچىغا <西域> غەربىي يۇرت دەپ تەرجىمە قىلىنغان)، پېڭچېڭجۇن ئەپەندى "لولەن ۋە پىشامشان مەسىلىسى"ناملىق ماقالىسىدا لوپچىن ( نوپ ـ چىن) ئىبارىسىنى تىلغا ئالغان. ئۇلارنىڭ پەرىزىچە ، لوپ ـ كونا لولان شەھىرىنىڭ لوپنۇر كۆلى ساھىلىدىكىنى، چىن سۆزى بولسا، شەھەر قەلە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز قەدىمكى مىنوسىنسك ۋادىسىدىكى تۇران، تۇرانچىن ۋە قارا شەھەرنىڭ ئاراچىن

دېگەن نامى بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە، كىشنى تېخمۇ ئىزدىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.
ستەيىن "قەدىمكى خوتەن" (1907 ـ يىلى) ناملىق كىتابىدا خوتەننى ماچىن دەپ تىلغا ئالىدۇ. (ھازىرمۇ خوتەندە > چىنى ماچىنى ماچىن <شەربىي دەپ ئاتىلىدىغان خارابە بار) ماھاما ـ ماغا ئاتالغۇلىرى قەدىمكى ئارىيان ھەتتا ياۋچىلار تىلىدا چوڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. تاك سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىپ تاك شۇئەنزاڭ "ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلغان ساياھەت " ناملىق كىتابىدا "خوتەن پادىشاھلىرىنىڭ پىشۋاسى شەرقىي تۈرك شاھزادىسى (东土帝子) بولۇپ ، ئۇ ھىندىستانلىق پادىشاھ ئاسۇكا بىلەن زاماندىش ئىدى" دەپ يازغان. خۇنىن(خۇنىن) "ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى يادىكارلىقلار" ناملىق ئەسىرىنىڭ 12 ـ بېتىدە بۇ شەرقىي تۈرك شاھزادىسىنى" شەرقىي تۈرك ھېساپلانغان ئۇيغۇرلار ئىدى" دەپ ئىزاھلىغان.
ئارىيانلارنىڭ دىنىي دەستۇرى بولمىش مەشھۇر كىتاب "ئاۋېستا" دا "چىن" ئىبارىسى ئىپادىلەنگەنلىكى مەلۇم .ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ "شاھنامە" داستانىدا قەيت قىلىنىشىچە، مىلادىيەدىن ئىلگىركى ـ 11 ئەسىرلەرگە ئائىت موسا پەيغەمبەرنىڭ يەھۇدىي دىنى دەستۇرى "تەۋرات" تا چىن" ـ گوگ"، ماچىن ـ "ماگوك" ئىبارىس بىلەن ئىپادىلەڭەندىن تاشقىرى، چىن ـ ياپەسنىڭ نەۋرىسى دېيىلگەن. تارىخچى مىر خاند "رەۋزەتۇسسافا" ناملىق ئەسىرىدە، موللا موسا سايرامى "تارىخى ھەمىدى" ناملىق ئەسىرىدە تۈرك ياپەسنىڭ ئوغلى، نوھنىڭ نەۋرىسى، چىن ۋە ماچىن بولسا تۈركنىڭ ئوغۇللىرى دەپ بايان قىلغان. مەھمۇد قەشقىرىمۇ "تۈركلەر ئەسلىدە يىگىرمە قەبىلىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭرى ئەزىز كۆرگەن نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ياپس ۋە ياپەسنىڭ ئوغلى تۈرككە بېرىپ تاقىلىدۇ"("تۈركىي تىللار دىۋانى"1 ـ توم، ـ 37 بەت) دەپ كۆرسەتكەن.
پىك چىڭجۇن ئەپەندى "غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ ـ جۇغراپىيىسىگە دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى" ناملىق كىتابىدا قەشقەر ھەققىدە :قەشقەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى بىر دۆلەت ئىدى. چىن ئاتالغۇسىنىڭ مەپھۇمى مۇشۇ دۆلەتنى كۆرسەتسە كېرەك، ئۇنىڭ چېگىرىسى كوشان بىلەن تۇتاشقان بولۇشى مۇمكىن ، مۇنداق دۆلەت پەقەت قەشقەر بولۇشى ئەقلغا مۇۋاپىق، دەپ يازغان. لۇي جىن ئەپەندى "بۇددىزم مەزھەپلىرىنىڭ مەنبەرلى" ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە" كوشان خاقانلىرىدىن بولغان كانىسكى چىنتەنلىك(真檀) ئىدى" دېگەن يەكۈننى چىقارغان.
رىم ئىمپېرىيىسى زامانىدىكى ئەسەرلەردىن مىلادىيەدىن ئىلگىركى رىم شائىرى گوراس(ھوراسە)نىڭ داستانىدا، مىلادىيە 2 ـ ئەسىردە ياشىغان رىم شائىرى پلىنو) پلىنىي) نىڭ تەبىئەت تارىخى" ناملىق ئەسىرى بىلەن پىتلومى (پتولومەس)نىڭ" جۇغراپىيە" ناملىق كىتابىدا چىن ئېلى ۋە يىپەك مەملىكىتى تىلغا ئېلىنغان. پىك چىڭجۇن: پىلومىنىڭ يىپەك مەملىكىتى ھەققىدە ئېيتقانلىرى قەدىمكى تۇران (مەركىزى ئاسىيا )دىكى سۇلىي)قەشقەر)بىلەن ئالاقىسىز دەپ قارىغىلى بولمايدۇ، دېگەن. (يوقۇرقى كىتاپ 99 ـ بەت) پىتلومىنىڭ ئەسىرىگە مەنبە بولغان مارىنوسىنىڭ (مارۇنۇس)ساياھەت نامىسىدا چىن(كەنى) ۋە يىپەك مەملىكىتى(سەرەس) دېگەن ئىبارىلەر تولىمۇ روشەن تىلغا ئېلىنغان.

مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە ياشىغان ئەبۇدەلىف ئىسىملىك ساياھەتچى ئۆزىنىڭ ساياھەتنامىسىدە "بۇخارادىن چىنگىچە" كەلگەنلىكىنى يازغان. سامانىيلار سۇلالىسى شاھى سۇلتان ناسىر بىننى ئەھمەد ۋاقتىدىكى ئابدۇللا ھىسسارىبىننى ئەل مەھەلھىل ئۆزىنىڭ" ساياھەتنامە" سىدە چىنگە بارغانلىقىنى يازغان. مەلۇمكى، ئابدۇللا ھىسسار بىننى مەھەلھىلنى سامانىلار شاھى سۇلتان ناسىرى بىننى ئەھمەد قەشقەردىكى قاراخانىيلار ھۇزۇرىغا 943 ـ يىلى نىكاھ ئەلچىلىرى قاتارىدا ئەۋەتكەن ئىدى.

مەھمۇد قەشقىرى" تۈركىي تىللار دىۋانى" ناملىق كىتابىدا چىن ۋە ماچىنغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى قىرىققا يېقىن ئورۇندا تىلغا ئالىدۇ ۋە ئىزاھلايدۇ. 1 ـ توم، 38 ـ بەتتە "مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، رۇم ئۆلكىسىنىڭ يېنىدىن كۈنچىقىشقا قاراپ كەتكەن تەرتىپ بويىچە، شەرقتىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم" دەپ يېزىپ ئالتاي تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى يىنسەي (ئاناساي) دەريا ۋادىسىدىكى قىرغىزلارنى" قىرغىزلار چىنغا يېقىن جايلاشقان" دەپ كۆرسەتكەن. ئاندىن تۈرك قەبىلىلىرى بولغان ختاي، تاۋغاچ توغرۇلۇق "ختاي ـ چىن دېمەكتۇ"، "تاۋغاچ ـ ماچىن دېمەكتۇر" دەپ كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى 1 ـ توم، 592 ـ بەتتە "تاۋغاچ" ئىبارىسىگە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىزاھات بەرگەن.

(1)تاۋغاچ ـ ماچىن ئېلىنىڭ نامى،(2) تاۋغاچ ـ تۈركلەرنىڭ بىر بۆلىكى،(3) تاۋغاچ ـ بۈيۈك ۋە قەدىمىي نەرسە دېگەن مەنىدە.

ئورخۇن ئابىدىلىرى بىلەن كۆك تۈرك خانلىقى زامانىدا توقباتلار ـ تاۋغاچ. تاڭلار ـ تاڭجازى، كىدانلار ـ ختاي دېيىلگەن بۇ مىللەتلەر شۇ دەۋردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقان مىللەتلەر ئىدى.

مەھمۇد قەشقىرى "چىن" نى ئۈچكە كۆرسەتكەن . يەنى يوقىرى چىن ـ تاۋغاچ، ئوتتۇرا چىن ـ ختاي، تۆۋەن چىن ـ قەشقەر،(1 ـ توم ، 592 ـ بەت.(

مەھمۇد قەشقىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللەتلەرنى "ئارىدا چوڭ سېپىل ۋە چىن يېنىدىكى تاغ ـ دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن يەجۈج ۋە مەجۈجلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس" (1 ـ توم، 39 ـ بەت)دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. كىتابىغا كىرگۈزگەن خەرىتىدىمۇ بۇنى پەرقلەندۇرگەن. "تات تاۋغاچ" ئىبارىسىنى "بۇ ئۇيغۇر ۋە چىنلىق دېگەن بولىدۇ"(2 ـ توم،409 ـ بەت) دەپ كۆرسەتكەن. "چىگىل، ياغما، توخسى، ئارغۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق يوقىرى چىنغا قەدەر جايلاشقان قەبىلىلەر" دېگەن بايانلارنى 2 ـ تومنىڭ 64 ـ ، ـ 78 ۋە 88 ـ بەتلىرىدە تەكرار ـ تەكرار تىلغا ئالغان. 1 ـ توم، 151 ـ بېتىدە "ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن" دەپ يازغان بولسا، 3 ـ توم، 567 ـ بەتتە" تۈركمەن" ئىبارىسىگە ئىزاھ بەرگەندە "خاقان شۇ <چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ، زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەيگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئېۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەينىمۇ شۇنداق قوشۇن ئېۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىن ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ توقۇنۇش دېگەن يەردە بولغانىكەن. بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە دەپ

ئاتىلىدۇ. زۇلقەرنەيىن ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۇلھ تۈزىدۇ" دەپ يازغان. دېمەك مەھمۇد قەشقىرى بۇ ئىككى بايانىدا "ئۇيغۇر ئېلى" بىلەن "چىن" نى يانداشتۇرۇپ تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىز يەنە ئۇنىڭ تۈرك يېزىقى توغرىسىدا توختالغانىدا "قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن"(1 ـ توم، ـ 11 بەت) دەپ يازغانلىقىنى كۆرۈپ، " چىن " ئىبارىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمى ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز. چۈنكى "ھۇدۇدۇل ئالەم" ناملىق مەشھۇر كىتابتا تۇرپاننى "چىنجىكەنت" دەپ ئاتىغانلىقى ھەممىگە ئايان. مەھمۇد قەشقىرى "دىۋان" نىڭ ـ 1 توم، 517 ـ بەتتىكى "كەرەم" سۆزىنى ئىزاھلىغانىدا "يۇقۇرى ۋە تۆۋەن چىنلىقلار تىلىدا "دەپ قوشۇپ قويغانلىقىنى كۆرىمىز. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ تۆۋەن چىن دېگەندە قەشقەرنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقى كىتابىنىڭ ئۈچ يېرىدە كۆرستىپ ئۆتۈلگەن.

مۇتەپەككۇر ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ "قۇتادغۇبىلىك" داستانىغا كېيىنكى كىشىلەر تەرىپىدىن قوشۇپ كىرگۈزۈلگەن نەسرىي ۋە كېيىنچە يەنە نەزمىي مۇقەددىمىدە چىن ۋە ماچىن ئىبارىلىرى مۇنداق چېلىقىدۇ:

بۇ بەك ئېزىز بىر كىتابتۇر، ئۇ چىن ھۆكىملىرىنىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن بېزەلگەن، ماچىن ئالىملىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ياسالغانكى، بۇ كىتابنى ئوقۇغان ۋە بېيىتلارنى باشقىلارغا بىلدۈرگەن كىشى بۇ كىتابتىنمۇ ئەزىزراقتۇر. چىن ـ ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىكى، مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە، تۈركەي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا ھېچكىم بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىققا ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غىيەت ئۇزلىقى ۋە پەۋقۇللادە گۈزەللىكىدىن، ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر بىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەم بەردى. چىنلىقلار> ئەدەبۇلمۇلۇك < )شاھلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى) دەپ ئاتىدى؛ ماچىن مۇلكىنىڭ ھېكىملىرى> ئايىنۇل مەملىكە < )مەملىكەتنىڭ دەستۇرى (دېسە، مەشرىقلىقلار> زىنىنەتۇلومرا) <ئەمرلەر زىنىنتى) دېدى؛ ئىرانلىقلار دەپ ئات قويدى؛ بەزىلەر> پەندنامەئى مۇلۇك) <پادىشاھلارغا نەسىھەت)دەپ ئاتىدى؛ تۇرانلىقلار دەپ ئات قويدى".

بۇ باياندىكى "چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىكى مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتكۈل تۈركىستان ئەللىرىدە ، تۈركىي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا ھېچكىم بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق "دېگەن جۈملىدىكى "چىن ـ ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى" دېگەن بۆلەك بىلەن "مەشرىق ۋىلايىتىدە ، پۈتكۈل تۈركىستان ئەللىرىدە، تۈركىي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا" دېگەن بۆلەكنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، "چىن ۋە ماچىن" ئىبارىسىنىڭ "قىدان" ئىبارىسىدىن پەرقلىق تىلغا ئېلىنغانلىقىنى، "چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى" ھېچقاچان "قۇتادغۇبىلىك" نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى كۆرۈپ بۇ ھەقتە باھا يۈرگۈزۈۋاتقان لىياۋ ياكى سۇڭ سۇلالىسى ئالىم ھېكىملىرى ئەمەسلىكىنى تەبىئىي ھېس قىلىمىز.

ستەين ئۆزىنىڭ خوتەن ـ لوپ ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ساياھىتىدە مىلادىيىنىڭ بېشىدىكى كاڭىيە يېزىقىدا يېزىلغان بىر ھۆججەتتە "چىنستان" (كىناستان كىنستان) دېگەن ئىبارىنى

ئۇچراتقان. بۇ ئىبارە "چىنىستانى ئىلىك بىگ" (چاشتانى ئىلىك بەگ) داستانىنىڭ نامى بىلەن سىلىشتۇرغاندا قىزىقارلىق تېما كېلىپ چىقىدۇ .ئەلۋەتتە بۇ يەكۈن ئەمەس.

ستەيىن "قەدىمكى خوتەن"ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى 173 ـ بېتىدە سۇي ـ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن خانلىرى ۋە چاڭئەندە ياشىغان خوتەنلىكلەرنىڭ ئىسمى ئالدىغا قويىغان ۋېي چى (尉迟 )ئىروگلىفىنىڭ تۇبۇتلۇقلاردا رىجايا دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشىغا ئاساسلىنىپ، ئەسلى خوتەنلىكلەر "ۋېي چىن"(ۋەئىچىن) دەپ ئىشلەتكەن بولىشى مۇمكىن، دەيدۇ. "ماھا" چوڭ دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەينى زاماندا رىم" دا چىڭ" دەپ ئىشلىتىلەتتى ھەم بۇ چىن ئىبارىلىرى ئوخشىمىغان پاراللەل ئىبارىلەر بولۇپ، خەنزۇ يېزىقىدا پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ۋېي چى (ھازىر ۋىجايا، ۋايسارا دەپ ئۆزىمىز ياسىۋالغان ئىبارە) تاكى خوتەننىڭ ئاخىرقى بۇددا پادىشاھىغىچە قوللىنىلغان. قاراخانىلار ئۇنى ماچىن نامى بىلەن ئاتىغان. ۋېي چى ئىبارىسىنىڭ ماچىن ئىبارىسى ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ. مەسىلەن، ۋېي چىشېڭ" ( 尉迟胜 ) غالىپ غالىبى"مەنىسىدە ئەمەس "غالىپ ماچىنى"مەنىسىدە بولىشى مۇمكىن. دەرۋەقە تاڭ سۇلالىسىغا زامان جەھەتتە يېقىن تۇرىدىغان قاراخانىيلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خوتەندە" ۋېي چى" سۆزى ئەمەس، بەلكى "ماچىن"دېگەن ئىبارە قوللىنىلغانلىقى روشەن. ئى .بىرتىشىندىرنىڭ ئەرەب تارىخچىلىرىغا ئاساسلىنىپ يېزىشىچە، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان قەشقەر ـ خوتەن ئارىسىدىكى (1017 ـ يىلى) ئۇرۇش چىن ـ ماچىن ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان. ستەيىن فرانسوز ئالىمى گرېنارد (م.گرەنارد)نىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ ئەينى چاغدىكى خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ پادىشاھىنى "جاگال ـ كىھالكالۇ ئوف ماچىن" ـ ماچىن شاھى ياغلۇ قالقالۇ دەپ يازغان. بۇ خەلق ئىچىدە "قالقالۇ ماچىن"دەپ ئاتىلاتتى. بۇ دەل "ۋىجايا" ، "ۋايسارا" دەپ خاتا قوللىنىۋاتقان ماچىندۇر.

ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك ئەدەبىياتىدا "چىن"، "ماچىن" ئىبارىلىرى كۆپ ئىستېمال قىلىندى. بۇ لۇتفى، سەككاكى، ناۋائى، زەللى قاتارلىق ئۇيغۇر نەسەبىگە تەۋە كلاسسىك شائىرلار تەرىپىدىنلا ئەمەس ھەتتا ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجۋى، فۇزۇلى، ھەتتا "يولۋاس تېرىسىنى يېپىنۋالغان باتۇر" داستانىنىڭ ئاپتورى گرۇزىن شائىرى رۇستاۋىلى شۇتانىڭ ئەسەرلىرىدە تۇران نامى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. لۇتفى "گۇل ۋە نەۋرۇز" داستانىدا چىن ۋە ماچىن ئارىسىدىكى قېرىنداشلار ئۇرۇشىدىن پەرياد چېكىپ مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

نى يالغۇز چىنۇ ماچىن تەشۋىقىدىن،
كى بارچە دۇنيانىڭ تەشۋىقلىقىدىن.

قارا تاغلىق ۋە ئاق تاغلىق دەپ گۇرۇھ بولۇشۇپ ، تۈگمەس تەپرىقچىلىق قۇيۇنلىرىنى قوزغىغان خوجا ئىشانلارنىڭ يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنى خانىۋەيران قىلىشىپ پەيدا قىلغان جاھالەتلىك يىللىرىدا ياشىغان مەشھۇر شائىر مۇھەممەد سىدىق زەللى ئۆزىنىڭ تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىدە ئۆتكەن سەرسان ـ سەرگەردانلىق ھاياتىنى:

چىندا مۇساپىردۇرمەن ماچىن ئىچىدە غېرىپ،
يار يۈزىن كۆرمەدىم مۇنچەكى مەن سارغىيىپ.

دەپ ئىپادىلىگەن.( زەلىلى دىۋانى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 300 ـ بەتكە قاراڭ). 19 ـ ئەسىردە ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان تالانتلىق شائىر موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ تارىخى داستانى "غازات دەرمۈلۈكىل چىن"(چىن يېرىدىكى مۇقەددەس ئۇرۇش)دە ئىلى ۋادىسىنى "مۈلكىي چىن" دەپ ئاتىغان. بۇ "مۈلكىي ئەجەم"،" مۈلكىي خوتەن" دېگەندەك ئادەت خاراكتېرلىك ئاتاش، ئەلۋەتتە.

ئۇلۇغ شائىر ناۋائىينىڭ "پەرھاد ـ شىرىن" داستانىدا يارىتىلغان چىن شاھزادىسى پەرھاتنىڭ ئوبرازى بىزگە ھەرگىزمۇ ھازىرقى ئەرەب، پارىس، ۋە تۈرك تىللىرىدا "جۇڭگو" نى "چىن" دەيدىغان پاكىت تۈپەيلى "جۇڭگو شاھزادىسى" بولۇپ تۇيۇلمايدۇ. "چىن" ۋە "ماچىن" دىن ئىبارەت بۇ توپونومىيىلىك نام تارىختا ئۇيغۇر ـ تۈرك خەلقلىرى ياشىغان غەربىي يۇرتنى كۆرسىتىدۇ. جاڭ خۇڭنيەن ئەپەندىمۇ "شاھنامە" نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىدا "چىن "ئاتالمىسى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تارىختا تۈركىي خەلقلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوننى كۆرسىتىدۇ. ئۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ، دەپ ئەسكەرتكەن.

يوقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن مۇنداق مۇھاكىمىگە كېلىش مۇمكىن .ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مەركىزى ئاسىياغا بېسىپ كىرگەندە "چىن" قەبىلىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئەمما ئۇرۇش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەشەببۇسكارلىقى تۈپەيلى سۈلھى بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇ "چىن" قەبىلىلىرى ئەفراسىياپنىڭ "تۇران" قەبىلىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.

"چىن" ۋە "ماچىن" ئىبارىلىرى قەدىمكى "غەربىي يۇرت شەھەر ـ قەلە دۆلەتلىرى" گە باغلىنىشلىق ئاتالغۇ بولۇپ، قەدىمدىن مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئاتالغۇ بىلەن چىنشىخۇئاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈپ قۇرغان سۇلالىنىڭ نامىنى ئارىلاشتۇرىۋېتىشكە ئاساس يوق. چۈنكى بۇ ئاتالما چىن سۇلالىسى زامانىسىدىن تولىمۇ قەدىمىي بولغان دەستۇرلاردا تىلغا ئېلىنغان. روشەنكى ، كېيىنكى كۈنلەردە ئاغدۇرۇلغان ۋە ئەينى زامان سىياسىي مۇھىتىدا نامىنى نىشانە قىلغىلى بولمايدىغان چىن سۇلالىسىنىڭ نامى "چىن" ۋە "ماچىن" ئىبارىلىرىگە ئاساس بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇ سۇلالىسى زامانىسىدىلا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى چۈنچيۇ دەۋرىدىلا شىمالدىكى مىللەتلەر) "真人" چىنلار) دېيىلگەن. چىن سۇلالىسىگىچە سوقۇلغان سەددىچىن نىيەنشۈي ۋادىسىغا يەتمەي ئاخىرلاشقان بولۇپ، سېپىل سىرتى "چىن"دەپ ئاتالغان. بۇ ئومۇمەن مەركىزى ئاسىيانى كۆرسىتىدىغان تۇران زېمىنى چىن ، خوتەن دىيارى ئۇلۇغ چىن ـ ماچىن دېيىلىدىغانلىقىنى ،" ئوتتۇرا چىن" ئىبارىسى "ماچىن" ئىبارىسىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

ـ 1990يىلى. ئۈرۈمچى.

كۇماراجىۋا ۋە جۇڭگونىڭ ئەڭ دەسلەپكى بۇددا تاشكەمىر سەنئىتى

ئاپتورى:ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر

بوستانغا يوللىغۇچى:بوزقىر

كۇماراجىۋا جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتى، ئىدىيولوگىيىسىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن شەخس.

كىيىنكى چىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ياۋشىڭنىڭ قوللىشى بىلەن كۇماراجىۋانىڭ يېتەكلىشىدە 800دىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشىپ، 12يىل(401 ـ 413)داۋام قىلغان بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش پائالىيىتى جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە غايەت زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن . ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى كىيىنكى دەۋىر ئوتتۇرا ئىقلىمىنىڭ نەسىر، شېئىر ، دراما، پىروزا ئىجادىيىتى، ئەلنەغمە ، ھەيكەلتاراشلىق ۋە تام سىزما رەسىمچىلىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە گۈللىنىشىگە ئاساس سالغان .

كۇماراجىۋا تەرجىمە قىلغان بۇددا نوم ـ سوترىلىرى بۇددا مىڭئۆيى تام سىزمىلىرىنى ئابستىراكىت تېما ۋە مەزمۇنلار بىلەن تەمىنلەپ، رەسساملارغا پايانسىز ئىجادىيەت زىمىنى ھازىرلاپ بەرگەن . بۇ ھال ئوتتۇرا ئىقلىم بۇددا تاشكەمىر سەنئىتىنىڭ روياپقا چىقىشى ۋە گۈللىنىشىنى مۇھىم تېما ۋە مەزمۇن بىلەن تەمىن ئەتكەن . كۇماراجىۋا بۇددا مەدەنىيىتىنى تارقىتىش جەريانىدا ئىجادىيلىق ۋە تەنقىدى روھنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن . مەسلەن: ئۇ تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن بۇددا نوملىرىنىڭ بەدئىيلىكى ناھايىتى يۇقىرى ، ھېكايىلىق ۋە پەلسەپىۋىيلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئالتە سۇلالە دەۋرىدىكى چاكىنا ئەدەبىيات ئۇسلۇبىنى بۇزۇپ تاشلاپ كۈچلۈك سەن.ەت تۈيغۇسىنى ياراتقان .

كۇماراجىۋانىڭ قەلىمى بىلەن پۈتكەن بەزى تەرجىمە نوملىرىنىڭ بۆلەكلىرى قۇرۇلما ھەم مەزمۇن جەھەتتىن ھېكايىلىق سىيۇژىت قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭدا پەلسەپىۋى شېئىرى ئۇسلۇپ نامايەن قىلىنغان . كۇماراجىۋا ياشىغان دەۋر جۇڭگو بۇددىزىمىنىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان مەزگىلى ئىدى . بۇ غەربىي يۇرتتىن تارتىپ ئوتتۇرا ئىقلىم رايونلىرىغىچە بولغان جايلاردا ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلار سېلىنىپ، تاشكېمىرلەر قېزىلىپ بۇددا سىزما سۈرەتچىلىكى تېز گۈللىنىۋاتقان دەۋر ئىدى .

كۇماراجىۋانىڭ ياشىلىق دەۋرى كۇسەندە ماھايانا بۇددىزىمنى ئۆمۈملاشتۇرۇش بىلەن ئۆتكەن . ھازىرقى كۇسەن تاشكېمىرلىرى ئىچىدىكى قىزىل مىڭئۆيلەر كۇماراجىۋا تەشەببۇس قىلغان ماھايانا بۇددىزىمىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان . كۇماراجىۋا كۇسەندە تارقاتقان بۇددا تەلىماتلىرى شۇ دەۋردىكى تام سۈرەتلىرىدىن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . مەسلەن: بۇددا يارالمىش قىسسىلىرى ۋە سەۋەبىيات ھېكايىلىرى شۇ دەۋر تاشكېمىر سىزمىلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت تېمىسى ئىدى .

شۇ دەۋر كىغسەن بۇددا تاشكەمىرلىرىدە غەربىي رايون جۇملىدىن كۇسەنلىكلەرنىڭ ئوبرازى ۋە يەرلىك مىللى ئالاھىدىلىكلەر رۆشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن . كۇماراجىۋا چاڭئەنگە بارغاندىن كىيىن چىن خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى ياۋشىڭ بۇددا مەدەنىيەت قارىشى جەھەتتە كۇماراجىۋانىڭ بۇددىزىم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە بىۋاستە ئۇچرىغان . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى ،

كۇماراجىۋانىڭ بۇددىزىم ئىدىيىسى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئىقلىمدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان . شۇڭا كىسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، كەڭ ئوتتۇرا ئىقلىم رايونلىرىدىكى بۇددا تاشكېمىر سەنئىتىمۇ كۇماراجىۋا بۇددىزىم مەدەنىيەت ـ سەنئەت قارشىنىڭ مەھسۇلىدۇر .

مەسىلەن: گەنسۇنىڭ جىنلۇڭ رايونىدىكى بىڭلىڭ تاشكېمىرىنىڭ ـ 169 نومۇرلۇق ئۆيىدە، مەيجىشەن تېغىدىكى تاشكېمىرنىڭ 123 ـ ۋە 127 ـ نومۇرلۇق ئۆيلىرىدە سىزىلغان رومبا شەكىللىك تام رەسىملىرىدە كۇماراجىۋا تەرجىمە قىلغان «ئامىتابا سوترىسى»، «ۋىلاماكىرتى سوترىسى» ۋە «ساددارما پونداريكا سوترىسى» دا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنلار سىزىلغان بولسا مەيجىشەن تېغىدىكى 127 ـ نومۇرلۇق تاشكېمىردىكى» غەربىي پاك زېمىننىڭ ئۆزگىرىشى» دېگەن رەسىمدە كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان ئۇسسۇلچىلار ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىكى تۈرلۈك چالغۇلار سىزىلغان بولۇپ ، بۇ تېپىك كۈسەن ئۇسلۇبىدىكى رەسىمنى كۇماراجىۋا بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېگىلى بولمايدۇ . كۇماراجىۋا «ھېكمەتلىك نىلۇپەر سوترىسى»غا ئىلاۋە يازغاندا كۈسەن مۇزىكىلىرىنى ۋە غۇڭقا ، چىيەللە ، بەرباپ قاتارلىق چالغۇلارنى تونۇشتۇرغان.

دېمەك، كۇماراجىۋانىڭ چاڭئەندىكى تەرجىمە پائالىيىتى بولۇپمۇ «ساندارما پونداريكا سوترىسى» ، «ئامىتابا سوترىسى» قاتارلىق300 جىلددىن ئارتۇق سوترىنىڭ قىسقىغىنە 10نەچچە يىلدا تەرجىمە قىلىپ پۈتتۈرۈلىشى ماھايانا بۇددىزىمنىڭ تەرەققىياتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش بىلەنلا قالماي يەنە ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ بۇددا تاشكىمىر ھەيكەلتىراشلىقى ۋە تام رەسىم سىزمىچىلىقىنى تېماتىك مەزمۇن بىلەن تەمىن ئەتكەن .

مەنبەسى: «شىنجاڭ سەنئىتى»ژورنىلىنىڭ ـ 2002 يىللىق 2 ـ سانى

ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىشلەر

بوستانغا يوللىغۇچى: بوستان

غوجا ئەھمەت يۇنۇسنىڭ شۇ ناملىق ماقالىسىدىن

>>ئۇيۇشتى، قوشۇلۇپ ئىتىپاقلاشتى، بىر- بىرىدىن ئايرىلماس بولۇپ ئۇيۇشتى )<<ئوبۇلغازى باھادىرخان): شەجەرەئى تۈرك(<<دىگەن مەننى بىلدۈرىدىغان >> ئۇيغۇر <<دىگەن نام ئەسلىدە بىر مىللەتنىڭ نامى ئەمەس، ئۇيغۇرلار تارىختا بىر قانچە قەبىلىنىڭ ئىتىپاقىدىن تەشكىل تاپقان. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا >> توققۇز ئۇيغۇر<<دەپ ئاتالغان >> .توققۇز ئۇيغۇر <<يەنە >> ئىچكى توققۇز ئۇيغۇر<<، >> تاشقى توققۇز ئۇيغۇر <<دەپمۇ ئاتالغان. دىمەك، ئۇيغۇرلار بىر قانچە قەبىلىلەر ئىتىپاقىنىڭ ئورتاق نامى بولۇش سۈپىتى بىلەن نام چىقىرىپ، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىدە ياشاپ كەلگەن .

ئىلى ئۇيغۇرلىرى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاجرالماس تەركىبى قىسمى سۈپىتىدە ئۆزلىرى ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن ماكان- ئىلى ۋادىسىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئاۋاتلاشتۇرۇشقا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايسى تارىخي دەۋرلەردىكى سىياسى، مەمۇري ۋە مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە نۇرغۇن قېتىملاپ قەيت قىلىنغان.

تارىخى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىنى مىلادىدىن ئىلگىرىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى جۇڭغارىيە رادىسى، تارىم ۋادىسى ۋە تيانشان ئېتەكلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئانا ماكانى ئىدى >> .ئۇيغۇرلار مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىدىكى چاغلاردا تۇغلۇقلار دىگەن نام بىلەن شەقىي ۋە غەربىي ئىككى قىسىمغا بولۇندى >> <<.غەربتىكى ئۇيغۇرلار ئېرتىش دەرياسى بىلەن بالقاش كولىنىڭ ئارىلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى)<<.ھاجى نۇر ھاجى >> :قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ـ3<<بەت). بۇ ئارىلىق، ئەلۋەتتە ئىلى ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .بەزى تارىخى ماتىرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىدىن ئىلگىرى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك جايلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى كوچمەن ھالدا ياشاپ كەلگەن. بۇلار كوچمەن خەلق بولغانلىقتىن، بەك ئاستىلىق بىلەن كوچمەن فېئودالىزىم تۈزۈمگە ئۆتكەن .بۇ كوچمەن فېئودالىزىم چارۋىچىلىق خوجىلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى يايلاقلارنى ئىگىلەش ئاساسىدا راۋاجلانغان. شۇ مەزگىللەردە دىھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇرلار >> تارانچى <<دەپ ئاتالغان. ئىلى ئۇيغۇرلىرى ھېلىھەم ئۆزلىرىنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتايدۇ. بۇ ھەقتە تارىخچى دوكتۇر رىزانۇر >> تۈرك تارىخى <<ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ >> :كونا زامانلاردىن بېرى تۈرك تارانچىلىرى سارىسۇ، ئىلى، تارىم، سىر، ئامۇ دەريالىرى كانارلىرىدا ۋە ئارىلىرىدا چوپلۇكلەرنى سۇغارماق ئۈچۈن مۇھىم قانااللار ياپىشلەر، ھوبۇنات ئەكمىشلەر، مېۋە ياغاچلارى يېتىشتۇرمىشلەردۇر... دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە بۇ تارانچىلاردەك تۇپرىقىغا يەرلىشدىغان، ئۇنى سويىدىغان ۋە مۇداپىئە قىلىدىغان خەلق يوق >> <<.ئىلى سۈيى > -

ئىلى <تۆركچىدە مەشھۇر دىمەكتۇر<< ) >> تارىم (تۆركچىدە تارىماق مەنىسىدە كەلگەن، زىرائەت ئەتمەك دىمەكتۇر. ئەسلى تۆركچىدە چوپچىنى تارانچى دەر ئىدى >>)<<تۆرك تارىخى ـ 3<<قىسىم21ـ ، 22ـ ، ۋە ـ 26 بەتلەر). يەنە بەزى تارىخى ماتىرىياللاردا >> تارانچى <<دىگەن سوزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بارلىقى، بۇ مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ >> تۆركىي تىللار دىۋانى<<دىگەن ئەسىرىدە تەپسىلى چۈشەندۈرۈلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. مەھمۇد قەشقىرى >> تارانچى<<دىگەن سوز>> ) دىۋان<<دا >> تارىغچى <<دەپ ئېلىنغان)نىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ >> :پۈتۈن تۆرك قەبىلىلىرى ھۆنەر ـ كەسىپ قىلغۇچىلارنىڭ سۆپىتىنى ئىپادىلەشتە ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئوخشاشلا > ...چى<نى قوشىدۇ. مەسىلەن > تارىغ ـ ئاشلىق <سوزىدىن > تارىغچى ـ دىھقان ...<دىگەن سوزلەرنى ياسىغانغا ئوخشاش >> )<<تۆركىي تىللار دىۋانى <<ئىككىنچى توم 63ـ ، 64ـ بەتلەر). بۇنىڭدىن ئىلى ۋادىسىدا قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكى، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ >> تارانچى <<دەپ ئاتىلىشى موڭغۇللار ياكى جوڭغارلار تەرىپىدىن قويۇلغان نام بولماستىن، بەلكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ئېلىنغانلىقى ئېنىق كورۇنۇپ تۇرىدۇ.

ئىلى ۋادىسىدا مىلادىدىن كېيىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ياشىغانلىقى ۋە كۆرەش قىلغانلىقىغا دائىر تارىخىي ماتىرىياللار خىلىمۇ كوپ. ئۇيغۇرلار v >> ئەسىردىن باشلاپ... تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالى ئېتەكلىرىدىكى جايلاردا ياشىدى >> )<<قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى<<، ـ 2 بەت). تارىخى ماتىرىياللارغا ئاساسلانغاندا v ئەسىردە سىلىنغان، شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ئالمالىق شەھىرىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى ئۇيغۇرلار ئىدى v .ئەسىردە ئۇيغۇرلار ھازىرقى جوڭغارىيە ۋە تىيانشاندىكى يايلاقلار ئۆچۈن جورجانلارغا قارشى كۆرەش باشلىغان، جورجان تۆركلىرىنىڭ قاغانى شىرون زامانىسىدا (مىلادى 400ـ يىلدىن 411ـ يىلغىچە (قاغانلىقىنىڭ زېمىنى غەربىي جەنۇپتا ھازىرقى قاراشەھەرگىچە، غەربتە ئىلى ۋادىسىغىچە، شەرقتە چاۋشيەننىڭ غەربىگىچە، شىمالدا ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىغىچە، جەنۇپتا ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان. ئۇيغۇرلار مىلادىي 487ـ يىلى جورجانلار ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ، تارىختا >> ئېگىز چارۋىلىقلار ( قاڭقىللار (خانلىقى <<دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر خانلىقىنى ( 487ـ 546ـ يىللار) قۇرغان . ياپونىيەلىك تارىخچى ئەنبۇ جيەنفۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ >> :ئىگىز ھارۋىلىقلار، يەنى تۇغلۇقلار VIئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا > خىللىرى كوپ، يوقالماس <مىللەت دەپ قارىلىپ كەلدى >> <<.شۇنداق قىلىپ، تۇغلۇقلار دۇنياغا تونۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدىن تارتىپ شەرقىي، غەربىي تۆركىستانغىچە بولغان بىپايان زىمىندا، شۇ خىلدىكى مىللەتلەر قەيسەرلىك بىلەن كوپەيگەن ئەھۋالدا، ئاخىر VII ئەسىرنى كۆتۈۋالدى >> ) >> غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات<<، خەنزۇچە نەشرى، 5ـ ، 6ـ ـ بەتلەر .(بۇنىڭدىن VII ـ VI ئەسىرلەردە ئىلى ۋادىسىنىڭ >> ئېگىز ھارۋىلىقلار خانلىقى << دائىرىسىدە بولغانلىقىنى كورگىلى بولىدۇ >> .ئىلى، چۇ ۋە سۇيئاب دەرياسى ۋادىلىرىغا جايلاشقان تۆركەشلەر 638ـ يىلى سۇيئابنى چوڭ ئوردا، ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئالمالىقنى كىچىك ئوردا

قىلىپ، تۈركەش دولىتىنى قۇردى. بۇ تۈركەش دولىتى - VIII ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى >>) <<قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى<<، - 32بەت.(

بىز ئۈنىڭدىن كېيىن قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى (چەت ئەل تارىخچىلىرى بۇنى >> شەرقىي ئۇيغۇر خانلىقى<<دەپ ئاتايدۇ) توغرىسىدىكى تارىخى ماتېرىياللاردىنمۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا دائىر ئاساسلارنى تاپالايمىز VII .ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋام قىلغان ئۇيغۇر خانلىقى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى كەڭ جايلارغا ھەم تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا ھوكۇمرانلىق قىلغان. 751 - يىلى >> ئۇيغۇرلارنىڭ قۇدرەتلىك بېسىمىغا چىدىمىغان قارلۇقلار ئىنتايىن تەبىئى رەۋىشتە ...ئىلى دەرياسى دىلتىسىدىن >> <<تۈركەشلەر رايونىغا كوچتى >> )<<غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات<<، - 117بەت .(

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسى >> غەربتە تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كۇچادىن شىمالدا بالاساغۇننى بېسىپ ئوتۇپ، سىر دەرياسى بويىغىچە سوزۇلغان )<<يۇقىرقى كىتاب157 - نەت). مەھمۇد قەشقىرى >> تۈركىي تىللار دىۋانى<<دا بىزنى ئىلى ۋادىسىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا دائىر نۇرغۇن ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن >> :تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدۇر)<<بىرىنچى توم 40 - بەت .(

>>تۈرك خەلقلىرى ياشايدىغان ئۆلكىلەردىكى باشقا بىر مۇنچە دەريا، ئېقىنلارمۇ ( OGVZ >> بۇ يەردىكى V ھەرپى ئەسلىدە ئۈستىگە ئىككى چېكىت ۋە بىر سىزىقچە قويۇلغان u ھەرپى بولۇپ، بۇ يەردە ئوخشاش يازغىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق كەلتۈرۈلدى، ۋاقىپ بولغايسىز - بوستان<< (دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلى بىلەن يافىنچ ۋادىسى ئارىلىقىدا چېگرىغا جايلاشقان (بىر شەھەرگىمۇ > ئىككى ئۆگۈز <دەپ نام بېرىلگەن)<<بىرىنچى توم 111 - بەت >> .(ئاقتېرەك. ياغما ئېلىدە ئىلى دەرياسىدىكى بىر كىچىك)<<بىرىنچى توم 111 - بەت >> .(ئىلى. بىر دەريانىڭ نامى. ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۈرك قەبىلىلىرىدىن ياغما، توخسى ۋە بىر قىسىم چىگىللەر ياشايدۇ، بۇ دەريا تۈرك ئەللىرىنىڭ جەيھۇنىدۇر) <<بىرىنچى توم 124 - بەت). بۇ ئەسەردە تۈرك خاقانىنىڭ (بەزى تارىخى ماتېرىياللاردا بۇ خاقان غازىكەن ئىسىملىك ئۇيغۇر خاقانى دىيىلىدۇ) ئىلى دەرياسى بويىدا 12موچەللىك يىل ھىسابىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئىلى ۋادىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانى بولغانلىقى كورسىتىلىدۇ >>:تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئوتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان، بۇنىڭدا ئۇ شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئوتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئوتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا مۇنداق دىگەن ... >> : بىز ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىغا ئاساسەن، ھەر بىر يىلغا بىر ئات قويايلى. بىزدىن كېيىن يىل ھىسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھىسابلانسۇن < ...خەلق خاقاننىڭ بۇ پىكرىنى > شۇنداق بولسۇن <دەپ ماقۇللىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئوۋغا چىققان ۋە ھەممە ياۋا ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇغان. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر دەريا، خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئويلاپ يۇرۇپ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن. بىر مۇنچە ھايۋانلار ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتقان. ئۇلاردىن ئون ئىككى خىلى

سۇدىن ئۆزۈپ ئوتكەن. ئەنە شۇ ئون ئىككى هايۋاننىڭ ئىسمى ئون ئىككى يىلغا ئات قىلىپ قويۇلغان )<<بىرىنچى توم 449 ـ ، 450 ـ بەتلەر(
شۇنىڭدەك بۇ ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان بەزى تۈرك ( ئۇيغۇر) قەبىلىلىرى ۋە قىسمەن يەر ـ جاي ناملىرىمۇ بىزنى بۇ جەھەتتىن دەلىل ـ ئىسپات بىلەن تەمىنلەيدۇ >> :چىگىل، ئۈچ تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى. بىرىنچى بارسخاننىڭ توۋەن تەرىپىدىكى > Kuyas < شەھەرچىسىدە ياشايدىغان كوچمەنلەر )<<بىرىنچى توم 511 ـ بەت >> .(قاز. ئافراسىياپنىڭ قىزىنىڭ ئېتى بولۇپ، > قازۋىن<شەھىرىنى ئۇ بىنا قىلغان. بۇ سوزنىڭ ئەسلى > قاز ئورۇنى <دۇر. چۈنكى ئۇ قىز شۇ يەردە تۇراتتى ۋە ئوينايتتى. شۇڭا بەزى تۈركلەر > قازۋىن<نى تۈرك ئېلىنىڭ چېگرىلىرىدىن بىرى هىسابلايدۇ )<<ئۈچىنچى توم 204 ـ بەت >> .(قاز سۈيى ـ ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان چوڭ بىر دەريانىڭ ئېتى. مۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئافراسىياپنىڭ قىزى ئۇنىڭ بويىدا بىر شەھەر بىنا قىلغان. بۇ ئىسىم ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان )<<ئۈچىنچى توم 206 ـ بەت). تەتقىقاتچىلار يۇقىرىدىكى > قۇياس<شەھەرچىسىنى هازىرقى قورغاس ناهىيىسى دەپ، > قاز سۈيى<نى هازىرقى قاش دەرياسى دەپ قىياس قىلىشىدۇ. بىز ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن هازىرقى شىمالىي شىنجاڭنىڭ هەر قايسى جايلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغانلىقىغا دائىر بايانلارنى ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ >> تارىخى رەشىدى<<ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە بېرىلگە مۇقەددىمىدىمۇ كورەلەيمىز >> : دەسلەپكى مەزگىللەردە، شەرقتەرەك جايلاردا ھېچ بولمىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى ئېتىپاقى بولغان: بىرى هازىرقى جۇڭغارىيە دەپ ئاتىلىدىغان جايدا ياشىغان بولۇپ، نايمان ئۇيغۇرلار، يەنى > سەككىز ئۇيغۇرلار<دەپ ئاتالغان. يەنە بىرى ئۇرقۇن دەرياسى بىلەن تۇلا دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان بولۇپ >توققۇز ئۇيغۇرلار<دەپ ئاتالغان. توققۇز ئۇيغۇرلار غەربىي جەنۇپقا قوغلىۋېتىلگەن چاغدا، سەككىز ئۇيغۇرلار كونا ئورنىدا قېلىۋەرگەن. .چىڭگىزخاننىڭ دەۋرىدىمۇ ئۇلارنى مۇشۇ جايدا كورگىلى بولاتتى )<<تارىخى رەشىدى<<، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ قىسىم 106 ـ بەت .(
ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى ماجىرا ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن 839 ـ يىلى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ خانلىقنىڭ شەرقى قىسمىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئوتۈكەن تاغلىرىدىن ئايرىلىپ، خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كەڭ جايلارغا كوچۈپ كەلدى ـ 840 >> .يىلدا ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىلىرىدىن بولغان ياغمىلار ۋە قارلۇقلار ئىلى، يەتتىسۇ ۋە چۇ رايونلىرىدا، يەنى ئىلگىرىكى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ غەربىي زىمىنىدا، بالاساغۇننى مەركەز قىلغان بىر هاكىمىيەت قۇردى. كېيىنچە بۇ هاكىمىيەتكە قەشقەر رايونىمۇ تەۋە بولدى... بۇ هاكىمىيەت > ... قاراخانىلار < دەپ ئاتالدى>> << .قاراخانىلار دولىتىنىڭ ئاساسى ئاھالىسى تەركىبىدە... ياغمىلار ۋە قارلۇقلاردىن باشقا... چىگىللەر، ئاتدىن باسمىل، توخسى، چارۇق... قەبىلىلىرىمۇ بار ئىدى)<<.تۈركىي تىللار دىۋانى<<نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرىش سوز، 2 ـ ، 3 ـ بەتلەر). قاراخانىلار خانلىقىنىڭ هوكۇمرانلىقى IX ئەسىرنىڭ قىرىقىنچى يىللىرىدىن III X ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 850 ـ يىلدىن 1250 ـ يىلغىچە بولغان توت ئەسىر داۋامىدا قوچۇ) ئىدىقۇت )خانلىقىمۇ هوكۇم سۈردى. بۇ ئىككى ئۇيغۇر خانلىقى چەت ئەل تارىخچىلىرى

تەرپىدىن >> غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى<<دەپ ئاتالدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىلى ئۇيغۇرلىرنىڭ تەكتى بولغان ياغما، توخسى، چىگىللەر قاراخانىلار خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئالاھىدە رول ئوينىدى. قاراخانىلار خانلىقى قۇرۇلۇشىدىن ئىلگىرى ياغمىلار قەشقەرنى ئىگىلىگەندى >> .ياغمىلارقاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئورنىتىلىشىدا زور رول ئوينىدى >> <<.ئاتالمىش ياغمىلار، مەيلى قايسىلا مەنىدىن ئېيتقاندا بولسۇن، توققۇز ئوغۇزلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك (مۇنداق ئەھۋال ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە ماس كېلىدۇ<<) <<(غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات ـ 285 <<، ـ 303بەتلەر >> .(قاراخانىلار خانى تۈركىي قوۋملىرى ئىچىدە جەڭگىۋارلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان ياغمىلاردىن چىقتى >> << .ياغمىلار باشلىقىنى > بۇغرا<، > قاراخان <ئۇنۋانى بىلەن ئاتايتتى >> ) <<قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى<<، ـ 64، ـ 65 بەتلەر >> .(ياغمىلارنىڭ خانى بۇغراخان دەپ ئاتىلاتتى. ھالبۇكى، بۇ نامنىڭ تۈركلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىسلام خانلىقى، يەنى...قاراخانىلار خانلىقىنى كورستىدىغانلىقى شەك ـ شۈبھىسىز ) <<ئىبنۇلئەسىر >> : مۇجەمەئەل تەۋارىخ<<، ـ 278بەت ).

بىر مۇنداق خۇلاسىنى X ئەسىرنىڭ ـ 80 يىللىرىدا تۈزۈلگەن قەدىمكى جۇغراپىيىلىك تارىخىي ئەسەر >> ھۇدۇدۇلئالەم ) <<دۇنيادىكى چېگرا پاسىللار تەپسىلاتى) ناملىق ئەسەردىنمۇ كورەلەيمىز ) >> :قاراخانىلار) ھوكۇمرانلىرى ( توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قەبىلىسى)ياغمىلار گۇرۇھى تەرىپىدىن قۇدرەت تاپقان ـ 280) <<بەت). بۇ كىتابنىڭ ـ 12 بابىدىن 17 ـ بابىغىچە شەرقىي جەنۇپتىكى تۈرك قەبىلىلىرى ( توققۇز ئوغۇز، ياغما، قارلۇق، چىگىل، تۈركەشلەر) گە دائىر ئەھۋاللار بايان قىلىنغان ھەم 279 ـ بېتىگە ئۇلارنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى كورستىلگەن خەرىتە قىستۇرۇپ بېرىلگەن (قوشۇمچە خەرىتىگە قاراڭ). قاراخانىلار خانلىقىدا چىگىللەرنىڭ ئوينىغان رولىمۇ كىچىك ئەمەس xii >> .ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بالاساغۇندىن كەلگەن سودىگەرلەر ئۆزلىرىنى <<ئۇيغۇر چىگىللىرى <دەپ ئاتىغان >> )<< غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات<<، ـ 311بەت) ئىلى ۋادىسىنىڭ قاراخانىلار خانلىقىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقى نۇرغۇن تارىخى ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنىدۇ >> :ئۇ چاغدا، ئۇيغۇرلارنىڭ زىمىنى تەخمىنەن بالقاش كولىنىڭ شەرقى چېتىگىچە، ھەتتا غۇلجىغىچە بارغان ھەمدە جۇڭغارىيىنىڭ غەربىي رايونلىرىغىچە كېڭەيگەن ) <<گرىنارد >> :بۇغراخان ھەققىدە رىۋايەتلەر( <<، بۇ خانلىقنىڭ چېگىرىسى >> غەربىي تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدە، غۇلجىنىڭ شىمالىدىكى تەلكە تاغلىرىدىن شىمالغا قاراپ ئالاتاۋغىچە بارغان<<) <<غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات<< ، ـ 377بەت). يۇقارقى تارىخى ماتېرىياللاردا ۋە >> ھۇدۇدۇلئالەم<<گە قىستۇرۇپ بېرىلگەن خەرىتىدە >> غۇلجا<<دېگەن نام ئۇچرايدۇ. بۇ پاكىتنىڭ ئۆزى >>غۇلجا <<دېگەن نامنىڭ قەدىمدىن تارتىپ، ھېچ بولمىغاندا، xئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھكۇمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئىلى ۋادىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغانلىقىغا دائىر بىر نەچچە پاكىت كەلتۇرۇپ ئوتەيلى: چىڭگىزخاننىڭ 2 ـ ئوغلى چاغاتاي ئاساسلىق ئاھالىسى ئۇيغۇرلار بولغان ئالمالىقنى ئۇز خانلىقىنىڭ پايتەختى قىلغان. ئۇيغۇر ئالىمى

>>جامال قارشى ( ئەسلى ئىسمى ئەبۇل فەزلى ئىبنى مۇھەممەد). ئۇنىڭ ئاتىسى بالاساغۇنلۇق بولۇپ، ئۆزى ئالمالىقتا ( ئىلىدا ) تۇغۇلغان، ئىجادىي پائالىيىتىنى قەشقەردە ئۆتكۈزگەن >> )<< قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ـ125 << بەت XII .(ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە X III ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەۋلانا يۇسۇپ سەككاكى >> ) مىفتاھىل ئۇلۇم << نىڭ ئاپتورى)ئىلىدا ياشىغان. ئۇنىڭ قەبرىسى چاپچال ناھىيىسىدىكى خونخاي مازىرىدا.

چىڭ سۇلالىسى ( 1644 ـ 1911) ھوكۇمرانلىقىنىڭ دەسلىپىدە ئىلى ۋادىسىدا ئۇيغۇرلار زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى.بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى باستۇرۇش جەريانىدا جۇڭغاردىكى ئاھالىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى قىرىپ تاشلىغانلىقىدىن ئىبارەت. چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمرانلىرى ھوكۇمەت ئەسكەرلىرىنى بېقىش ۋە ئۇلارغا ئىستىھكام قۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن قەشقەرىيەدىن ئىلىغا ئادەم يوتكىدى، 1759 ـ يىلىدىكى ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىن 6000ئۇيغۇر ئائىلىسى ئىلىغا كوچۈرۈلدى .ئۇلار، ئاساسەن، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلاردىن 600 ئائىلە قاينۇقتا،500 ئائىلە قاشقا، 1100ئائىلە بولوبورغۇسقا، 900ئائىلە جىرغىلاڭغا، 400ئائىلە تاش ئۆستەڭگە، 600 ئائىلە بايتوقايغا، 800 ئائىلە خونخايغا، 500ئائىلە دادامتۇغا، 600 ئائىلە ئارا ئۆستەڭگە ئورۇنلاشتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە 2000 ئائىلە ئۇيغۇر ئىلىغا كوچۈرۈلدى. بۇ ھەقتە شائىر موللا بىلال >> غازات دەر مۇلكى چىن << ناملىق ئەسىرىنىڭ 9 ـ بېتىدە مۇنداق يازىدۇ:

كى چاڭلۇڭ دىگەن خان زامانە يېتىپ،
ئىلە شەھرىگە نەچچە كوچمەن چىقىپ،
كۇچار بىرلە ئاقسۇ، شايار، بايدىن،
كى ياركەند، كاشقەر، خوتەن سارىدىن.

200نەچچە يىلدىن بېرى باشقا جايلاردىن ئىلىغا كەلگەن ئۇيغۇرلار يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە قان ـ تەر توكۇپ شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساپ، ئىگىلىكنى گۈللەندۇرۇپ، ئىلىنى ئىسمى جىسمىغا لايىق، يىراق ـ يېقىنغا مەشھۇر بولغان مۇزەل ۋادىغا ئايلاندۇردى. 1992 ـ يىلى ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، ئىلى ئوبلاستىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 561مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ مۇتلەق كوپچىلىكى ئىلى ۋىلايىتىگە، جۇملىدىن ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق غۇلجا شەھرى ۋە غۇلجا، قورغاس ناھىيىلىرىگە مەركەزلىك ئورۇنلاشقان. غۇلجا شەھرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 139مىڭ 211بولۇپ، شەھەر ئاھالىسىنىڭ 50.7پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئىلى ۋادىسى قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى بولۇپ كەلدى. ئۇلار بۇ ۋادىنى گۈللەندۇرۇش ھەم بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئورتاق ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۇرۇش يولىدا قوشقان ئۆچمەس توھپىلىرى بىلەن تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.

# چىلپەڭزە ناھىيىسىنىڭ ئازاد قىلىنىشى

بوستانغا يوللىغۇچى:
ماقالىنى تەييارلىغۇچى: توختى ئىبراھىم

پارتىزانلار ئىلقا ناھىيىسىنى ئازاد قىلىپ غەرب تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلغان پەيتتە، چىلپەڭزە (كونا قورغاس) ناھىيىسى ئىستراتېگىيە جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم بىر جاي بولۇپ قالغانىدى، يەنى بۇ جاي پارتىزانلار ئەترەتلىرىنىڭ سوۋېت ئىتپاقى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش، قورال - ياراغ سېتىۋېلىش قاتارلىق ئىشلىرىدا ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئورۇنغا ئايلىنىپ قالغانىدى. گومىنداڭنىڭ چىلپەڭزە ناھىيىسىدىكى قوراللىق كۈچلىرىنى دەرھال يوقىتىپ، چىلپەڭزىنى ئازاد قىلغاندىلا، بىزگە ئەركىن ھەرىكەت قىلىش شارائىتى يارىتىلاتتى. پارتىزانلار گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن غەنىيمەت ئالغان قورال - ياراغلار بىلەن قوراللانغان بولسىمۇ، ئىنقىلابىي ئورۇشنىڭ تېزدىن كېڭىيىپ بېرىش يۈزلىنىشىگە قارىغاندا، پارتىزانلار ئەترەتلىرىنىڭ قورال - ياراغ، ئوق - دورىغا بولغان ئېھتىياجى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. غۇلجا شەھىرىدە ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھوكۇمەت قۇرۇلغان، سۈيدۈڭ، كۈرەلەر تېخى ئازاد قىلىنمىغان پەيتتە، سۈيدۈڭ، كۈرەلەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، چىلپەڭزە ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالدى .شۇنىڭ ئۈچۈن، سۈيدۈڭنى قورشاپ ياتقان موگونتوف پارتىزانلار ئەترىتى 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاساسىي كۈچىنى چىپلەڭزىگە يۆتكەپ، چىلپەڭزە سېپىلىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ساقان ھاجى، چاقانبېكلەر بۇ ناھىيىدىكى داشگۇر، چېڭسخوزا، لوسگوڭ ئاھالىسىدىن تەشكىللەنگەن 200كىشىلىك پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ چىلپەڭزىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى.

چىلپەڭزە سېپىلىنى مۇھاسىرىگە ئالغان پارتىزانلارنىڭ ئومۇمى ئادەم سانى 500دىن ئاشمايتتى. ئەمما، سېپىلنى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىر باتالىيون ( 800 كىشى) دىن ئارتۇق خىل قوراللانغان قىسمى قوغداپ تۇراتتى. بۇ باتالىيوندا بىر ئىزىۋوتتىن كوپرەك ئەسەبىيلەشكەن موڭغۇل ياللانما ئەسكەرلىرى بار ئىدى، ئۇلارغا پارتىزانلارغا ئىنتايىن غالجىرلىق بىلەن ئوت ئېچىپ قارشىلىق كورسەتتى. ئۇلارنىڭ مەرگىنى بولغان داڭقا يالڭاچ بولۇۋېلىپ، ئۈچ پىلىموتتىن نوۋەت بىلەن ئوق چىقىراتتى. بۇ ئەسەبىيلەشكەن تەلۋىلەر سېپىلنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدىن ئوق ياغدۇرۇپ، پارتىزانلارنىڭ ئالغا ئىلگىرلىشىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئەسلىدە پارتىزانلار دەرۋازىغا ئوت قويۇپ، شوتا بىلەن سېپىلغا چىقماقچى بولغانىدى، بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پارتىزانلار غەرب تەرەپتىن قاتتىق ئوق ياغدۇرۇپ، دۈشمەننى ئۇزىگە جەلب قىلىپ تۇردى. بىر قىسىم پارتىزانلار شەرقىي جەنۇپ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، سېپىلغا چىقۋالدى. ئۇلار سېپىل ئۈستىدە دۈشمەننى قوغلاپ يۈرۈپ گىرەلەشمە جەڭ قىلىپ، سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەننى يوقاتتى. پارتىزانلار ۋە خەلق ئاممىسىدىن 1000دىن ئوشۇق كىشى سېپىل دەرۋازىسىدىن بوسۇپ كىرىپ، قالدۇق دۈشمەن بىلەن كوچا ئۇرۇشى قىلىپ، دۈشمەننى تەلتۆكۈس تازىلىدى .گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئىككى چېگرا مۇداپىئە روتىسى ۋە قورچاق ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ساقچىلىرى بولۇپ 300دەك دۈشمەن چىلپەڭزىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا يوقىتىلدى. ناھىيىنىڭ قورچاق

ھاكىمى، مۇئاۋىن ھاكىمى، ساقچى ئىدارە باشلىقى، گومىنداڭنىڭ ناھىيلىك پىرقە باشلىقى قاتارلىق 100گە يېقىن ھەربىي ـ مەمۇرى ئەمەلدارى، 200دىن ئوشۇق ئوفىتسىر ـ ئەسكەر ئەسىر ئېلىندى. پولك كوماندىرى، باتالىيون كوماندىرى بولۇپ ئۈچ ھەربىي ئەمەلدار ئوزىنى ئېتىۋالدى. چلپەكزىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن ئىككى ستانكىۋوي پىلىموت، 17قول پىلىموت، 200دىن ئوشۇق مىلتىق، ئاپتومات، يان قورال غەنىيمەت ئېلىندى ۋە قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ئامبىرى قولغا چۈشۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، چلپەكزە بازىرى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئازاد قىلىندى.سىپىل ئۈستىدە ئولگەن ئەسكەرلەرنىڭ قاتارىدا خەنزۇ يۇقرالارنىڭ 10 نەچچە جەستى تېپىلدى. بۇلار سىپىل ئۈستىگە مەجبۇرى ھەيدەپ كىرىلىپ، پارتىزانلارغا قارشى ئۇرۇشقا سېلىنغانلار ئىكەن. ئەنە شۇ خەنزۇ يۇقرالاردىن بىر قىسمى سىپىل ئىچىدە قۇچاقلاشما جەڭ بولۇۋاتقان پەيتتە ئالدى بىلەن قولىدىكى قورالنى تاشلاپ پارتىزانلارغا تەسلىم بولدى. چۈنكى، ئۇلار گومىنداڭنىڭ قانخورلىرىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغان ئاددى خەنزۇ يۇقرالىرى بولغاچقا، گومىنداڭچىلار ئۇلارنىڭمۇ ئەشەددى دۈشمىنى ئىدى .پارتىزانلار ئەترەتلىرى چلپەكزە سىپىلنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرغاندا، سىپىل سىرتىدا نۇرغۇن خەنزۇ ئاھالىلىرى بار ئىدى، پارتىزانلار ئۇلارغا ھىچقانداق دەخلى ـ تەرۇز قىلمىدى، ئۇلارنىڭ ھىچ نەرسىسىگە چىقىلمىدى. ئۇلاردىن بىر كىشىمۇ ئولمىدى ياكى زەخىملەنمىدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى يەرلىك خەلقلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، چلپەكزىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا مەدەت بەردى.

مۇشۇنداق ياخشى ئىنتىزام، ياخشى كەيپىيات موگوتنوف پارتىزانلار ئەترىتىدىكى ئومەروف ۋە نۇرمۇھەممەد باشلىق ئىنقىلابىي زىيالىيلار باشقۇرغان تەشۋىقات گۇرۇپپىسىنىڭ پارتىزانلار ئەترىتىدە سىياسى ـ ئىدىيىۋى خىزمەتنى چىڭ تۇتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ تەشۋىقات گۇرۇپپىسى چلپەكزە سىپىلى چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى لىۋجىخېي دىگەن خەنزۇ تىجارەتچىنىڭ ئويىدە يېتىپ قوپتى .لىۋجىخېنىڭ ئاكىسى ۋە بالا ـ چاقىلىرىمۇ شۇ يەردە ئىدى، ئۇلارمۇ تەشۋىقات گۇرۇپپىسىنىڭ قوغدىشى بىلەن ھىچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى. لىيۇجىخېنىڭ ئاكىسى تەشۋىقات گۇرۇپپىسىغا 30نەچچىدەك قويىدىن قانچىسى لازىم بولسا، شۇنچىسىنى سويۇپ يىيىشنى نەچچە قېتىم ئېيتىسىمۇ، تەشۋىقات گۇرۇپپىسى مۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىدى. لىيۇجىخېنىڭ ئىنىسى لىۋجىلەننى گومىنداڭچىلار سىپىل ئىچىگە مەجبۇرىي ھەيدەپ كەتكەنىكەن. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تەشۋىقات گۇرۇپپىسىدىكى ئابدۇكېرىم، مەھەممەتجان ھاجى، ھەسەنجانلار لىيۇجىلەننى ئىزدەپ تېپىپ، ئويىگە ساق ـ سالامەت ئەكىلىپ قويىدى. لىيۇجىخې بۇ ئىشتىن قاتتىق تەسىرلەندى ۋە مىننەتدار بولدى. لىيۇجىخې 1952 ـ يىلى ئۇرۇمچىدىكى نەنمىن >> مەدەنىيەت << كۇلۇبىنىڭ ئالدىدا كاپىتان ئومەروف، پودپولكوۋنىك خەمىتوف فۇئاد، مايور ئىمىنوفلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كورۇشكەن ۋە >> سىلەرنىڭ ئەينى چاغدىكى شەپقىتىڭلارنى مەڭگۇ ئۇنتۇيالمايمەن <<دەپ چەكسىز مىننەتدارلىقنى ئىزھار قىلغانىدى.

چلپەكزە ناھىيىسى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ناھىيدە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلدى. مەھەممەت ھاجىم ناھىينىڭ تۇنجى ھاكىمى بولدى. ناھىيدە ھەربىي ئورگان، سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرى، مائارىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا ئىدارىلىرى، ساقچى مەھكىمىسى

قاتارلىق ئاپپاراتلار قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاقە راۋانلاشتى . چىلپەڭزە ناھىيىسى ئالدىنقى سەپ ئۇچۇن قورال- ياراغ، ئوق- دورا يەتكۈزىدىغان ۋە ئوفىتسىرلارنى يېتىشتۈرىدىغان بازا بولۇپ قالدى. پارتىزانلار چىلپەڭزە ناھىيىسىنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن ئۈچ قىسىمغا بولۇندى، بىر قىسمى موگوتنوفنىڭ باشچىلىقىدا سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرى ( ھازىرقى قورغاس ناھىيە بازىرى) نى ئېلىش جېڭىگە قاتناشتى . بىر قىسمى كەڭساي پارتىزانلىرىنىڭ جەڭ قىلىشىغا ياردەم بەردى، بىر قىسمى غۇلجىغا بېرىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئايرودروم قاتارلىق تايانچ پونكىتلىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتناشتى. چىلپەڭزىلىك يۈزلىگەن ئەزىمەتلەر پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشۇلۇپ ئالدىنقى سەپكە ماڭدى. كۈرەش قەھرىمانى زىخرۇللام بىلەن بىللە جەڭ ناھىيىسىدە دۈشمەن ئىستىھكامىنى پارتلىتىپ، ئاجايىپ قەھرىمانلىق موجىزىسى ياراتقان ئابدۇرېشىتمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ئىدى.

## ئارىشاڭ، بورتالا ناھىيلىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى

ئەسەر ئاپتورى: توختى ئىبراھىم
بوستانغا يوللىغۇچى:كۆسەن

ئارىشاڭ، بورتالا ناھىيلىرى بۆك ـ باراقسان ئالاتاۋ جىلغىلىرىغا جايلاشقان گۈزەل يايلاق شەھەرلىرى ئىدى .ئۇ يەردە خەلق داۋالىنىدىغان بىر قانچە سۇ ئارىشىكى بار ئىدى. بۇ ناھىيلەر سوۋىت ئىتىپاقىغا يېقىن جايلاشقان بولغاچقا، ئىستراتىگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم ئىدى .بۇ ناھىيلەرنى بالدۇرراق ئازاد قىلمىغاندا، بۇلار شەرق تەرەپتىن كېلىدىغان دۈشمەننىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىپ ئوزىنى ئوڭشىۋالىدىغان بېكىتى، ئارقا سەپ تەمىنات بازىسى بولۇپ قېلىۋېرەتتى ـ دە، ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ شەرق تەرەپكە قاراپ ئىلگىرلىشى مۇمكىن بولماي قالاتتى. ئۇ يەردە يەنە ئىنقىلابقا قاتنىشش ھالتىگە كېلىپ، ئىلى پارتىزانلىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق خەلقى بار ئىدى.

1944 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئىلى پارتىزانلىرى كەڭساي ئەتراپىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان مەزگىلدە بورتالا، ئارىشاڭ ئەتراپىدىكى موڭغۇل خەلقى بۇلغۇنوف ئىردە باشچىلىقىدا موڭغۇل پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىل قىلغانىدى .ئىلى پارتىزانلىرى قوماندانلىق شتابى ئۇلارغا قورال ـ ياراغ يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى .موڭغۇل پارتىزانلار ئەترىتى كەڭساي پارتىزانلىرىغا ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، دۈشمەن ئارقا سېپىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ترانسفورت لىنىيەسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇلار 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خاربۇخ ئەتراپىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىر ئاپتومبىلغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاپتومبىلدىكى 17ئەسكەرنى يوقىتىپ، 17مىلتىق، بىر پىلىموت، بىر مۇنچە ئوق ـ دورا، قول بومبىلىرىنى غەنىيمەت ئالدى.
ئىستراتىگىيە جەھەتتىن ئالغاندا، كەڭساي ئۇرۇشىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئارىشاڭ ۋە بورتالالارنى ئازاد قىلغاندا، ئۇتەينى قولغا كەلتۈرگىلى ۋە دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇزۈق ـ تۈلۈكلەردىن مەھرۇم قىلىپ، كەڭساينى بالدۇرراق ئازاد قىلىشقا قولايلىق ياراتقىلى بولاتتى. كەڭساي ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان كوزلوف، لېكسىن، نائىل، ئارۇپ قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر قىسىم پارتىزانلارنى ئارشاڭغا ئاۋەتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، 300كىشىلىك غېنى باتۇر پارتىزانلار ئەترىتى، 100كىشىلىك باۋدۇن ئابدۇللا، مەمتىمىن ئومەروف پارتىزانلار ئەترىتى بىرلەشمە قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشۇپ، سۈيدۈڭدىن يولغا چىقىپ، كەڭسايغا كەلدى ۋە ئۇ يەردە بىر مەھەل جەڭ قىلغاندىن كېيىن، ئارىشاڭغا يۈرۈش تەييارلىقىغا كىرىشتى .مەمتىمىن ئومەروف بىرلەشمە قوشۇننىڭ سىياسى يېتەكچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى.
غېنى باتۇرنىڭ قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشتا مول تەجرىبىگە ئىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەيرىتى ئۈستۈن، جاسارەتلىك ئەترەت بولسىمۇ، ئۇلاردا ئىنتىزامسىزلىق، تۇرمۇش ئىستىلى قالايمىقان بولۇش ئەھۋالى خېلى ئېغىر ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ نۇقسانلىرىنى تۈزەتكەندىلا، ئاندىن بۇ ئەترەتنى غالىپ قوشۇنغا ئايلاندۇرغىلى بولاتتى. سىياسى ـ ئىدىيۋى

تونۇشى يۇقىرى بولغان مەتىمىن ئومەروف بىرلەشمە قوشۇنغا سىياسى يېتەكچى بولغاندىن كېيىن، ئالتە ماددىلىق ( قانۇنسىز چېكىملىكلەرنى چەكمەسلىك، هاراق ئىچمەسلىك، قىمار ئوينىماسلىق، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىگە تەگمەسلىك، ئاياللارغا چېقىلماسلىق، خەنزۇ پۇقرالارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماسلىق، ئوق چىقارماسلىق، ئىمانىمىزنى پاك تۇتۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىك ئەخلاقنى جارى قىلدۇرۇش) سىياسى تەربىيە پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، پارتىزانلارغا ئومۇميۈزلۈك تەربىيىنى كۈچەيتتى. بۇ سىياسى تەربىيە پىلانىدا > كىمكى بۇ ماددىلارغا خىلاپ ئىشلاردا بولىدىغان بولسا، ئۆلۈم جازاسىغا هوكۇم قىلىندۇ <<دەپ بەلگىلەندى. مەتىمىن ئومەروف بۇ سىياسى تەربىيە پىلانىنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن غېنى باتۇرغا كورسەتتى. غېنى باتۇر بۇ ئىشتىن ناهايىتى خۇشال بولدى.

ـ ياخشى قىلىپسەن، سۈيدۈڭلۈك قىزىل پاچاق دوستۇم، ـ دېدى ئۇ چاقچاق ئارىلاش، ـ بۇ بەچچىغەر ئادەملىرىمنىڭ قۇلىقىنى راسا سوزۇپ تۇرۇپ ئوقۇتقىن. ئەگەر سەن تۈزگەن ئەشۇ ئالتە ئايەت رىسالەڭگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىدىغانلار كورۈلىدىغان بولسا، ماڭا دەپ قويغىن، مەن ئۇلارنى ئېتىپ تاشلايمەن!

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بىرلەشمە قوشۇندا يۇقارقى سىياسى تەربىيە پىلانى يولغا قويۇلدى. قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىدىن كېيىن، بىرلەشمە قوشۇننىڭ سىياسى ـ ئىدىيە ۋە ئەخلاق قىياپىتىدە زور ئوزگىرىش بولدى، قوشۇننىڭ ئىنتىزامى كۈچەيدى .

غېنى باتۇر قوماندانلىقىدىكى400 كىشىلىك بىرلەشمە قوشۇن 1944 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى داشگۇر، مازار ئارقىلىق ئوتۈپ ئاقسۇ داۋىنىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئاقبايتال، سىمپىتوزا ئارقىلىق سەنتەيگە بارماقچى بولدى. سەنتەيگە بېرىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىگەندىن كېيىن، شىۋېرتىغا هۇقۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى دۈشمەننى يوقاتتى ۋە 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئارىشاڭ ئەتراپىدا ئىردە باشچىلىقىدىكى مۇڭغۇل پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ئۇچراشتى .شۇ چاغدا ئارىشاڭ ناهىيە بازىرىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىر كۈچەيتىلگەن روتىسى مۇداپىئەدە تۇراتتى. پارتىزانلار تۇتۇۋالغان گومىنداڭ تېلىفونىستى بۇ يەردە 300نەچچە هەربىي ـساقچى بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. غېنى باتۇر قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن موڭغۇل پارتىزانلار ئەترىتى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئارىشاڭ ناهىيە بازىرىغا هۇجۇم باشلىدى.

دۈشمەن پىلىموت ئوت كۈچى ئارقىلىق پارتىزانلارنىڭ هۇجۇمىغا قاتتىق قارشىلىق كورسەتتى. بىر يېرىم كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلغان شىددەتلىك ئېلىشىشتا پارتىزانلاردىن 10نەچچىسى قۇربان بولدى. ئاخىر قاتتىق قۇچاقلاشما ئۇرۇشتىن كېيىن، دۈشمەن ئەسكەرلىرى قورچان ناهىيىلىك هوكۇمەت ئىچىگە قامىلىپ قالدى. پارتىزانلار 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ناهىيىلىك هوكۇمەت ئىدارىسىگە شىددەتلىك هۇجۇم بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى قالدۇق دۈشمەننى تولۇق يوقاتتى .شۇنىڭ بىلەن ئارىشاڭ ناهىيىسى پۈتۈنلەي ئازاد قىلىندى. ئارىشاڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا دۈشمەننىڭ 70دىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدى، ئارىشاڭ ناهىيە بازىرىنى قوغداپ تۇرغان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ روتا كوماندىرى قالغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ بورتالا ناهىيىسىگە قېچىپ كەتتى. ئارىشاڭ ناهىيىسىنىڭ قورچاق هاكىمى ۋاڭ بىڭشياڭ رە بىر قىسىم هەربى ـ ساقچىلار

ئەسرگە ئېلىندى، سەككىز پىلموت، 290مىلتىق، تۆت ئاپتومات ۋە بىر قىسىم ئوق غەنىيمەت ئېلىندى. ئارىشاڭدا ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ، پۇجە ئارىشاڭ ناھىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇللىقىغا تەيىنلەندى.

ئارىشاڭ ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا پارتىزانلار بىرلەشمە قوشۇننىڭ كوماندىرى غېنى باتۇر يارىلاندى. پىلموتتىن ئېتىلىپ چىققان بىر ئوق مۇرىسىدىن كىرىپ، قوۋۇرغىسىدىن چىقىپ كەتتى. قان كۆپ ئېقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ۋاقتىدا غۇلجىغا ئەۋەتىلىپ داۋالىتىلغاچقا، ھاياتى ئامان قالدى.

گومىنداڭ زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى لى يۈشياڭ ئارىشاڭ ناھىيە بازىرىنى پارتىزانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئاقسۇ داۋىنى ئارقىلىق غۇلجىغا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى خۇشىڭياڭنى بورتالا، ئارىشاڭ تەرەپتىكى ئۇرۇش ئىشلىرىغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. شۇ جايدىكى ئەسكىرى كۈچ بىلەن بورتالا ناھىيە بازىرىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى تۇتۇپ تۇردى ۋە بىر باتالىيون ئەسكەر بورتالا ناھىيە بازىرىنى ساقلاش، بىر باتالىيون ئەسكەر بىلەن ئارىشاڭغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، لى يۈشياڭدىن ئىككى باتالىيون ئەسكەر كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لى يۈشياڭ 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بىر باتالىيون ئەسكىرى كۈچىنى بورتالا ناھىيە بازىرىغا كىرىش ۋە ئارىشاڭغا قاراپ ئىلگىرلەپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ گومىنداڭ قوشۇنى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شياۋيىڭپەننى، 14 ـ كۈنى لاۋشاۋفاڭنى ئىشغال قىلدى، 16 ـ كۈنى خاربۇتقا قاراپ ئىلگىرلىدى. 17 ـ كۈنى خاربۇتتىكى پارتىزانلارنىڭ شىددەتلىك توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، شياۋيىڭپەنگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى گومىنداڭ قوشۇنى خاربۇخ ئەتراپىدا توسۇلۇپ قېلىپ، زادىلا ئىلگىرلىيەلمىدى.

2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئىلى پارتىزانلىرى ۋە ئىردە باشچىلىقىدىكى موڭغۇل پارتىزانلار ئەترىتى ئارشاڭ ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ، خاربۇخ، شياۋيىڭپەنلەرگە ھۇجۇم قىلدى، گومىنداڭ قوشۇنلىرى پارتىزانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئالدىدا ھەر قەدەمدە مەغلۇپ بولۇپ ئارقىغا چېكىندى .بورتالا ناھىيە بازىرىنى ساقلاپ تۇرغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى ۋەزىيەتنىڭ قاملاشمايۋاتقانلىقىنى مولچەرلەپ، 100 ئاپتومبىلغا يېقىن ئاشلىق، مال ـ مۈلۈك قاتارلىق نەرسىلەرنى بۇلاپ جىڭغا قاراپ قاچتى. بورتالا ناھىيىسىنىڭ قورچاق ھاكىمى شۇسۇڭتاۋ 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كېچىسى قورچاق ناھىيىلىك ھوكۇمەت خادىملىرى ۋە بىر قىسىم ئاممىنى باشلاپ شىخوغا قاراپ قاچتى. 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پارتىزانلار بورتالا ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلدى.شۇ كۈنى گومىنداڭنىڭ بورتالا ناھىيىلىك ھوكۇمىتىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېنىقلاش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىش كومىتېتى قۇرۇلدى. كومىتېت ئۇرايىم، نامجىل، ئومەر ئاخۇن، خەلىپ، ئايىمەمەت، دورجىلاردىن تەركىب تاپتى. ئارىشاڭ، بورتالا ناھىيىلىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى تايانچ پونكىتلىرىغا ياردەم بېرىش پىلانىنى مەغلۇپ قىلدى، پارتىزانلارنىڭ شەرق تەرەپكە قاراپ غەلىبىسىرى ئىلگىرلەپ سەنتەي، ئۇتەيلەرنى ئازاد قىلىش ۋە جىڭ، شىخولارغا غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىشقا يول ئېچىپ بەردى.

# «نازىركوم»نىڭ ھېكايىسى

ۋەلى كېرىم كۆكئالىپ
بوستانغا يوللىغۇچى:مۇلايىم

نازىركوم ئۆزگىچە، شوخ ئوينىلىدىغان خەلق ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەملىكىتىمىز ۋە خەلقئارا سەھنىلەردە جەۋلان قىلىپ، ئۇيغۇر ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرماقتا.

- - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - -

<نازىركوم<نى> نازىر<ۋە> كوم<دىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن ئاتالغۇ دەپ تەبىر بەرگىنىمىزدە ،بۇ ئۇسۇلنىڭ زادى قايسى دەۋردە پەيدا بولغانلىقىنى ۋە نېمە سەۋەپتىن شۇنداق ئاتالغانلىقىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ توغرا چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. بىز نازىركوم ئۇسۇلىنى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ،ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئادەتلىرىنى ئۇسۇل شەكلىدە ئەڭ ياخشى ئىپادىلىگەن،دەيمىزيۇ،ئۇنىڭ نامى پارسچە> نازىر<بىلەن> كوم<نىڭ بىرىكىشىدىن كەلگەن دەپ بىر ـ بىرىگە زىت پىكىرنى ئوتتۇرغا قويىدىكەنمىز. ئەگەر بۇ ئۇسۇلنىڭ نامى پارسچىدىن كەلگەن بولسا، شەكسىزكى،بۇ ئۇسۇلنىڭ تارىخى پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنى تۇرمۇشىغا قاتتىق تەسىر قىلغان16 ـ 17 ـ ئەسىرلەرگە تاقىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق تارىخى شارائىتتا نازىركومدەك<ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق تۇرمۇش ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن<قەدىمكى ئۇسۇلنىڭ خەلق ئارىسىدا پەيدا بولۇپ قېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداقتا ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە بۇ ئۇسۇل نىمە سەۋەپتىن> نازىركوم<دەپ ئاتىلىپ قالغان؟ تۇرپاندىكى پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى تارىخى ماتېرىياللار بىلەن بىرلەشتۈرگىنىمىزدە، <نازىركوم<دېگەن بۇ نام> تۈركىي تىللار دىۋانى<دا> لەكچىن<دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان، شەرقى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ۋە تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ ئاستانىسى بولغان، 1933 ـ يىلى شېڭ شىسەي خوجنىياز ھاجى بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن كېيىن كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىۋەتكەن لۈكچۈن شەھرىدە(ھازىرقى پىچان ناھىيسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى)،تۇنجى ئەۋلات تۇرپان ۋاڭى ئىمىن خوجا(1696_1778)دەۋرىدە پەيدا بولغان ۋە ئەتراپقا كېڭەيگەن.

نازىركوم ئۇسۇلغا يوشۇرۇنغان ھېكايە مۇنداق:

ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ تۇرپان ئويمانلىقىدا ئىشقىيەچىلەرگە مايىل> جەۋھىرى سۈلۈك<تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئەتراپىغا نۇرغۇن مۇرىت توپلىۋالغان ئىمىن سوپى(ئىمىن ۋاڭ)1720 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئاستانە، قاراغوجىدىن تارتىپ پىچاننىڭ چىقتىمغىچە بولغان يەرلىرىگە ھۆكۈمىنى جارى قىلىپ كېلىۋاتقان لۈكچۈن خانى ئەھمەت باقىبەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بەگ بولغان. بۇ چاغ دەل جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى جۇڭغار خانلىقىغا تولۇق قارام بولغان،قورچاق ھاكىمىيەت ئىشقىيەچىلەرنىڭ قولىدىن ئىسھاقىيەچىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن،قۇمۇل رايونى چىڭ سۇلالىسگە بەيئەت قىلغان؛ تۇرپان رايونى بولسا كىچىك ـ كىچىك بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغار خانلىقى تالىشىدىغان، ئۇرۇش ئۈزۈلمەيدىغان رايونغا ئايلىنىپ قالغان ئاچقۇچلۇق مەزگىل ئىدى.مانا مۇشۇنداق كەسكىن ۋەزىيەتتە،تۇرپاندىكى بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر ئارىسىدىمۇ جۇڭغار خانلىقىنى ھىمايە قىلىش ياكى چىڭ سۇلالىسگە بەيئەت قىلىشتەك ئىككى خىل

تاللاش يولى بار ئىدى. بۇ چاغدا ئىمىن خوجا جۇڭغارلارغا قارشى تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىنى ھىمايە قىلىش يولىنى تاللىۋالغان. چىڭ سۇلالىسى 1720-يىلى يازدا قومۇلدىن ئۆتۈپ تۇرپانغا كېلىپ جۇڭغارلارنى قارا شەھەرگىچە سۈرۈپ بارغان، ئۇزاق ئۆتمەي باركۆلگە قايتىپ كەتكەن. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان جۇڭغارلار ناھايىتى زور ئاتلىق قوشۇن باشلاپ كېلىپ، لۈكچۈن شەھىرىنى قورشىۋالغان. ئىمىن خوجا پۇقرالىرىنى تەشكىللەپ دۈشمەنگە قارشى تۇرغان. 40 كۈنلۈك قامال جەريانىدا، ئاچلىق، ئادەم كۈچى يېتىشمەسلىكتەك ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ دۈشمەننى چېكىندۈرگەن. ئۇزاق ئۆتمەي چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى پىچان تەۋەسىگە يەنە كەلگەن. ئىمىن خوجا پۇقرالىرىنى باشلاپ چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرىنى قىزغىن قارشى ئالغان ۋە چىڭ سۇلالىسىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەن. جۇڭغار خانلىقىغا بۇرۇندىن ئىتائەتچى كۈچلۈك بولغان ئەزىز خوجا جۇڭغار ئاتلىقلىرى بىلەن بىرگە ئۆزىگە تەۋە ئاھالىنى باشلاپ دەسلەپتە قارا شەھەرگە، ئاندىن ئۈچقا كۆچكەن. شۇنىڭ بىلەن> ئۈچ<دىگەن نامغا> تۇرپان<ئاتالغۇسى قوشۇلۇپ> ئۈچتۇرپان<دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.

ماناشۇنداق مۇرەككەپ تارىخى شارائىتتا، تارىخ سەھنىسىگە چىققان ئىمىن خوجا ناھايىتى ئەقىللىق، زېرەك، سۆزمەن، بىلىملىك ھەم تەدبىرلىك كىشى بولغان. ئۇ قانداق قىلىپ پۇقرانىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى، قانداق قىلىپ خانغا يېقىشنى، ئۆز مەقسىتىنى ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماي ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ياخشى بىلەتتى.

ئەنە شۇ چاغلاردا تۇرپان رايونىغا كەڭ تارقالغان>گۇممۇك گۇم<دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كۈي بولۇپ، ئۇنىڭغا شوخ ئۇسۇل تەڭكەش قىلىنغان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ تا ئوۋچىلىق دەۋرىدىن تارتىپ ئولتۇراق ھاياتقا ئۆتكىچە بولغان ئۇزاق ئەسىرلىك تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى بۇ كۈيگە ئۇسۇل شەكلىدە سىڭىپ كەتكەن.

بۇ شوخ كۈيگە ئۇسۇل ئوينىيالايدىغانلار ساناقلىقلا بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇسۇلغا ھەممە كىشى قاتتىق قىزىققان، ھەۋەس قىلغان. بۇ كۈيگە قەاملاشتۇرۇپ ئۇسۇل ئوينىيالايدىغانلارنىڭمۇ ئەل ئارىسىدا ئابرويى يۇقىرى بولغان. بۇ ئۇسۇلنى ئوردا قىزىقچىسى ھەم ئۇسۇلچىسى ناسىر ئىسىملىك ئوتتۇرا بوي، چىرايىدىن شوخلۇق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كىشى ھەممىدىن ياخشى ئويناپ ئەلگە تونۇلغان. ئۇ >گۇممۇك گۇم<غا ئۇسۇلغا چۈشكەندە مەيداندا شۇ ھامان ئالقىش ياڭرىغان، ھۇششەررە-بارىكاللا پەلەككە يەتكەن، تۇماقلار ئاسمانغا ئېتىلغان، بۇ كىشىنىڭ نامىنى يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە ھەممىسى بىلگەن.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شۇ چاغدا تۇرپاندا بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان. دەل مانا شۇ چاغدا ئىمىن خوجا چوڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ خەتنە تويىنى قىلىپ، يۇرت ئەھلىگە داستىخان سالغان. ئىمىن خوجىنىڭ بۇ ئوغلى كىچىك چېغىدا پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، كېيىن ساقايغان بولسىمۇ، ئالچاڭلاپ ئاران-ئاران ماڭالايدىغان بولغان. ئىمىن خوجا تۇنجى پەرزەنتى بولغاچقىمىكىن، بۇ ئوغلىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئوغلىنىڭ مېيىپلىكىنى تىلغا ئېلىشىغا ۋە مەسخىرە قىلىشىغا يول قويمايدىكەن. نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ خەتنە تويى چوڭ ئۆتكۈزۈلگەنلىكى، يۇرتتا ئۇزاقتىن بۇيان ئۇرۇش-تالاش بولۇپ، بۇنداق بىرەر كۆڭۈل

ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ باقمىغانلىقى تۈپەيلىدىن قالتىس قىزىپ كەتكەن. ئۇسسۇلچىلار بىر ـ بىرىدىن قېلىشماي ئۇسۇل ئويناشقان. بىر چاغدا سۇنايچى پەدىنى>گۇمۇڭ گۇم<غا يۆتكىگەن هامان، ناغرىچىلارمۇ ناھايىتى چاققانلىق بىلەن رىتىمى تېز بۇ پەدىگە چېلىشقا باشلىغان. مەيداندا ئۇسۇل ئويناۋاتقانلاردىن> گۇمۇڭ گۇم < غا ئوينىيالايدىغانلىرى ئويناپ،ئوينىيالمايدىغانلىرى مەيداندىن چۈشۈپ كەتكەن. بۇ چاغدا تاماشا كۆرۈۋاتقان خالايىق ئىچىدىن بىرى>:ھە! ناسىر! ئوينا! ئوينا<!دەپ ۋاقىرىشى بىلەن تەڭ ،ناسىر ئۇسسۇلچى مەيدانغا چۈشۈپ ناھايىتى قىزىقارلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇسۇل ئويناشقا باشلىغان. ئۇنىڭ لىكىلداپ ئېتىلىۋاتقان قېشى، كۆز ھەركەتلىرى، چاققانلىق ۋە ئەپچىللىك بىلەن يۆتكىلىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان پۇت ۋە قوللىرى تاماشا كۆرىۋاتقانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان.

ئەسلىدە ناسىر ئورىدىدا ئىمىن خوجىنىڭ ھەر خىل قىلمىشلىرىنى كۆپ كۆرگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر نەچچە كۈن ئىلگىرىلا ئىمىن خوجا يوقىلاڭ ئىشلار تۈپەيلى ئۇنىڭغا قاتتىق دەشنەم بەرگەن.ئۇسۇل ئويناۋاتقان ناسىرنىڭ يادىغا مانا مۇشۇ ئىشلار كېلىشى بىلەن تەڭ، ئاچچىقى تۇتقان. دېيەلمىگەن، دېمەكچى بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئويناۋاتقان ئۇسۇلغا سىڭدۈرۈپ،ئىمىن خوجىنىڭ قىلمىشلىرىنى خەلقئالەمگە پاش قىلماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ> گۇمۇڭ گۇم< غا يېڭىچە شەكىللەرنى كىرگۈزۈپ ئويناشقا باشلىغان.ئۇ ئۇسۇلدا خۇددى پالەچ بولغان نۇرمۇھەممەت خوجىغا ئوخشاش گاھىدا ئالچاڭلاپ، گاھىدا مايماقلاپ ماڭسا،گاھىدا ئاغزىنى كالچايتىپ، كېكەچلىگەنلىرىنى ناھايىتى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ دوراپ ئويناشقا باشلىغان. تاماشا كۆرۈۋاتقانلار ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىگە ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگىچە كۈلۈشكەن،بارىكاللا سادالىرى پەلەككە يەتكەن، بۆكلەر ئاسمانغا ئېتىلغان> .ئوينا ناسىرگۇم< ،>قاينا ناسىرگۇم<دېگەن ۋاقىراشلار ئەۋجىگە چىققان. ئويۇن كۆرۈۋاتقان ئىمىن خوجا ناسىر ئۇسسۇلچىنىڭ ھەر خىل ھەجۋىي ئۇسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۆزىنى ۋە ئوغلىنى ھاقارەتلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان، ئەمما تويىنى قىزىتىپ ئۇسۇل ئويناۋاتقان ناسىرنى مەيداندىن چۈشۈرىۋېتىشكە ئامالسىز قالغان. ناسىر تاكى توي ئاخىرلاشقىچە ئىمىن خوجىنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى، ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى پۇخادىن چىققۇچە مەسخىرە قىلغان.شۇنىڭدىن ئېتىبارەن> گۇمۇڭ گۇم<دېگەن پەدىنىڭ خەلق تىلىدىكى ئاتىلىشى ئۆزگىرىشكە باشلىغان ھەمدە> گۇمۇڭ گۇم<دەپ ئەمەس،> ناسىرگۇم)<ناسىرچە گۇمۇڭ گۇم دېگەن مەنىدە)دەپ ئاتالغان. ناغرىچى، سۇنايچىلار مۇراسىم، بەزمە ـ مەشرەپلەردە> قايسىسىغا چالىمىز؟<دەپ سوراپ قالسا، كىشىلەر ئىككىلەنمەيلا>: ناسىرگۇم<غا دەپ جاۋاپ بېرىشىدىغان بولغان. بۇ خىل كەيپىيات كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئالغان. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن ئىمىن خوجا ئۇزاق ئۆتمەيلا ناسىر ئۇسسۇلچىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتكەن،لېكىن خەلق ئۆز باغرىدىن كۆكلەپ چىققان مەردانە ،قەيسەر يۈرەك ئۇسۇلچى ناسىرنىڭ ئىسمىنى ئۆزلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان >گۇمۇڭ گۇم<پەدىسىگە ئات قىلىپ،ئۇنى> ناسىر گۇم<دەپ ئاتىغان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن >ناسىر گۇم<دېگەن نام تاۋۇش ئۆزگىرىشى ياساپ> نازىركوم<بولۇپ قالغان ۋە ھازىرقى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن).تۈگىدى)

مەنبە>:شىنجاڭ ياشلىرى ـ 2006<يىل 5 ـ سان.

## قەدىمقى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى "شيوڭنۇ" قاتارلىق ئىسىملارنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچىدىكى تەرجىمىسى (هون ئاتالغۇسىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچىدىكى ئاتىلىشى)

ئاپتورى:ياسىن هۇشۇر
بوستانغا يوللىغۇچى:

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە خەنزۇ تىلىدىكى "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىهالى" ۋە ئۇنىڭ 10 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلى تەرجىمىسىگە ئاساسەن، خەنزۇچە ئەسلى تېكىست ۋە ئۇيغۇرچە تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى سېلىشتۇرۇلۇپ،ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى "شيوڭنۇ"قاتارلىق قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ ئىسمى ۋە جۇغراپىيىلىك ناملارغا بولغان چۈشىنىشى دەسلەپكى قەدەمدە مۇهاكىمە قىلىنىدۇ.

تارىختا شيوڭنۇلار خەنزۇچە ماتېرىياللاردا ئوخشىمىغان ناملاردا تىلغا ئېلىنغان. جوۋ دەۋرىدە ئۇلار "خۇنيى،شۈنيۈ، شيەنيۈن"، چۈنچيۇ دەۋرىدە "روڭ، دى"، جەنگو، چىن، خەن دەۋرلىرىدىن بۇيان "خۇ" ياكى "شيوڭنۇ"، چىن، خەن دەۋرلىرىدىن بۇيان ئادەتتە "شيوڭنۇ" دەپ ئاتالغان. ۋاڭ گوۋېي "شاڭ، جوۋ دەۋرلىرىدىكى گۈيفاڭ، خۇنيى، شۈنيى، شيەنيۈنلەر، چۈنچيۇ دەۋرىدىكى روڭ، دىلار ۋە جەنگو دەۋرىدىكى خۇلارنىڭ هەممىسى شيوڭنۇلار بىلەن بىر ئۇرۇقتىن، ئەملىيەتتە بىر مىللەتتۇر"دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە " 'گۈيفاڭ' دىكى 'فاڭ' ۋە 'خۇنيى' دىكى 'يى' نى خەنزۇلار ئۆزلىرى قېتىۋالغان" دەپ قارايدۇ. ئۇنداقتا ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلىغىدىكى باشقا قەدىمي مىللەتلەر "شيوڭنۇ"لارنى قانداق ئاتىغان؟ بۇ جەهەتتە، قەدىمي ئۇيغۇر تىلىدىكى هۆججەتلەر بىزنى ئىنتايىن قىممەتلىك يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ ماقالىدە خەنزۇچە "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىهالى" ۋە ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى "بۇدساتۋا سامتسو ئاچارىنىڭ يورىغىن ئۇقتىماق سى ئېن چىن تىگمە نوم بىتىگ" ناملىق تەرجىمىسىگە ئاساسەن،خەنزۇچە ئەسلى تېكىستى بىلەن ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى سېلىشتۇرۇلۇپ، بۇ كىتاپنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىسىنىڭ "شيوڭنۇ "قاتارلىق قەدىمقى مىللەتلەر ۋە جۇغراپىيىلىك ناملارنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بىشارەت بەرگەن ئېتنىك مەنبە مۇناسىۋىتى هەققىدىكى چۈشىنىشى دەسلەپكى قەدەمدە تەهلىل قىلىنىدۇ.

### 1.خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى شىمالدىكى مىللەتلەرگە ئائىت خاتىرىلەر

تاڭ سۇلالىسىدىكى شۈەنزاڭ ئېلىمىزدىكى داڭلىق سەيياھ، تەرجىمان ۋە بۇددا كالانى. خەنزۇچە يېزىلغان "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىهالى" شۈەنزاڭنىڭ هاياتى توغرىسىدىكى ئەڭ بالدۇرقى شۇنداقلا ئەڭ تەپسىلى خاتىرىدۇر. بۇ كىتاپنىڭ ئالدىنقى 5 جىلدى شۈەنزاڭنىڭ شاگىرتى خۇيلى شۈەنزاڭنىڭ نوم ئېلىپ كېلىش سەپىرىگە ئاساسەن يېزىلغان بولۇپ، ئورىگىنال پۈتكەندىن كېيىن مەخپى ساقلىنىپ باشقىلارغا كۆرستىلمىگەن. خۇيلى ئۆلۈش ئالدىدا ئاندىن مۇخلىسلىرىغا بۇ كىتاپنى ئەلگە ئاشكارىلاشنى بۇيرۇغان. ۋۇزېتيەن چۈيگوڭنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادى 688 ـ يىلى) شۈەنزاڭنىڭ يەنە بىر شاگىرتى يەنزوڭ بۇ 5 جىلدنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۆزى يەنە 5 جىلد

تۈزۈپ (يەنى بۇ كىتابنىڭ ئارقىسىدىكى 5 جىلد)، جەمى 10 جىلد قىلىپ "شامىن خۇيلى نۇسخىسى، يەنزوڭ يەشمىسى" دەپ نام بېرىدۇ. كىتابتا شۈەنزاڭنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى تەپسىلى خاتىرىلەنگەن، بولۇپمۇ شۈەنزاڭنىڭ تاڭجېنگۇەننىڭ 3 ـ يىلدىن 19 ـ يىلغىچە (مىلادى ـ 629يىلدىن 645 ـ يىلغىچە) ھىندىستانغا بېرىپ نوم ئېلىپ كېلىش سەرگۈزەشتىسى، غەربىي رايون ۋە ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرى ۋە دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىنكى ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتاب ۋە شۈەنزاڭنىڭ يەنە بىر ئەسىرى" بۈيۈك تاڭ غەربىي رايون تەزكىرىسى" بىزنىڭ بۈگۈن غەربىي رايون ۋە ھىندىستاننىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشىمىز جەھەتتە قىممەتلىك ماتېرىيال بولالايدۇ.

ـ 19ئەسىردىن بۇيان "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى "ئىنگىلىزچە، ياپونچە قاتارلىق كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ ھەرقايسى دۆلەت ئالىملىرى تەرىپىدىن كەڭ تەتقىق قىلىندى. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان" شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى"نىڭ تېپىلىشى مىلادى 10 ـ ئەسىردە بۇ ئەسەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى بىر ئۇيغۇر ئالىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تاڭ تەيزوڭ جېنگۇەننىڭ 18 ـ يىلى (مىلادى 644 ـ يىلى) شۈەنزاڭ ئۇدۇنغا قايتىپ كېلىپ، تاڭ تەيزوڭغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە قايتىش ئەھۋالىنى دوكلاد قىلىدۇ. جېنگۇەننىڭ 9 ـ يىلى) مىلادى 645 ـ يىلى) نىڭ بېشىدا شۈەنزاڭ چاڭئەنگە يېتىپ بېرىپ داغدۇغىلىق قارشى ئېلىنىدۇ. 2 ـ ئايدا شۈەنزاڭ تاڭ تەيزوڭ بىلەن دىدار مۇلاقات بولىدۇ. تاڭ تەيزوڭ غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا شۈەنزاڭ سۇدەك جاۋاپ بېرىپ، شاھقا نۇرغۇن تەدبىر پىكىرلەرنى بېرىدۇ. شىمال بىلەن غەربىي رايون ئارىلىغىدىكى تۈركلەر ئىزچىل تاڭ تەيزوڭنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ چېگرا رايونلارنىڭ ۋەزىيىتىگە ھەرۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىۋاتقان ئىدى.جېنگۇەننىڭ 20 ـ يىلى (مىلادى 646 ـ يىلى (شۈەنزاڭنىڭ ئېيتىپ بېرىشى ۋە مۇنشىنىڭ خاتىرىلىشى، ئاخىرى شۈەنزاڭنىڭ ئۆزى تۈزىتىپ كۆرۈپ چىقىشى نەتىجىسىدە "بۈيۈك تاڭ غەبىي رايون تەزكىرىسى"نىڭ 20 جىلدى تاماملىنىدۇ ۋە "غەربىي رايون تەزكىرىسى" تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلىدۇ. جېنگۇەننىڭ ـ 22يىلى (مىلادى 648 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا تاڭ تەيزوڭ شۈەنزاڭنى ئوردىغا كىرىشكە ئەمىر قىلىدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇن تاڭ تەيزوڭ شۈەنزاڭنىڭ راھىبلىقتىن قول ئۈزۈپ سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىشىنى كۆپ قېتىم ئۈمىت قىلغان بولسىمۇ، ھەر قېتىم سىپايىلارچە رەت قىلىنغان ئىدى. بۇ قېتىم ئىككىيلەن مۇڭدىشىش جەريانىدا ئەلنى ئىدارە قىلىش يوللىرى توغرىسىدا توختىلىدۇ. شۈەنزاڭ تاڭ تەيزوڭنىڭ تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەش بىلەن بىرگە كاساياسىنى سېلىپ تاشلاپ راھىبلىقتىن قول ئۈزۈپ سىياسىي بىلەن شۇغۇللانماسلىقىدىكى 5 تۈرلۈك سەۋەبنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىنچى ۋە ئۆتىنچى تۈرلۈك سەۋەپلىرىدە تارىختا شىمال ۋە ئەتراپتىكى رايونلاردا ئۆتكەن مىللەتلەر مەسىلەن "شيوڭنۇ" قاتارلىق قەدىمي مىللەتلەر ۋە جۇغراپىيىلىك ناملار تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

ساۋاپ يولى چەكسىز تۈگمەستۇر. ئەلنى ئىدارە قىلىش يولى رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇپ ئەل كۆڭلىنى ئۇتۇشتاتۇر. ئالىلىرىنىڭ شەپقەت سىياستى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقالدى، شەرقتە دېڭىزدىكى كۈنچىقىش رايونلىرىدىن تارتىپ غەرپتە كۈئېنلۇندىن ھالقىدى. جەنۇپتا ئىسسىق بەلۋاغ

رايونلىرىغىچە،شىمالدا چۆل ـ باياۋانلارغىچە يېتىپ باردى. دۇنيانىڭ ھەممە يېرى شۇنداقلا بارچە قىتئەلەردىكى يۈز ـ بەدەنلىرىگە گۈل چېكىۋالدىغانلار بولسۇن ياكى بۇرنىدا سۇ ئىچىدىغان خەلقلەر بولسۇن ۋە ياكى ئوت ـ چۆپتىن كىيىم كىيىدىغان ۋە كىيىمنى سول تەرەپتى ئىزمىلاپ ئېتىدىغانلار بولسۇن ھەممىسى بوران ـ چاپقۇنغا قارىماستىن ئالىلىرىغا باش قويۇپ، چىن قەلبىدىن ئىتائەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ گەۋھەر ـ جاۋاھىراتلىرىنى تەقدىم قىلىپ،شەھەرلەرنى بايلىققا تولدۇردى. بۇ ئالىلىرىنىڭ ئەلگە مېھرىبان بولغانلىقىدىن بولدى. باشقىلارغا ھاجەت چۈشمىدى. بۇ ئۈچۈنچىسى. شيەنيۇنلارنىڭ مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئۈزۈن بولدى. قەدىمدە بەش پادىشاھ ئۇلارنى ئەل قىلالمىغان، ئۈچ خاقانمۇ ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىغان. شۇنىڭ بىلەن قودى ساچلىقلار فېڭ، خاۋ رايونلىرىغا بۆسۈپ كىردى، چاڭئەن قاتارلىق جايلار ئوق باشلىقلارنىڭ جەڭ مەيدانىغا ئايلاندى .ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بالا تېگىپ شيوڭنۇلارنىڭ ھەيۋىسى ئۆستى. يەن، جوۋ دەۋرلىرىگە كەلگەندىمۇ يەنىلا شيوڭنۇلارنى چېكىندۈرگىلى، جەڭ ئوتىنى پەسەيتكىلى بولمىدى. خەن ۋۇدى دەۋرىدە بارلىق قوشۇنلارنى توپلاپ شيوڭنۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ۋېيچىڭ خو چۈبىڭلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارغا ئازراق زەخمەت يەتكۈزگەن بولسىمۇ شيوڭنۇلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شيوڭنۇلارغا تاقابىل تۇرغىدەك بىرەر تەدبىر ئوتتۇرىغا چىقىپ باقمىدى. ئالىلىرى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەتراپلىق تەدبىر تۈزۈپ، ئۇلارغا جازا يۈرۈش قىلىپ مەغلۇپ قىلدىلا ۋە ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتىلا. خاۋخەي،يەنرەن قاتارلىق جايلار پۈتۈنلەي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ باشقۇرىشىغا ئۆتتى. قاغان بىلەن ئۇنىڭ لاۋۇ ـ لەشكەر ئەل ـ قەۋملىرىنىڭ ھەممىسى بىزگە پۇقرا بولدى. ئەگەر بۇنى ۋەزىر ـ ۋۇزەرالارنىڭ تۆھپىسى دەيدىغان بولساق، يۈ، شيا سۇلالىرىدىن تارتىپ دانىشمەن ۋەزىرلەر قۇمدەك تولا ئىدى، لېكىن نېمە ئۈچۈن غەلىبە قازىنالمايدۇ؟ شۇڭا ئالىلىرى كەڭ قورساق رەھىمدىل بولسىلا ئىشلىرى ئۇتۇقلۇق بولىدۇ، باشقىلارغا تايىنىشقىمۇ ھاجەت چۈشمەيدۇ، بۇ تۆرتىنچىسى.

## 2. شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى"نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى

"شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى"نى قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى سىڭقۇ سەلىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز. بىز ئۇ تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇرچە "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى"دىن ئۇنىڭ غەربىي يۇرت بەشبالىقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ توغرىلىق ئۇ "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى"نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 7 ـ جىلدىنىڭ ئاخىرىدا (بېيجىڭ فاكسىملىنىڭ 23 ـ بېتىنىڭ كەينى يۈزىدە" : (بەشبالىقلىق راھىپ سىڭقۇ سەلى تابغاچ تىلىدىن تۈرك تىلىغا ئۆرىگەن بۇدساتۋا تاڭ سەنزاڭ ھەزرەتلىرىنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ مېھرى ـ شەپقەت تەجىمھالى بابىنىڭ 7 ـ جىلدى تۈگىدى" دەپ يازغان.

"شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى" دىن باشقا سىڭقۇ سەلى يەنە خەنزۇچىدىن بۇددا دىنى ماخايانا مەزھىبىنىڭ نومى "ئالتۇن يارۇق" نىڭ 10جىلدىنى تەرجىمە قىلغان.

"ئالتۇن يارۇق"نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ كىرىش قىسمىدا سىڭقۇ سەلى "يەنە شەرقتىكى قۇتلۇق تاڭدىكى ماخايانا ھىمايانا مەزھەبلىرىنىڭ بارلىق نوملىرىنى پىششىق بىلىدىغان بۇدساتۋا سەنزاڭ ھەزرەتلىرى ئەنەتكەك تىلىدىن تابغاچ تىلىغا تەرجىمە قىلدى. كېيىن بەشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ بۇ بۇلغانغان رەزىل دۇنيادا يەنە تابغاچ تىلىدىن تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرىگەن نوملارنىڭ كاتتىسى ـ "ئالتۇن يارۇق" پۈتۈنلەي تامام بولدى" دەپ يازىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى" تەخمىنەن 1940 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شىنجاڭدا تېپىلغان. ئۇزۇنلىقى 44 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 18 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ ھۆججەت بايقالغاندىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى ئىلگىرى ـ كېيىن روسىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. بۇنىڭ 94 ياپرىقى ھازىر روسىيە ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ سانكت ـ پېتربۇرگ شۆبىسىدە، 116 ياپرىقى فرانسىيە گۇيمى ئاسىيا سەنئەت بۇيۇملىرى موزېيىدا، قالغان 208 ياپرىقى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا (1951 ـ يىلى بېيجىڭدا فاكسىملى نەشر قىلىنغان (ساقلاغلىق.

سانكت ـ پېتربۇرگ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلاغلىق قىسمىنىڭ مەزمۇنى 5 ـ، 6 ـ، 8 ـ ۋە 10 ـ جىلدلارغا تەۋە.

بۇلارنىڭ ئىچىدە، 6 ـ جىلدنىڭ ـ 42 ، ـ 44 ـ 43بەتلىرىدە مەزكۇر ماقالىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن تاڭ تەيزوڭ بىلەن شۈەنزاڭنىڭ پاراڭلىشىش جەريانىدا شۈەنزاڭ ئېيتقان 3 ـ ۋە 4 ـ سەۋەپنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بار.

تۆۋەندە مۇئەللىپ ئۇيغۇرچە تېكىستنىڭ ئالاقىدار قىسمىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ،ماس كېلىدىغان ئەسلى خەنزۇچە تېكىستى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى سۇنىدۇ:

## .3شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى"نىڭ ئۇيغۇرچە تەرقىمىسىدىكى "شيوڭنۇ" قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا دەسلەپكى تەھلىل

"شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى"نىڭ خەنزۇچە تېكىستى ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، گەرچە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئەسلى تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئاز ـ تولا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن بولسىمۇ لېكىن خەنزۇچە تېكىستىكى مىللەت ۋە جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلار ئىپادىلىگەن ئۇقۇملارنى توغرا چۈشەنگەن ھەمدە ئۇلارنى ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە كونتېكىستتىقا ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن توغرا ئىپادىلىگەن. ئۇ خەنزۇچىدىكى "شيوڭنۇ" دېگەن سۆزنى تەرجىمە قىلغان چاغدا ئۇيغۇرچە سۆز بىرىكمىسى "تۈرك يوچۇل بودۇن" دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇ سۆز بىرىكمىسى يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى"نىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستىنىڭ مەزمۇنىدا ئىككى قېتىم ئۇچرايدۇ. روسىيىلىك ئالىم تۇگۇشېۋا " 'تۈرك يوچۇل بودۇن' تۇراقلىق مەنىگە ئىگە سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، كۆچمەن تۈركلەر، ئەركىن تۈركلەر دېگەن مەنىدە" دەپ قارايدۇ.

خەنزۇچە ئەسلى تېكىست بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، "تۈرك يوچۇل بودۇن"دېگەن سۆزنىڭ

خەنزۇچە" شيوڭنۇ" دېگەن سۆز بىلەن ماس كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.
ئۇيغۇرچە سۆز بىرىكمىسى "تۈرك يوچۇل بودۇن" يەنە بىر ئۇيغۇرچە ھۆججەت "مايترىسىمىت نوم بىتىگ"نىڭ پارچىسىدا كۆرۈلىدۇ.
تەرجىمان "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى"نىڭ 5 ـ جىلدىنىڭ 87 ـ ياپرىغىدا "تاۋغاچ تىلىنىدىن يەنە بىش بالىقلىغ شىنقۇ شەلى تۇتۇڭ تۈرك تىلىنچە ئەۋرمىش" (مەنىسى: تاۋغاچ تىلىدىن يەنە بەش بالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تۈرك تىلىغا ئۆرىدى) دەپ يازىدۇ. بۇ يەردە، تەرجىمان دەۋاتقان تۈرك تىلى ئۇيغۇرلار ئىشلىتىۋاتقان ئەدەبىي تىلدۇر.
يەنە شۇ تەرجىمان ئۆزى تەرجىمە قىلغان يەنە بىر بۇددا نومى"ئالتۇن يارۇق" (سۇۋارناپراباسا) تا، ئۇيغۇرچە تەرجىمە 10 ـ جىلدىنىڭ كىرىش قىسمىدا "بىش بالىقلىق شىنقۇ شەلى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىنىدىن تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىنچە ئىكىلەيۇ ئەۋرمىش" (مەنىسى : يەنە بەش بالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىدىن تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرىدى) دەپ يازسا، يەنە "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى" نىڭ ـ 5 جىلدىدىكى خەنزۇچە تېكىست“亦睹货罗故地。风俗大同突厥” دېگەن جۈملىنى "ئول بالىق يەمە توخرىلارنىڭ سوكى يىرى تىتىر: تۆرۈسى توقۇسى بارچە تۈرك بىرلە بىر ئەرىپ" (مەنىسى :ئول شەھەر توخرىلارنىڭ ماكانىدۇر. ئۆرپ ـ ئادىتى بارچە تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش) دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. بۇ يەردە سىڭقۇ سەلى خەنزۇچىدىكى“突厥” دېگەن سۆزنى "تۈرك" دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى تەرجىمە قىلغان چاغدا ئۆزىنىڭ تىلىنى" تۈرك تىلى" ياكى "تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلى" دەپ ئاتايدۇ. "جوۋنامە" نىڭ 50 ـ جىلدىنىڭ" تۈركلەر تەزكىرىسى"دېگەن قىسمىدا "تۈركلەر ھۇنلارنىڭ بىر خىلى، ئاشنا ئۇرۇغىدىن، ئايرىم قەبىلە" دەپ يېزىلسا، "يېڭى تاڭنامە"دە: "ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھۇنلاردۇر" دەپ يېزىلىدۇ. "سىفېڭ يۈەنگۈي" دە: "ئۇيغۋارلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ھۇنلارنىڭ ئەۋلادىدۇر "دەپ يېزىلىدۇ.
تۈركلەر توغرىسىدا "يېڭى تاڭنامە"دە: "تۈركلەرنىڭ ئاشنا ئۇرۇغى قەدىمقى ھۇنلارنىڭ شىمالى ئۇرۇغىدۇر" دېگەن خاتىرىلەر بار.
ۋاڭ گوۋېينىڭ تەتقىق قىلىشىچە، خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى "شيوڭنۇ" ۋە "شيەنيۈن"دېگەن ئىككى سۆز ئوخشاش مەنىدە بولۇپ، "شيەنيۈن" خەنزۇچە تارىخنامىلەردە يەنە "شيوڭنۇ"لارنىمۇ كۆرسىتىدىكەن. لېكىن سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى "شيوڭنۇ" "تۈرك يوچۇل بودۇن" (كۆچمەن تۈركلەر) دەپ، "شيەنيۈن" بولسا "تۇمشۇقلۇغ، تارماقلىغ" (تۇمشۇقلۇق، تىرناقلىق) دەپ تەرجىمە قىلىنغان.
مەسلەن تەرجىمان” “中国陵迟, 匈奴得志 دېگەننى" :ئورتۇن ئىل ئۇلۇش...كىسىز باسىنچ ـ لىغ بولتى: تۈرك يوچۇل بودۇن ئەرتىڭۇ ئايام ـ لىغ بولتى" (مەنىسى: ئوتتۇرا خانلىقلار پۇتۇنلەي ئۇلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى، شيوڭنۇلار ئالىي مەرتىۋىگە ئىگە بولدى" دەپ؛“猃狁为患, 其来自久” نى "بۇ تاۋغاچ ئىلى تۇمشۇقلۇغقا سوقتۇرغالى تارماقلىغقا تارتدۇرغالى ئۇركىچ بولمىش ئەردى"(مەنىسى:تاڭ سۇلالىسىنى شيەنيۈنلەرنىڭ بوزەك قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئۇزۇن زامانلار بولغان ئىدى" ) دەپ تەرجىمە قىلىدۇ.

خەنزۇچە مەتنى بىلەن ئۇيغۇرچە مەتىننى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەنزۇچە مەتىندە خاتىرىلەنگەن "شيوڭنۇ" بىلەن" شيەنيۈن" ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇملار ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىغۇچىنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن پەرقلىق بولۇپ، بۇ نۇقتا توغرىسىدا يەنىمۇ ئىزدىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

قەدىمقى تۈرك تىلىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان" تۈرك" دېگەن سۆز خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى ”دېگەن سۆزگە باراۋەر كېلىدۇ. مەسىلەن تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشىدا مۇنداق突厥“ سۆزلەر بار: "بىلگە تونيۇقۇق بەن ئۆزۈم تابغاچ ئىلىگە قىلىنتىم، تۈرك بودۇن تابغاچقا كۆرۈر ئەرتى..." (مەن بىلگە تونيۇقۇق تاڭ دۆلىتىدە تەربىيە ئالدىم، بۇ چاغدا تۈرك خەلقى تاڭ سۇلالىسىگە قارايتتى.) قەدىمقى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدىكى "تۈرك بودۇن" دېگەن سۆزنىڭ "تۈرك خەلقى"دېگەن تۇراقلىق مەنىسى بار.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى"نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى "شيوڭنۇ" قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچىدىكى قايسى سۆزلەرگە ماس كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن. 10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر تەرجىمان "شيوڭنۇ"لارنى" تۈرك يوچۇل بودۇن " (كۆچمەن تۈركلەر)، ئۆزىنىڭ تىلىنى "تۈرك تىلى" ياكى" تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلى" دەپ ئاتىغان. بۇ بىزنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى ئاتىشىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا ۋە تارىختا ئۆتكەن ئەتراپتىكى مىللەتلەرنى تونۇشىمىزغا نىسبەتەن مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

ئۇيغۇرچىغا ئۆرىگۈچى ئەسلى تېكىستنى تەرجىمە قىلغان چاغدا بەزى بىشارەت خارەكتېرلىك مەزمۇنلارنى كىرگۈزگەن. مەسىلەن تەرجىمان ئۇيغۇرچە "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى"نىڭ 6 ـ جىلد 44 ـ بېتىدە : "بىشىنچ تۈرك يوچۇل بودۇن ئەرتىڭۇ كۆترۈلتى، ئۈستۈنكى ئىل ئۇلۇشلار، تۆرۈسىن ئىچقىنتى" (مەنىسى: بەشىنچى، شيوڭنۇلار ناھايىتى مەغرۇرلۇق بىلەن ئىرىندىن تۇردى، ئۇلار بۈيۈك ئەلنىڭ قانۇننى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى) دەپ يازىدۇ. ئەمەلىيەتتە خەنزۇچە ئەسلى تېكىستتىكى بۇ بىر ئابزاس شۈەنزاڭ ئېيتقان راھىپلىقتىن قول ئۈزۈپ ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماسلىقىنىڭ بەشىنچى سەۋەبى بىلەن باشلىنىدۇ.

ئۇ تارىختىن نەقىل كەلتۈرۈپ “高丽小蓄失礼上国， 隋帝总天下之师， 三自征发”: ئاخىرى “虚丧六军狼狈而返” بولغانلىقىدەك تارىخىي ساۋاقنى ئەسلىتىدۇ، بۇنىڭ شيوڭنۇلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق. لېكىن تەرجىمان ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا يۇقىرىدىكى خەنزۇچە مەزمۇنغا ماس كېلىدىغان تەرجىمىنى كىرگۈزۈشتىن ئىلگىرى شيوڭنۇلارغا ئائىت يۇقىرىدىكى مەزمۇننى قاتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا تەرجىماننىڭ بەزى مىللەت، يەر ناملىرى ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنى تەرجىمە قىلىشىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە. مەسىلەن” 鄷 ， 镐 “ دېگەنلەرنى "قۇتلۇغ چۇنان"(مۇقەددەس چاڭئەن)دەپ تەرجىمە قىلىدۇ.بۇ يەردە تەرجىمان” 鄷 ， 镐 “ دېگەن سۆزلەرنىڭ ئالدىغا "قۇتلۇغ"دېگەن سۈپەتنى قاتقان. بۇنىڭدىن تەرجىماننىڭ يۇقىرىقى ئىككى جاي ئىسمىنىڭ مۇھىم تارىخىي ئورنىغا بولغان تونۇشىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

”卫、霍尽力“دېگەن جۈملىنى تەرجىمە قىلغاندا تەرجىمان ئەسلى تېكىستنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ

تەرجىمە قىلىدۇ، تەرجىمە تېكستىدە نامى تارىخقا يېزىلغان مەشھۇر گېنېرال ۋېيچىڭ بىلەن خو چۈيبىڭنىڭ ئىسمى كۆرۈلمەيدۇ، مۇناسىپ مەزمۇن "قاماغ كۈچىن ئۆنتۈرۈپ" (بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ) دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ،"中国"بولسا" ئورتۇن ئىل ئۇلۇش" (ئوتتۇرا ئەل، ئوتتۇرا ئىقلىم) دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. بۇ ئۇيغۇرچىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەرجىمىسى بولغان "تاۋغاچ" دېگەن سۆزدىن پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە كۆرۈلىدىغان "تۈپۈت" بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىدىكى"吐蕃" لارنى كۆرستىدىغان بولۇپ، خەنزۇچە تېكستتە"吐蕃" غا ئالاقىدار مەزمۇنلار يوق.

ئەسلى تېكستتىكى "单于弓骑之人" نىڭ يېنىغا "قىرقىز يا مىڭۈلۈك كىشلەر" (قىرغىز ۋە ئاتلىق ئوقياچىلار)دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. تەرجىمان بۇ يەردە خەنزۇچە"单于" دېگەن سۆز ماس كېلىدىغان ئورۇنغا "قىرقىز" دەپ ئالىدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇن ئۆزگەرتىش سەۋەبىنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## مىللى ئارمىيە تەركىبىنىڭ بۆلۈنۈش ئەھۋالى

بوستانغا يولىغۇچى: كۆسەن

ئاپتۇرى :توختى ئىبراھىم

مىللى ئارمىيىنىڭ تەركىبى جەڭگىۋار قىسىملار ۋە جەڭگىۋار بولمىغان قىسىملاردىن ئىبارەت بولۇپ، >>ستروي‍لۇق بولغان) رەتتىكى) قىسىملار<<، ۋە ستروي‍لۇق بولمىغان قىسىملار <<دەپ ئىككىگە بولۇندى. ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان ياكى جەڭ تەييارلىقى ئۈستىدە بولۇۋاتقان مۇنتىزىم جەڭگىۋار قىسىملار ( پولك، مۇستەقىل باتالىيون، دىۋىزىيون، ئېسكادورونلار >> (ستروي‍لۇق بولغان قىسىملار << دەپ ئاتالدى. مانا بۇ ئىككى خىل قىسىمغا بېرىلگەن ئۇنۋان بەلگىلىرى ( پاگون، كاكار)مۇ ئوخشىمايتتى. ستروي‍لۇق بولغان قىسىملارنىڭ ئۇنۋان بەلگىلىرى يېشىل دۇخاۋا، سېرىق جىيەكلىك ئىدى، ستروي‍لۇق بولمىغان قىسىملارنىڭ ئۇنۋان بەلگىلىرى قىزىل دۇخاۋا، سېرىق جىيەكلىك ئىدى. ھەربىي نىزامدا ئۇنۋانغا قاراپ ۋەزىپىگە قويۇش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بەزى ھاللاردا كوماندىرنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى تۆۋەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ خىزمەت قابىلىيىتى، تەشكىلاتچىلىق تالانتى، جەڭ قىلىش ماھارىتى، توھپىسىگە قاراپ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرگە قويۇشقا بولاتتى .مەسىلەن، مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانى باياليون دەرىجىلىك، كاپىتانلىق ھەربىي ئۇنۋانى روتا، ئېسكادرون دەرىجىلىك بولسىمۇ، مۇنداق كوماندىرلار يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، پولك كوماندىرلىقىغا، ئارمىيە باشقارما باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، پولكوۋنىك، پودپولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بار بەزى ئوفىتسىرلار باتالىيون كوماندىرى، روتا كوماندىرلىقىغا چۈشۈرۈلۈپ ئىشقا قويۇلدى.

### مىللى ئارمىيە تەشكىل قىلىنغان چاغدىكى ئادەم سانى

1، بىرىنچى سۇيدۇڭ ئاتقۇچ پولك ( موگونتوف)2200

2، ئىككىنچى غۇلجا ئاتقۇچ پولك ( قېيۇمبەگ، ئايتۇغان)2300

3، كەڭساي ئاتقۇچ پولك ( لېكسىن، ئارۇپ) 2000

4، غۇلجا ئاتقۇچ پولك ( فېدايوف)2200

5، تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى (مەۋلانوف، ئىبراھىموف) 1800

6، ئۈچ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى 2800

دېمەك مىللى ئارمىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئومۇمى ئادەم سانى 13مىڭ 300 ئىدى. 1945 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى جەڭ شەرق تەرەپكە قاراپ غەلىبىسىرى ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، مىللى ئارمىيىنىڭ ئومۇمى ئادەم سانى تەدرىجى كۆپەيدى. كۆپەيگەن قىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئادەم سانى تۆۋەندىكىچە:

1، مەنسۇر لومىيوف باشچىلىقىدىكى 1200كىشىلىك خۇيزۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى.

2، پولكوۋنىك ئىردە بۇلغۇنوف باشچىلىقىدىكى950 كىشىلىك موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى.

3، باۋسەن، شۇمۇتۇكلار باشچىلىقىدىكى600 كىشىلىك شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى.

4، دەللىقان، بەدەلقان باشچىلىقىدىكى 1500كىشىلىك سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى.

5، پولكوۋنىك ئابلاخان باشچىلىقىدىكى 1500كىشىلىك چوچەك ئاتقۇچ پولكى.
1945-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، مىللى ئارمىيىنىڭ ئومۇمى ئادەم سانى 18مىڭغا يەتتى.
ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن تولۇق ئازاد قىلغانغا قەدەر 350 قېتىمدىن ئارتۇق كىچىك جەڭ، 36 قېتىملىق ئوتتۇرا جەڭ، توققۇز قېتىملىق چوڭ جەڭنى باشتىن كەچۈرۈپ، مۇنتىزىم جەڭگىۋار قوشۇن بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى.
1947-يىلىنىڭ ئاخىرى، 1948-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئوسمان، قالىبېك باندىتلىرىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا تۆۋەندىكى جەڭگىۋار قىسىملار جەڭگە قاتناشتۇرۇلدى:
1، مايتاغ پولكى. بۇ پولك 1800 كىشىدىن تەركىب تاپتى، پولك كوماندىرى پودپولكوۋنىك مەھەممەد يۈسۈپوف، سىياسى كومىسسارى جاغدا بابالىكوف ( بۇ پولك غۇلجا زاپاس پولكتىن ئەۋەتىلگەن قىسىملاردىن تەركىب تاپتى.(
2، قۇبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى. بۇ پولك 1500 كىشىدىن تەركىب تاپتى. پولك كوماندىرى پولكوۋنىك نۇسۇپقان كۇنباي، مۇئاۋىن پولك كوماندىرلىرى مايور ئىبرايىمباي، مايور سالاھىدىن، سىياسى كومىسسارى پودپولكوۋنىك يۈسۈپجان.
3، ئازاد نىشانلىق ئىككىنچى ئاتقۇچ پولك. بۇ پولك 2200كىشىدىن تەركىب تاپتى. پولكوۋنىك كوماندىرى پودپولكوۋنىك يونىچېف ئايتۇغان، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى رامازان ئوسمانوف، سىياسى كومىسسارى ئومەروف، شتاپ باشلىقى كاپىتان ئىستېپىسوف بىلال.

مىللى ئارمىيەنىڭ كوماندىسى

مىللى ئارمىيىنىڭ كوماندا تىلى ھەر قايسى قىسىملارنىڭ مىللەت تەركىبىگە قاراپ بەلگىلىنەتتى. بىر قىسىمدا ئۇيغۇرلار ئاساسى ئورۇندا تۇرغان بولسا، كوماندا ئۇيغۇر تىلىدا، قازاقلار ئاساسى ئورۇندا تۇرغان بولسا كوماندا قازاق تىلىدا بېرىلەتتى. قوماندانلىق تەركىبىدە رۇسلار كۆپرەك بولغان قىسىملاردا بولسا كوماندا رۇس تىلىدا بېرىلەتتى. مەسلەن: ئۇيغۇر تىلىدا بېرىلگەن كوماندا تۆۋەندىكىچە ئىدى:
<1ھۆرمەتلىك (موھتەرەم)گېنېرال، موھتەرەم پولكوۋنىك، كومبات جاناپلىرى. 2 < راپورت( دوكلات )دوكلات بەرگەندە چاس بىلەن تەڭلا ئاددى، قىسقا تىللار ئارقىلىق سۆزلىنەتتى :
>>سالام، ھۆرمەتلىك كوماندىر !راپورت بېرىشكە رۇخسەت قىلىڭ >> <<!رۇخسەت >> <<! قايتىشقا رۇخسەت قىلىڭ >> <<!باتالىيون دىققەت، ھۆرمەتكە تەييار تۇرۇڭ >> <<!بۇيرۇقىڭىزغا يتەييار >> <<!خوپ >> <<!ھەممىمىز تەييار <<!كوماندىر قول بەرمىگۈچە، تۆۋەن دەرىجىلىكلەرنىڭ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. 3 <كوماندا تىللىرى >> يىغىلىڭلار<<، >> تۇرۇڭلار<<، >> سەپكە تىزىلىڭلار<<، >> ئويغا قاراپ توغرىلان<<، >> سولغا قاراپ توغرىلان<<، >> ئۇدۇل<<، >> سولغا بۇرۇل<<، >> ئوڭغا بۇرۇل<<، >> ئارقىغا بۇرۇل<<، >> راھەت<<، >> دىققەت<<، >> ئولتۇرۇڭلار<<، >> تۇرۇڭلار<<، >> قەدەملەپ مارش<<، >> تېز قەدەم بىلەن مارش<<، >> يۈگرەپ مارش<<، >> ئوڭدىن گېرى مارش<<، >> سولدىن گېرى مارش<<، >> ئوت ئېچىڭلار<<، >> ھۇررا<<، >> ئۆملەپ

مارش<<، >> ئوڭدىن مارش<<، >>يانتۇ مارش<<، >> ئىرغىڭلار(توساقتىن<<( ، >> ئاتلىنىڭلار<<، >> ئالغا مارش<<، >> ناخشا ئېيتىلسۇن<<، >> چېپىڭلار<<، >> قورال توغرىلانسۇن<<، >> ئېتىڭلار <<دىگەندەك ئاددى كوماندىلار ئىدى.

پارتىزانلار دەۋرىدە تۈرك تىلىدا كوماندا بېرىلگەن چاغلارمۇ بولدى. مەسىلەن، >> ئوڭدىن گېرى ئارش<<، >> سولدىن گېرى ئارش<<، >> دىگەندەك. موڭغۇل، خۇيزۇ، شىبەلەرنى ئاساس قىلغان قىسىملاردا بىر مەھەل شۇ مىللەتلەر تىلىدا كوماندا بېرىش يولغا قويۇلدى.

مىللى ئارمىيەدە قوللىنىلغان نۇرغۇنلىغان خەلقئارا ھەربىي ئاتالغۇلار ھازىرغا قەدەر شۇ بويىچە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

پاترول ـ چارلىغۇچى ( نۆۋەتچى قىسىمغا قارىتىلغان.(

دازور ـ ھۇجۇمغا ئوتتۇش ئالدىدا بايقاپ خەۋەر يەتكۈزگۈچى قىسىم.

رازۋودياشى ـ پوستلارنى تەكشۈرگۈچى ۋە ئالماشتۇرغۇچى.

پوس ـ قوغدىغۇچىلارنىڭ تۇراق نۇقتىسى.

چاسوۋوي ـ پوستا نۆۋەت ئالمىشىپ تۇرغۇچى نۇقتا باقار جەڭچىلەر.

ئىسمېنا ـ نۆۋەت ئالمىشىش.

سايپورنىك ـ جەڭ مەيدانلىرى ۋە نىشان، يول، يەر قۇرۇلۇشىنى ئېنىقلايدىغان كىشى.

تىرېۋوگا ـ مۇداپىئەلىنىش، يوشۇرۇنۇش سىگنالى.

پارات ـ قىسىملارنىڭ مۇنتىزىم ھەركىتىنى كوزدىن كەچۈرۈش.

دوت، زوت ـ يەر ئاستى، يەر ئۈستى ئوت ئېچىش توچكىلىرى.

ئاتاكا ـ ھۇجۇم.

كونتېرئاتاكا ـ قايتۇرما ھۇجۇم.

ئوپېراتسيە ـ جەڭ ھەرىكىتى.

بىلىنداژ ـ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىدىغان نىقاپلانغان جاي.

سۋياز ـ ھەربى ئالاقىچى.

پروپىسكا ـ مەخپىي بەلگە.

راپورت ـ جەڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات يەتكۈزۈش.

توپوگرافيە ـ يەرنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى خەرىتە.

مانېۋېر ـ ئەمەلىي جەڭگە كىرىش ئالدىدا ئوتكۈزۈلىدىغان ئۇرۇش.

ترېنىرووگا ـ تەكرار تەييارلىق.

رازۋىدكا ـ قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى كوزىتىش.

تاكتىكا ـ كونكرت جەڭ.

ئىستراتىگىيە ـ كەڭ كولەملىك جەڭ ھەرىكىتى.

ئەرەنتىر ـ نىشان ۋە توچكىنى ئېنىقلاش.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يۈزلىگەن ئاتالغۇلار خەلقئارا ۋە رۇس تىلىدىن قۇبۇل قىلىنغان، بۇلار ھازىرغا قەدەر ھەربى ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كەلمەكتە .

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جەريانىدا غەنىيمەت ئېلىنغان ئۇرۇش قوراللىرى ۋە ماددى ئەشيالار

ئاپتۇرى:توختى ئىبراھىم

بوستانغا يوللىغۇچى:بوستان

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1945 ـ يىلىنىڭ يىل ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى ۋە بۇ ۋىلايەتلەرگە قاراشلىق نىلقا، توققۇز تارا، كۈنەس، قىزىلكۈرە، موڭغۇلكۈرە، سۇمۇل، جىلىليۈزى، سۈيدۈڭ، چىلپەڭزە، ئارىشاڭ، بورتالا، شىخو، جىڭ، ساۋەن، دورېبجىلىن، قوبۇقسار، تولى، جېمنەي، قابا، بورۇلتوقاي، كوكتوقاي، بۇرچىن قاتارلىق ناھىيلەر، غۇلجا، چوچەك، سارسۇمبە، مايتاغ شەھەرلىرى تولۇق ئازاد قىلىندى؛ باي، ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيلىرى، جام، مۇزداۋان قاتارلىق رايونلار ئازاد قىلىنىپ، دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىلگەن بولسىمۇ، مىللى ئارمىيە قىسىملىرى شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، باش قوماندانلىقنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۇ جايلاردىن چېكىنىپ چىقتى. مىللى ئارمىيە قىسىملىرى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۈرە، كەڭساي، مۇزداۋان، باجاخو، سىمپىتوزا، مايتاغ، جىڭ، شىخو قاتارلىق تايانچ پونكىتلىرىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ھەربىي ئىستىھكاملىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ ئىشغال قىلىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ئۇرۇش قوراللىرى ۋە ماددى ئەشيالارنى غەنىيمەت ئالدى.

مۇشۇ مەزگىلدە گومىنداڭنىڭ ھەر قايسى شەھەر، ناھىيلەر ۋە رايون، يېزىلاردىكى 70نەچچە تۈرمىسى، يىغۋېلىش ئورنى ۋە كىچىك تۈرملىرى ئىشغال قىلىنىپ، 5000دىن دىن ئوشۇق مەھبۇس قۇتقۇزۇۋېلىنىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى يارامىلىقلىرىدىن 1500گە يېقىن كىشى مىللى ئارمىيە سېپىگە قاتناشتۇرۇلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيسى قوماندانلىق شتابىدىن كورۈنۈش:

ئۇرۇش جەريانىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جىڭ، شىخو، ساۋەن، دورېبجىلىن، قوبۇقسار، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا كوڭۈل قويۇپ ياسىغان 180نەچچە ئىستىھكام، بىلىنداژ، سىم توساق، ئۈستى يېپىق ئاكوپلىرى ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ پارتلىتىلىپ، ئوت ئېچىش نۇقتىلىرى بېسىقتۇرۇلدى .

مىللى ئارمىيە قىسىملىرى گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن غەنىيمەت ئالغان ئۇرۇش قوراللىرى ۋە ماددى ئەشيالار توۋەندىكىچە:

بومباردىمانچى، ھۇجۇمچى ئايروپىلان ئالتە، تانكا توققۇز، برونىك ئاپتوموبىل 17، زەمبىرەك 39، پىلمۇت (ستانكىۋوي پىلموت ۋە قول پىلموت)1350، مىناميوت 76، مىلتىق(ياپونكا، گىرمانكا قاتارلىق)26مىڭ 400، ئاپتومات 1200، زېنىت توپ13، بومبا، گرانات 22مىڭ، تول (پارتلاتقۇچ)1200، ھەربىي ئات ( ئىگىرى بىلەن5000 ( ، ئاپتوموبىل 259، پىكاپ(گاز ـ 69)18، ھەربىي دۇربۇن 39، يان قورال (ماۋزېر، كولت، پېستولت، بارابان قاتارلىق) 780، برېزېنت چىدىر 220، ھەرخىل ئوق ـ دورا ئامبىرى 17، ماددى ئەشيالار ئامبىرى 28، رادىئوگراما ئاپپاراتى 23، قىلىچ 1500، ئىشتىك (نەيزە)25000، خەنجەر 500، ھەربىي تېلفون 35، تېلفون سىمى 20000مېتىر، ھەربى سۇدان 4000، يان سومكا 700، زالوك ئالتۇن 800كىلوگرام، ھەرخىل

ھەربىي دوختۇرلۇق سايمىنى 25يۈرۈش.

گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن غەنىيمەت ئېلىنغان بۇ ئۈرۈش قوراللىرى ۋە ماددى ئەشيالار ھسابىغا مىللى ئارمىيە قوشۇنلىرى قوراللىنىپ ۋە تەمىنلىنىپ، غەلبىسىرى ئالغا ئىلگىرلىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى ۋە يېزىقى ھەققىدە

بوستانغا يوللىغۇچى:16 ـ M

.قەدىمكى تۈرك رونىك يېزىقى ( تۈرك ـ رونىك يېزىقى ، يەنسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) ھەققىدە ئىزاھ .

ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقى دەۋرىدىلا ، تۈرك خانلىقىدا قوللىنىلغان قەدىمكى تۈرك يېزىقى ( رونىك يېزىقى ، تۈرك ـ رونىك يېزىقى ، يەنسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) نى قوللانغان .
مىلادى 744 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ياغلىقلار ئۇرۇقىدىن بولغان قۇتلۇق بىلگە خاقان ( تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا " خۇەن كېخەن ___ دىيانەتلىك خاقان " دەپ ئۇنۋان بەرەەچكە ، خەنزۇچە تارىخنامىلاردا 怀人可汗 دەپمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ ) نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىككى ئەسىر ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن تۈرك خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ، ئۇيغۇر خانلىقى ( مىلادى 744 ـ 840 ـ يىللار ) بە قۇرغان . شۇندىن ئېتىبارەن بۇ جايلار ( تۈرك خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلار ) نىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن . ئۇيغۇر خانلىقى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى تەركىبىدە بولغان ياغلاقلار ، ئۆتۈرقار ، تۆرلەمۇر ، بۇقاسقىر ، ئاۋۇچاڭ ، قاراسار ، قوغۇزسۇۋ ، يابۇقتار ، ئاياۋۇزدىن ئىبارەت ئىچكى توققۇز قەبىلە ۋە ئۇيغۇر ، ئوپۇغۇر ، غۇن ، بايىرقۇ ، تۇڭرا ، ئىزگىل ، قىپچاق ، باسمىل ، قارلۇقتىن ئىبارەت تاشقى توققۇز قەبىلىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بولسىمۇ ، تۈرك خانلىقى تەركىبىدە بولغان باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنىمۇ ئۆز ئىدارىسىدە تۇتقان.
قەدىمكى تۈرك ( رونىك يېزىقى ، تۈرك ـ رونىك يېزىقى ، يەنسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار ۋە مەڭگۈ تاشلار ئىچىدىكى مۇھىملىرىنىڭ كاتالوگى تۆۋەندىكىچە:
(1)ئونگىن مەڭگۈ تېشى . (2) تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى . (3) كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى . (4) بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى . (5) توققۇز ئۇيغۇر خاقان مەڭگۈ تېشى . (6) مويۇنچۇر (بايۇنچۇر) مەڭگۈ تېشى . (7) سۇجى مەڭگۈ تېشى . (8) تىرخىن مەڭگۈ تېشى . (9) ئىرىق بىتىگ (پالنامە (قاتارلىقلار .

. 2قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدە ئىزاھ.

ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى ( 744 ـ 840 ) بەربات بولۇشتىن ئىلگىرىلا ، ھازىر ئىلىم ساھەسىدە " قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى (回鹘文) " دەپ ئاتىلىۋاتقان يېزىقنى قوللىنىشقا باشلىغان . ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ، بۇ يېزىقنى تۇرپان ئويمانلىقى ، خېشى يۆللىكى قەشقەر رايونىنى مەرگەز قىلغان ئۈچ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى دائىرىسىدە ئومۇيۈزلۈك قوللانغان .
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى خارەكتېر جەھەتتىن ئېيتقاندا ، بىر مەلگە (ھەرپ) بىر تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئېلىپبەلىك يېزىق تىپىغا كىرىدىغان يېزىق . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەركىبىدە جەمئىي 18 دىن 22 گىچە ھەرپ بار . ئاساسلىق بەلگىلەر ئون ئەتراپىدا بولۇپ ، قالغان بەلگىلەر

بۇ ئونچە ئاساسلىق نەلگىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن .
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى مەنبە جەھەتتە ، قەدىمدە ھازىرقى ئۆزبېكىستان ۋە ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى ئەتراپىدا ياشىغان سوغدىلارنىڭ يېزىقىدىن كەلگەن . سوغدى يېزىقى بولسا ، ئىرامىزنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ( III ئەسىر ئەتراپىدا ) ئەرەب ئەللىرىدە قوللىنىلغان قەدىمكى ئارامىيە يېزىقى ( ئارامى يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) دىن كەلگەن .
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئۇيغۇرلار ، جۈملىدىن باشقا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا قانداق تارالغانلىقى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت . بەزىلەر دەسلەپتە ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى سوغدىلاردىن قوبۇل قىلغان ، ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن باشقا تۈركىي خەقلەر قوبۇل قىلغان دەپ قارىسا ، بەزىلەر بۇ يېزىقنى دەسلەپتە سوغدىلارغا زېمىن جەھەتتىن يېقىن بولغان تۈركەشلەر قوبۇل قىلغان ، ئاندىن تۈركەشلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر قوبۇل قىلغان دەپ قارايدۇ . بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ قايسىسىنىڭ توغرىلىقى ھەققىدە كېسىپ بىر نېمە دېيىش قىيىن . لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى ، بۇ يېزىقنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئۇزاق ئىشلەتكەنلەر ئۇيغۇرلار ، بۇ يېزىقنىڭ ھازىرغىچە ئىشلىتىلىشىگە سەۋەبچى بولغانلار ئۇيغۇرلار . شۇڭا ھازىر بۇ يېزىق مەيلى مەملىكىتىمىز ئىچىدە بولسۇن ، مەيلى خەلقئارادا بولسۇن " قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى " دەپ ئاتالماقتا .
ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن ئەسلىدە قوللىنىۋاتقان قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى قوللانماي ، ئۇنىڭ ئورنىغا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ ؟ بۇ بەلكىم قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ خارەكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى قوللىنىشتىن ئىلگىرى قوللانغان قەدىمكى تۈرك يېزىقىغا قارىغاندا ، كۆپ ئىلمىي ۋە ئاسان . چۈنكى ، بىرىنچى ، قەدىمكى تۈرك يېزىقى گەرچە ئېلىپبەلىك يېزىق تىپىغا كىرىدىغان يېزىق بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدا بوغۇملۇق يېزىقنىڭ قىسمەن ئالاھىدىلىكىمۇ بار ئىدى . ئىككىنچى ، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا ھەربىلەرنىڭ سانى كۆپ ، ھەربىلەرنىڭ ۋارىيانتلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا ، بەلگە سانى يۈزگە يېتىدۇ . ئۈچىنچى ، يېزىش ئەپسىز ، ھەرپلەرنى ئۇلاپ يازغىلى بولمايدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ھەرپنى يېزىشقىمۇ بىرقانچە قېتىم قول ئۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ . تۆتىنچى ، ئىملا قائىدىسى مۇرەككەپ . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تۆت جەھەتتىن قەدىمكى تۈرك يېزىقىغا قارىغاندا ئەۋزەللىككە ئىگە .
ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان ۋاقتىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە كەلسەك ، بۇ رايونلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك . بۇ يېزىق قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا XIIIئەسىرلەرگىچە ئىشلىتىلگەن ؛ تۇرپاننى مەركەز قىلغان شەرقىي ئۇيغۇر رايونىدا ـ XV XIVئەسىرگىچە قوللىنىلغان ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن رايونىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تاكى XVII ئەسىرەىچە قوللىنىلغان .
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تارىختا يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا زور رول ئويناپلا قالماي ، ئۇيغۇرلار ئاتراپىدا ياشىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگىمۇ خېلى چوڭ تېسى كۆرسەتكەن .
بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرىينىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى توغرىسىدىكى مۇنۇ باياننى ئەسلەپ ئۆتۈش

كۆپايە قىلدۇ " : قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۇرك يۇرتلىرىدا ، بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ـ ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن >> ) " . تۈركىي تىللار دىۋانى <<، ـ 1توم ، 11 ـ بەت . )
گەرچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا قوللىنىلىشتىن قېلىپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى ئالغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ يېزىق ئۆز ھاياتىنى يوقاتمىدى XIII , XVI . ئەسىر ئەتراپىدا موڭغۇللار بۇ يېزىقنى ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ يېزىقى قىلدى XVI . ئەسىردە ، مانجۇلار بۇ يېزىقنى موڭغۇللاردىن ئۆەنىپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يېزىقىغا ئايلاندۇردى .

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار ئىچىدىكى مۇھىملىرىنىڭ كاتالوگى تۆۋەندىكىچە:

(1)قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى (2) ئالتۇن يارۇق (3) مايترى سىمىت (4) چاشتانى ئىلىك بەگ (5) ئوغۇزنامە (6) ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى (7 (شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى (8) ئابدىرىھىم كوشا ۋاردى شاستىر (9) سادىدا خاماپۇ سۇترا (10) سەككىز يۈكمەك (11) ئاۋاتامساكا سۇترا (12) ئامىتابا سۇترا (13) ئاربارا جاۋاۋادگا سۇترا (14) گۈەن شىيىن پۇسار (15) مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋەنامىسى (16 (ئىككى يىلتىز نوم (17) ئېۋاڭېلىوم
(18)سەنت گېمورگىننىڭ شاھادىتى (19) ئېزوپ تەمسىللىرى قالدۇقى (20) قوچۇ شېئىر ـ قوشاقلىرى (21) سىدخاسارا (22) كۆپ ساندىكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ( قوچۇ ئىدىقۇتلىقىغا تەۋە ) (23 (قۇدادغۇبىلىك ( ۋېينا نۇسخىسى ) (24) ئەتەبەتۇلھەقايىق ( ئا نۇسخىسى ) قاتارلىقلار .

3 .ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدە ئىزاھ.

قاراخانىيلار ( خاقانىيە ) ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ، ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز تىلىنى خاتىرىلىگەن . بىز بۇ يېزىقنى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى ( خاقانىيە دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى دېمۇ ئاتىلىدۇ ( دەپ ئاتايمىز >> . تۈركىي تىللار دىۋانى <<دىكى سۆزلەر ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بېرىلگەن >> . قۇتادغۇبىلىك << ، >> ئەتەبەتۇلھاقايىق << قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭمۇ ئاشۇ يېزىق بىلەن يېزىلغان نۇسخىلىرى بار . قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكىنىدە ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتمىگەن . تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇمكى ، قاراخانىيلارنىڭ ئوردا ماكتەپلىرى يەنىلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان .
XIV , XVئەسىرگە كەلگەندە تۇرپان ، قومۇل ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۆزگەرەەندىن كېيىنلا ، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئورتاق قوللىنىدىغان يېزىققا ئايلانغان . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بولسا ، پەيدىن پەي ئىشلىتىلىشتىن

قالغان . ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئىملا قائىدىسى كېيىن "چاغاتاي يېزىقى " دەپ ئاتالغان يېزىقنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ .

ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار ئىچىدىكى مۇھىملىرىنىڭ كاتالوگى تۆۋەندىكىچە:

**(1)**قۇتادغۇبىلىك ( مىسىر ، سەمەرقەند نۇسخىسى ) **(2)** دىۋانۇ لۇغەت تۈرك << تۈركىي تىللار دىۋانى **(3)** <<ئەتەبەتۇلھەقايىق ( س نۇسخىسى ) **(4)** ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر قاتارلىقلار .

مەنبە : قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى

ناتسستلار قوشۇنىدىكى ئۇيغۇرلار

بوستانغا يوللىغۇچى:ياۋۇز

ـ 1939يىلىدىن 1945 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور، قاتناشقان ئادەم سانى ئەڭ كۆپ، چېتىلغان دۆلەتلەر ئەڭ كۆپ، چىقىم ئەڭ ئېغىر بولغا نىبىر قېتىملىق ئۇرۇش بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئالتە يىل داۋاملاشقان بۇ ئۇرۇشتا ھەرقايسى دۆلەتلەر بۇ ئۇرۇشتا ئۆزلىرىنىڭ مىليونلىغان ئوغۇل قىزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزى ۋە قۇربان بېرىشى بىلەن بەزىسى مۇشۇ قان ۋە جانلار بەدىلىگە ئۆزلىرىنىڭ ھۆرلىكىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسا بەزىلىرى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ بۇ قان ھەم جانلار شۇ دۆلەتلەر تارىخىدىكى بىر داغ بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار گەرچە ئاسىيانىڭ مەركىزى قىسمىدىكى ئۇيغۇر دىيارىدا بۇ جەڭلەرگە بىۋاستە قاتناشمىغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىدا ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپنى ئىقتىسادىي ۋە ماددى جەھەتتىن ناھايىتى كۈچلۈك دەرىجىدە قوللاپ جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشۇپ، جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش تارىخىدا شانلىق سەھىپىلەرنى قالدۇردى. لېكىن بىزنىڭ بۇ يەردە ئېيتماقچى بولغان ھىكايىمىز ئاسىيانىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھىكايىسى بولماستىن بەلكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھىكايىسىدۇر.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىستان رايونى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار بىرقەدەر كۆپ توپلىشىپ جايلاشقان رايونلارنىڭ بىرسى بولۇپ، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ھەققىدە خىلمۇ خىل قاراشلار مەۋجۇت، مەيلى نىمىلا دىمەيلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش جۇمھۇرىيىتى بولمىش قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان ۋە تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى مىليوندىن كەم بولمىسا كېرەك. بۇلار تارىختىن بۇيان شۇ جايدا ياشىغان باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن تەقدىرداش، ھەمنەپەس بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئىسسىق سوغۇقنى تەڭ كۆرۈپ، تارىخنىڭ ھەر خىل بوران چاپقۇنلىرىغا تەڭ ئۇچرىغان.

ـ 1917يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلبىسى دۇنيادا يېڭى بىر ئۇستقۇرۇلمىدىكى دۆلەت

سوۋېت ئىتتىپاقىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ياش دۆلەت يېڭى قۇرۇلغان چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى تۈركى مىللەتلەرنىڭ بۇ دۆلەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئوخشاش بولمىدى، بەزىسى بۇ دۆلەتنى قارشى ئېلىش قوللاش تەرەپدارى بولسا، بەزىسى بۇ دۆلەتنى كۆزىتىش تەكشۈرۈش ھالىتىدە، يەنە بەزىلىرى بولسا بۇ دۆلەتنىڭ يېڭى قۇرۇلغان تېخى مۇستەھكەملىنىپ بولمىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرى چارروسىيا دەۋرىدە قولدىن بېرىپ قويغان ھۆرلىكىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇشتى. مۇشۇنداق خىلمۇ خىل پىكىر ئېقىمى ۋە كۆزقاراشلار ئارىسىدىن ئابدۇللا روزىباقىيېف باشچىلىقىدىكى بىر تۈرۈم ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئارمانلىرىنى بۇ ياش دۆلەت رەھبىرى لېنىننىڭ ۋەدىسىگە باغلاپ بۇ ياش دۆلەتنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئابدۇللا روزىباقىيېف قوماندانلىقىدىكى تارانچىلار پولكى قىزىل ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرىشىدا زور خىزمەت كۆرسەتتى، ئاندۇللا روزىباقىيېف باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر زىيالىلىرىمۇ كوممۇنىزىم ئىدىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تارقىلىشىدا زور رول ئوينىدى.

ـ 1924يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ سوۋېت ھاكىمىيتى مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرى يەنىلا ئارزۇ پېتىچە قېلىپ قالدى. لېنىن ئۆلۈپ ستالىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن بۇ توغرىسىدا ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن بولمىدى. 1936 ـ يىللارغا كەلگەندە ستالىن ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزى كوممۇنىستىك ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان چوڭ تازىلاش ھەركىتىدە كوممۇنىستىك ئىدىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تارقىلىشىدا زور رول ئوينىغا ئۇيغۇر ۋە تاتار شۇنداقلا باشقا تۈركى مىللەتلەر زىيالىلىرى ستالىننىڭ يوقتىش ئوبېكتىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ ئېتىپ تاشلاندى ۋە يىراق سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىندى. بولۇپمۇ بۇ مەزگىلدە تاتارلارنىڭ تارتقان كۈنى ھەممىدىن ئېغىر بولدى، ئۇلار پۈتۈن مىللەت بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان تاتارىستان ۋە قىرىم رايونلىرىدىن قوغلىنىپ پايانسىز قازاقىستان داللىرىغا ۋە سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈن يىل چار روسىيەنىڭ قانلىق باستۇرىشىغا ئۇچراپ سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئەمدىلا ئەركىن نەپەسلىنىشكە

باشلىغان بۇ مىللەتلەرنىڭ قەلبىدە رۇس شوۋىنىزىمىنىڭ ئۆچمەس تامغىلىرى قالدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ چاررۇسىيە تەرىپىدىن باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىلىشى بۇرۇنلا باشلانغان بولۇپ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىلا يەتتە سۇ رايونىدىكى نەچچە يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇر جەڭچىلىرى چار روسىيەنىڭ توپ يېمى سۈپىتىدە گېرمانىيە ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىلىپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلغان، 30 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر دىيارىنى قاپلىغان ئىنقىلاپ بورىنىنىڭ يولباشچىسى خوجانىياز ھاجىمنىڭمۇ مۇشۇ مەزگىلدە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقانلىقى ھەققىدە ئالىم، تىلشۇناس ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆزىنىڭ يىرىك ئەسىرى < ئويغانغان زېمىن < رومانىدا مەلۇمات بەرگەن. ئۇيغۇرلار خۇددى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن چەتتە قالالمىغاندەك ئارىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خوشنا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشلاردىمۇ چەتتە قالمىغان. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سوۋېت فىنلاندىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ يارىلانغانلىقى ھەققىدىكى > ئانا يۇرت < رومانىدا بېرىلگەن بايانلارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئۇرۇشقىمۇ سۆرەپ كىرىلگەنلىكى مەلۇم.

ـ 1941يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە ھىتلېر (ئەسلى ھىتلېر بولۇپ گىتلېر ئەمەس (گېرمانىيىسى 1938 ـ يىلى تۈزۈلگەن > سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى< نى يىرتىپ تاشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ سوۋېت ئىتتىپاقى > ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى < دەپ ئاتىغان تۆت يىلغا سوزۇلغان بۇ ئۇرۇش پارتلىدى. ئۇرۇش پارتلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە گېرمانىيە ئارمىيىسى ناھايىتى شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنى سۈرۈپ توقاي قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرپ تەرەپتىكى ئوكرائىنا بېلوروسىيە قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلىرىنى ئىگەللىدى، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ شىمالىي يۆنىلىش ئارمىيىسى لېنىنگراد (ھازىرقى سانكىت پېتىربۇرگ)قا، ئوتتۇرا يۆنىلىش ئارمىيىسى موسكۋاغا جەنۇبىي يۆنىلىش ئارمىيىسى بولسا كاۋكازدىكى نېفتلىك رايونلىرىغا تاقاپ كېلىپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنتايىن

خەتەرلىك ئەھۋالغا كېلىپ قالدى، موسكۋا ھەر ۋاقىت قولدىن كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ، ئاساسلىق ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە زاۋۇت كان كارخانىلار تېز سۈرئەتتە ئىچكىرىدىكى جايلارغا كۆچۈرۈلۈشكە باشلىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا > ھەممە ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن < دىگەن شوئار ئاستىدائومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ ھەممە ئەسكەر قوبۇل قىلىشنى باشلىدى، جاي جايلاردىن تۈركۈم تۈركۈملىگەن ۋەتەنپەرۋەر ياشلار بەس بەس بىلەن ئەسكەرلىككە تىزىملىتىپ ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى، پويىز پويىزلاردا سىبىرىيە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن مىللەت نامى ۋە يار ناملىرى بىلەن ئاتالغان دىۋىزىيىلەر پويىزدىن چۈشۈپلا دەممۇ ئالماستىن موسكۋا ئالدىنقى سېپىدىكى جەڭگە ئاتلاندى. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ شۇ چاغلاردىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەينى چاغدا موسكۋا ئالدىنقى سېپىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ سانىنى 180 دىۋىزىيە دەپ مۆلچەرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن موسكۋا ئۇرۇشى باشلىنىپ ئاخىرلاشقىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 260 دىۋىزىيىسى بۇ قېتىمقى جەڭگە قاتناشقان.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھەرقايسى تۈركى مىللەتلەردىن 4 مىليوندىن ئارتۇق كىشىنى بۇ ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلغان بولۇپ، قورال يوراقلىرى ئالاھىدە بولمىسىمۇ لېكىن جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىدىغان بۇ قوشۇن گېرمانىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ دىققىتىنى تارتقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ خەلقلەرنىڭ رۇسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش كەيپىياتىدىن پايدىلانماقچى بولغان .رۇسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ كېلىۋاتقان مىللەتچىلەرمۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇستاپا چوقاي ۋە ۋەلى قەييۇمخانلارنىڭ باشچىلىقىدا قوشۇن ئىچىدىكى تەتۈر تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، گېرمانىيە ئارمىيىسى بىلەن ماسلىششنى زورايتقان، تۈركى مىللەتلەرنىڭ رۇسلاردىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتى نەتىجىسىدە 1942 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە بۇ قوشۇندىن گېرمانىيە ئارمىيىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ۋە گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ سانى بىر مىليون 700 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن ۋە كۆپ

قىسمى گېرمانىيە تەشكىللىگەن > سوۋېت ئىتتىپاقى ئازاتلىق ئارمىيىسى < تەركىۋىگە قاتناشقان .



نەتىجىدە تارىخ پەنلىرى دوكتورى نەبىجان تۇرسۇن ئۆزىنىڭ > موسكۋا خىياللىرى < دىگەن ئەسىرىدە تىلغا ئالغان سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى ۋە ھەرقايسى جۇمھۇرىيەت قەھرىمانى ۋە ھەر خىل ئوردېنلارغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر جەڭچىلەرنىڭ قارشىسىدا ئۇچىسىغا ناتسىست فورمىسى كىيگەن، پەقەت چىرايى ۋە فورمىسىنىڭ سول يېڭىگە چۇشۇرۇلگەن جامە سۇرىتى ۋە جاما تېمىدىكى > تۇركىستان < ۋە > ئاللاھ بىز بىلەن بىللە < دىگەن خەت چۇشۇرۇلگەن ھالقا ئىچىدىكى ئېلىپىسىمان يەڭ بەلگىسى بىلەنلا پەرقلىنىدىغان گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ تۇركىستان قىسىملىرى بىلەن جەڭ قىلغان. بۇ قوشۇنغا ھىتلېر ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىۋاستە قوللىشى بىلەن قۇرۇلغان تۇركىستان مىللى ئارمىيە كومىتېتىغا قاراشلىق قوشۇنلارنىڭ سانىلا 267 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. تۆت يىل داۋاملاشقان بۇ ئۇرۇش جەريانىدا ئۇلاردىن 90 مىڭدىن ئارتۇق كىشى

روسىيە، فىرانسىيە، گوللاندىيە، ئاۋستىرىيە، گېرتسىيە قاتارلىق جەڭ مەيدانلىرىدا قۇربان بولغان.

1945 ـ يىلى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆلارنىڭ كۆپ قىسمى ئامېرىكا باشلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر قوشۇنىغا ۋە مارشال ژۇكوۋ باشچىلىقىدا گېرمانىيەنى ئىشغال قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىغا ئەسىرگە چۈشكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىغا ئەسىرگە چۈشكەنلىرى ۋەتىنىگە قايتۇرۇلۇپ كۆپ قىسمى < ۋەتەن خائىنى > دىگەن جىنايەت بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە ئەسىرگە چۈشكەنلىرى ھەربىي قانۇن بويىچە جىنايىتى بار دەپ قارالغانلىرى ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى تارتقان، قالغان ئادەتتىكى ئەسكەرلەر بولسا ۋەتىنىگە قايتىشنى خالىمىغانلىقتىن گېرمانىيە، فىرانسىيە، ئاۋستىرىيە، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن پاناھلىق تىلەپ شۇ دۆلەتلەردە يەرلىشىپ قالغان.



دىمەك ئۇرۇش ناھايىتى شەپقەتسىز بولۇپ، خۇددى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا ئۇيغۇر جەڭچىلىرى پۈتكۈل ئۇرۇش سەپلىرىدە شۇنداقلا موسكۋا، لېنىنگىرات، ستالىنگىرات، سىۋاستىپول قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنى قوغداش ۋە ئازات قىلىش جەڭلىرىدە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن..

ھەم ئوفىتسېرلار ۋە قەھرىمان ئەسكەرلەر ئىچىدە " قىزىل يۇلتۇز " " قىزىل بايراق " ئوردېنلىرىغا ئېرىشكەن، شەۋكەت، ئوسمان، توختايېف، ياقۇپ ئەخمەدوۋ، ئوسمان ھەسەنوف، " 1 ـ دەرىجىلىك ۋەتەن ئۇرۇشى ئوردېنى " " قىزىل يۇلتۇز "ئوردېنىغا ئېرىشكەن نىزامىدىنوف، " قىزىل بايراق " ، "قىزىل يۇلتۇز " شۆھرەت "ئوردېنىغا ئېرىشكەن تاتۇر شەرىپوف ، 1 ـ دەرىجىلىك " ۋەتەن ئۇرۇشى ئوردېنى "، " قىزىل يۇلتۇز" ئوردېنىغا ئېرىشكەن ۋالىنتىن نىزامىدىنوف، " قىزىل

بايراق " ، " ۋەتەن ئۆرۈشى " ، " ئالكساندىر نىۋىسكى " " جاسارەت ئۈچۈن " مىدالىغا ئېرىشكەن ھاشىم نەسىردىنوپ ، "سىۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى " مىدالىغا ئېرىشكەن داداش بابا جانوپ ، سۇلچى لۇتپۇللا ،مەسۇم ياقىپوف ، "پولشا جۇمھۇرىيتى قەھرىمانى " مىدالىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئەزىمەتلەردىن ئى.كامالوف ، مەخسۇت نىيازوف ،ش.زۇلقاروف ،م.قاسىموف قاتارلىق قەھرىمان جەڭچىلەر يېتىشىپ چىقىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارغا شان شەرەپ كەلتۈرگەن بولسىمۇ لېكىن يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك فاشىستلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان جەڭچىلەرمۇ بار بولغان .

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن تارىخ، بۇلارغا باھا بېرىش كەلگۈسى ئەۋلاتلارنىڭ ئىشى

ئىلىدا ئاپتوموبىل قاتنىشى ۋە ئايروپىلان قاتنىشى

بوستانغا يوللىغۇچى: بوستان

ئىلىدا ئاپتوموبىل قاتنىشى 1911 ـ يىلى باشلانغان. بۇ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئاپتوموبىل قاتنىشى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. 1911 ـ يىلى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلغان قوي يۈڭى شىركىتى پولشىدىن ئىككى يولۇچىلار ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىپ، كۆرە بىلەن غۇلجا شەھىرى ئارىلىقىدا قىسقا مۇساپىلىك يولۇچىلارنى توشۇش كەسپىنى يولغا قويغان. ئىلى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن( ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى 1912 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پارتلىغان) قوي يۈڭى شىركىتى تاقالغان. ئاپتوموبىللار ئوغرىلىنىپ روسىيەلىك سودىگەرلەرگە سېتىۋېتىلگەن ـ 1928 .يىلى ئۈرۈمچىدىن چوچەككە ئاپتوموبىل قاتناشقا باشلىغان. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ دائىرىلىرى تىيەنجىن ئارقىلىق چەت ئەلدىن 30يولۇچىلار ئاپتوموبىلى، 30يۈك ئاپتوموبىلى سېتىۋالغان، بۇ ئاپتوموبىللار تۇركىستان ـ سىبىرىيە تومۇر يولى ئارقىلىق شىنجاڭغا توشۇپ كېلىنگەن. ئۈرۈمچى بىلەن چوچەك ئارىلىقىدا قاتنىغان ئاپتوموبىللار ئەنە شۇ ئاپتوموبىللاردىن ئىدى. غۇلجا بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدىكى ئاپتوموبىل قاتنىشى 1935 ـ يىلىدىن تارتىپ رەسمى باشلانغان. 1949 ـ يىلىغىچە ئىلىدا ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپتوموبىللار ئونغىمۇ يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كونا يۈك ئاپتوموبىللىرى ئىدى.

ـ 1933يىلى گومىنداڭ ھوكۇمىتى بىلەن سوۋېت ئىتىپاقىنىڭ ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى بىرلىكتە قۇرغان قۇمۇل ـ ئالمائاتا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇمۇلدىن ئۈرۈمچى، غۇلجا، ئالمائاتىغا بارىدىغان ھاۋا لىنىيىسى ئاچقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە سوۋېت ئىتىپاقى قاتارلىق دولەتلەرنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلغان ماددى ئەشيالىرى مۇشۇ ھاۋا لىنىيىسى ئارقىلىق توشۇپ كېلىنگەن. لېكىن بۇ ھاۋا لىنيىسىنىڭ يولۇچى توشۇش ترانسپورتى يۈرۈشمىگەن. 1949 ـ يىلىغا كەلگەندە، يىللىق توشۇش مىقدارى ئاران 2000مىڭدىن كوپرەك بولغان. 1949 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا ۋە چوچەككە كىچىك تىپتىكى ئايروپىلان قاتنايدىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇسكۇنىلىرى ئاددى بولغاچقا، ئاساسى جەھەتتىن يېرىم توختاپ قېلىش ھالىتىدە تۇرغان.

مەنبەسى: گۇلشەن ۋادىدىكى ئىزلار.

مەشھۇر مۇدەررىس، تەسەۋۋۇپچى شەئىدىدىن كاشغەرى
ۋاپاتىنىڭ 550 يىللىقىنى خاتىرلەپ

بوستانغا يوللىغۇچى: مايلامچى

بۇندىن ئىككى يىللار ئىلگىرى بىر دوستۇمنىڭ تەۋسىيەسى ۋە قىزىقىشىم بويىچە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن ئالىم ، مۇتەپەككۇر، تارىخشۇناس، ئەدىب ۋە تەسەۋۋۇپ ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالىنى، ئەسەرلىرىنى توپلاشقا باشلىدىم. توپلاش جەريانىدا سەئىدىدىن كاشغەرى توغرىسىدىكى قىسقىچە مەلۇمات دىققىتىمنى تارتتى. شۇندىن بېرى سەئىدىدىن كاشغەرى ھەققىدە ئىزدىنىش ئىستىكى پەيدا بولدى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزىبىر ئېنىقسىز مەلۇماتلارغا ئېرىشتىم. ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدەتۇغۇلۇپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ ئۆتكەن ئالىملىرىمىز كۆپ، سەئىدىدىن كاشغەرى ئەنە شۇنداق ئالىملىرىمىزنىڭ بىرىدۇر .ئالىم توغرىلىق سېستىمىلىق، ئىلمىي ، تەپسىلىي، تارىخى پاكىتقا ئۇيغۇن ھالەتتە ئىزدىنەرمەن دىگەن ئۈمىدتە دەسلەپ يەڭگىلتەكلىك بىلەن تۇتۇش قىلىپ قالدىم ۋە بىلەم سەۋىيەمنىڭ چەكلىكلىكى، ماتىريال، قولىيازمىلارنىڭ كەملىكى ياكى ئۇچرىشالمىغانلىقىم تۈپەيلى قەلەمنى توختىتىپ قويغاندىم . مانا ھازىر ئىككى يىل بوپتۇ، ئالىم ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 550 يىللىق خاتىرە كۈنى يېقىنلاپ كەلگەنسىرى ، ھېچ بولمىسا ئالىمنى خاتىرلەش يۈزىدىن بولسىمۇ توختاپ قالغان قەلىمىمگە جۈرئەت ئاتا قىلىپ قايتا تەۋرەتتىم . تۆۋەندە مەن ئۆزۈم خاتىرلىۋالغان ماتىرىياللىرىم ئاساسىدا سەئىدىدىن كاشغەرى ھەققىدە دوسلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. سۆزنى ئاۋال ئەينى دەۋرىدىكى سىياسى ۋەزىيەتتىن باشلاشنى لايىق تاپتىم ، چۈنكى بۇ مەيلى سەئىدىدىن كاشغەرىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى بولسۇن ، ياكى ئەينى دەۋرىدىكى ئۆلىما فازىللارنىڭ بولسۇن خۇددى مەرھۇم ئابدۇشكۇر مۇھەممەدئىمىن ئەپەندى ئاتىغان كەنجى ئويغىنىش دەۋرىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرنىنىشى ئۈچۈن مەلۇم ئۇچۇرلارغا ئىگە قىلار دەپ ئويلىدىم .

مۇقەددىمە:

ئەمىر بولاجى دوغلاتى تاش تۆمۈر ئىسىملىك بىر كىشىگە تۇغلۇق تۆمۈرخاننى تېپىپ كېلىشنى تاپشۇردى . تاش تۆمۈر تۇغلۇق تۆمۈرخاننى مىلادى 1346 ـ يىلى 16 يېشىدا ئىزدەپ تاپتى، ئەمىر بولاجى مىلادى 1348 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى 18يېشىدا تەختكە چىقاردى، شۇندىن كېيىن ماڭلايسۇيەر رايونى " موغۇلىستان " دەپ ئاتالدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان تەختكە چىقىپ موغۇلىستان خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن دوغلات ئەمىرلىرىگە مۇھىم ھوقۇقلارنى بەردى .بولۇپمۇ تۆلەك ۋە بولاجى ئاكا ـ ئۇكىغا ئالاھىدە ئىمتىياز

بېرىپ ، بولاجىنى " ئاتا بەگ"(ئەمىرلەرنىڭ ئەمىرى)قىلىپ، ئۆزىنى مۇزداۋاندا ھاڭدىن قۇتقۇزغان كارۋان بېشى بەگچەك (بېگجىك(

نى " بەگلەر بېگى" قىلىپ ، تاش تۆمۈرنى " ئۇرۇق بېگى" قىلىپ تەيىنلىدى. 1347 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئاكسۇ ئايكۆل رايونىدىكى ئوۋ مەيدانىدا ، تارىم ۋادىسىدىكى قۇمغا كۆمۈلۈپ يوقالغان كەتەك (كېتىك) شەھرىدىن قېچىپ چىققان مەۋلانا شەيخ

جامالىددىننىڭ تەسرى ئاستىدا شەيخكە " تەختكە چىققاندىن كىيىن ئىمان ئېيتىمەن " دەپ ۋەدە بەردى. شەيخ جامالىددىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئاقسۇ ئايكۆل رايونىدا ۋاپات بولدى ، ۋاپات بولۇش ئالدىدا " تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ۋەدىسى"نى شەيخ ئەرشىدىن ۋەلىگە ۋەسىيەت قىلدى. مىلادى 1354 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان 24 يېشىدا شەيخ ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ دالالىتى ئاستىدا ئىمان نۇرىغا مۇەششەررەف بولدى ۋە ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەمەلدار ، خەلقلەرگە ئىسلام دىنىنى تارقاتتى . 1361 ـ يىلى زور قوشۇن بىلەن ماۋارائۇننەھرگە ھۇجۇم قىلىپ خانلىق دائىرىسىگە كىرگۈزدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان چوڭ ئوغلى ئىلياس خوجا بۇ رايونغا سۇلتان قىلىپ

تەيىنلىدى ، بارلاس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئەمر تۆمۈرنى ئۇنىڭغا ئاتابەگ ۋە قاڭلى قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بەگچەكنى ئەمر قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن موغۇلىستان خانلىقى شەرقتە قاراشەھەر. غەربتە بۇخارا ، شىمالدا يەتتە سۇ رايونى جەنۇبتا قاراقۇرۇم تاغلىرىنى ئۆزىگە قارام قىلغان چوڭ بىر ھاكىمىيەت بولدى. مىلادى 1362 ـ يىلى كۇزدە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئاساسى تايانچىسى ئەمر بولاجى ۋاپات بولدى ، ئۇنىڭ ئورنىغا يەتتە ياشلىق ئوغلى خۇدايدات " ئاتابەگ "قىلىپ تەيىنلەندى، ئۇزۇن ئۆتمەي 1363 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخانمۇ ۋاپات بولدى ۋە ئالمالىق شەھرىدە دەپنە قىلىندى. 1365 ـ يىلى سەمەرقەند شەھرىدە سەمەرقەندمەدرىسەسىنىڭ تالىپى مەۋلانازادە رەھبەرلىكىدە شەھەر قول ھۈنەرۋەنلىرى ۋە تالىپلىرىنىڭ " سەربەدارلار" (ئۆلۈمدىن قورقماي دارغا بېشىنى ئاتىغانلار)نىڭ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى پارتلاپ، سەمەرقەند شەھرىنى موغۇلىستان ھۆكۈمرانلىرىدىن ئازاد قىلدى ، ئىلياس خوجا نۇرغۇن قوشۇن باشلاپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئېغىر زەربە يىدى ، بۇ ھال ئەمر تۆمۈرنىڭ موغۇلىستان خانلىقىدىن بۆلۈنۈش خاھىشىنى كۈچەيتتى. 1365 ـ يىلى ئەمر تۆمۈر سىر دەريا بىلەن كەش ئارىلىقىدا شانارا دىگەن يەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ خانلىقتىن بۆلۈنۈشكە ئۇرۇندى، لېكىن ئۇ ئىلياس خوجا تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ خوراساندا تۇرۇشلۇق تىيىت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئەمىر ھۈسەيىن تەرەپكە قاچتى، ئۇ سىجىستان تەرەپتە يەرلىك قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئوڭ مۈرىسى ۋە پۇتىغا ئوق تىگىپ ئېغىر يارىدار بولدى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ يىلدىرىم ئەمر تۆمۈر " تۆمۈرلەڭ" (ئاقساق تۆمۈر) دەپ ئاتىلىپ كەلدى ـ 1366 .يىلى ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن بىرلىشىپ ، سەربەدەر قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرىنى ئالداپ قولغا كىرگۈزۈپ سەمەرقەندنى ئىگىلىدى . ئارقىدىنلا قوغىلاڭچىلارنى رەھمىسىز باستۇرۇپ، ماۋارائۇننەھرگە ئىگە بولدى ۋە ئىلياس خوجىنى

بۇ جايدىن قوغلاپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا چاغاتاي ئەۋلادى قا بۇلخاننى(ئېلچىگىداينىڭ نەۋرىسى) خان قىلىپ كۆتۈردى. 1370 ـ يىلى سەمەرقەندنىتتە ئەمر تۆمۈر ئۆز ئىتىپاقدىشى ئەمر ھۈسەيىننى ۋە قابۇلخاننى ئۆلتۈرۈپ ئۇگداي (ئوكتاي) ئەۋلادى سۈيۈرغۇتمىشنى قورچاق خان قىلىپ تىكلەپ موغۇلىستان خانلىقىدىن رەسمى بۆلۈنگەنلىكىنى جاكارلىدى، شۇ يىلى غازانخاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ "كوراگان " دەپ ئاتالدى. خوش سىلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولغان ئالىم مۇشۇ سىياسى قالايمىقانچىلىق دەۋرىنىڭ ئالدى كەينىدە تۇغۇلغان بولىشى مۇمكىن...

1 .سەئىددىن كاشغەرىنىڭ تۇغۇلغان يىلى ھەققىدە

مەن سەئىددىن كاشغەرىنىڭ تۇغۇلغان يىلىغا ئائىت كۆرگەن تۇنجى مەنبە مەرھۇم قىرغىز

تارىخچىسى ئەنۋەر بايتۇرنىڭ

"شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى " دېگەن ئەسىرى بولۇپ ، ئەسەردە:

"موغۇلىستان خانلىقىدىكى ئالىم ۋە ئۆلىمالارنىڭ پىشۋاسى سەئىدىدىن كاشغەرى (سەئىدۇلھەق ۋەددىنى كاشغەرى) مىلادى 14 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا قەشقەردە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىللىرى قەشقەر ئاھالىسىنىڭ ئىنتايىن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك يىللىرى ئىدى . چۈنكى مىلادى 1369 ـ يىلى ئەمىر قەمەرىدىن قەشقەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەۋلادىنى قىرغىن قىلدى ، 1375 ـ يىلى ئاقساق تۆمۈر ئەمىر قەمەرىدىن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قەشقەر شەھرىنى (ئوردا كەنتنى)تامامەن خاراب قىلغانىدى ، شۇندىن ئېتىبارەن سەئىدىدىن ئائىلىسى سەرگەردانلىق تۇرمۇشنى باشلىدى ، بۇلار فەرغانە ، خوجەند ، سەمەرقەند شەھەرلىرىدە ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى ، ئاخىرى بۇ جايلاردىمۇ تىنىم تاپالماي بۇخاراغا كۆچۈپ باردى . بۇ چاغدا سەئىدىدىن كاشغەرى بالاغەتكە يەتكەن يىگىت بولۇپ قالغانىدى . ئۇ بۇخارا مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىردى ۋە تىرىشىپ ئۆگىنىپ خوجا بەھائۇددىن (باھاۋىدىن ) نەقشبەندى نىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولدى ۋە ئۇنىڭ سادىق مۇرتىغا ئايلاندى . مىلادى 1456 ـ يىلى سەئىدىدىن كاشغەرى ۋاپات بولدى .مەزكۇر كىتاب 923 ـ 924 بەتلەر.

"بۇخاراغا يېتىپ بارغان ۋاقتىدىكى سەئىدىدىن كاشغەرى بالاغەتكە يەتكەن بىر يىگىت بولۇپ قالدى" ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويىچە ئوغۇللار توققۇز ياش ۋاقتىدا بالاغەتكە يەتتى ياكى يىگىت بولدى دەپ پەرەز قىلساق ئالىم بۇخاراغا 1380 ـ يىلىنىڭ 1385 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى كەينىدە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ، شۇنداق بولغاندا ئالىم نەقشبەندىنىڭ قولىدا ئاز دېگەندە

تۆت يىل كۆپ بولسا 10 يىلدەك تەلىم ئالغان بولۇشى مۇمكىن ، بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا بالاغەتكە يەتكەن يىشى زادى قانچە ياش ؟

ئىككىنچى مەنبە تارىخچى شەرەفىدىن ئەلىيەزدى نىڭ " زەفەرنامەئى تېمۇر" (ئەمىر تۆمۈر كوراگان ھەققىدە قىسسە ) دېگەن ئەسەر بوپ:

ئەسەردە ئەمىر تۆمۈرنىڭ چوڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزا قەشقەردە ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ جاكارلىغان مەنسۇرغا قارشى جەڭ قىلغاندا سەئىدىدىن كاشغەرىنىڭ قەلەندەر سۈپىتىدە چىقىپ جاھانگىر مىرزىغا ياردەم بەرگەنلىكى ئۇچرايدۇ.

ئەسەر قويۇق رىۋايەت تۈسىگە ئىگە بولسىمۇ جاھانگىر مىرزىنىڭ قەشقەرگە 1375 ـ يىلى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغانلىقى راست ، مۇشۇ بويىچە سەئىدىدىن كاشغەرىنى ئەسەردىكى سەئىدىدىن بىلەن بىر دەپ قارىساق جاھانگىر مىرزىغا ياردەم قىلغۇدەك بولغان سەئىدىدىن كاشغەرىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەرگىز ـ 1370 يىلىدىن كېيىن ئەمەس ، ھەتتا 1340 ـ يىللىرىغىمۇ ئېرىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى مەنبە شىنجاڭ گېزىتى 1992 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ17 ـ كۈنىدىكى مەھمۇد زەئىدى ئاكىنىڭ " سەئىدىدىن قەشقىرى"

دېگەن قىسقا ماقالىسىدە تۇغۇلغان يىلى توغرىلىق ئېنىق مەلۇمات يوق بولۇپ ، ماقالىدە يەنە سەئىدىدىن قەشقىرىنىڭ15 خىل قول يازمىسىنىڭ مەرھۇم مۇھەممەد زەئىدى ئىسمىلىك ئۇيغۇر شەرقشۇناسىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى ۋە ۋاپات بولغان يىلىنىڭ 1456 ـ يىلى ئىكەنلىكىدىن ئۇچۇر

بېرىلگەن.
تۆتىنچى مەنبە شىنجاڭ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن دوتسىنت غەيرەتجان ئوسماننىڭ " ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە مۇلاھىزە " " ئۇيغۇرلار غەربتە ۋە شەرقتە" ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىگۈچىلەر ئۈچۈن تۈزگەن " ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى" دىگەن ئەسەرلەردە سەئىدىدىن كاشغەرىنىڭ تۇغۇلغان يىلىنى 1377 ـ يىلى دەپ يازىدۇ لىكىن مەنبە ئەسكەرتىلمەيدۇ، مەيلى نەۋائىنىڭ "نەسايمۇل مۇھەببەت"ياكى " مىرزا ھەيدەرنىڭ " تارىخى رەشىدى" دىگەن تارىخى ئەسەرلەردە بولسۇن ، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىلمى تەتقىقات كىتاب ۋە ماقالىلەردە بولسۇن ھىچقايسىدا ئالىمنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان ، قويۇلغان بولسا تەخمىنى كۆز قاراشلار .شەخسەن مەنمۇ ئالىمنىڭ 1377 ـ يىلى تۇغۇلغان دەپ قارىلىشىنى توغرا دەپ قارىمايمەن، سەئىدىدىن كاشغەرىنىڭ ئۇستازى نەقشبەندى 1389 ـ يىلى 71 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. مۇشۇ بويىچە ھىسابلىساق سەئىدىدىننى ئۇستازىدىن 12يېشىدا ئايرىلىپ قالدى دىيىشكە بولىدۇ ھەم سەئىدىدىننى قەشقەردە ئەمەس بەلكى سەپەر جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسيادىكى مەلۇم بىر شەھەردە تۇغۇلغان بولىشى مۇمكىن دەپ يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ.
شۇڭا سەئىدىدىن كاشغەرىنىڭ تۇغۇلغان يىلى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق مەنبە ۋە پاكىت بولمىغان ئاستىدا كېسىپ مانچىنچى يىلى دىيىشنى ئىلىم ساھەسى قوبۇل قىلالمايدۇ دەپ قارايمەن.
تەخمىن ھىسابلىساق 14 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن 70 يىللىرىنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارلىقتا تۇغۇلغان بولىشى مۇمكىن . يۇقارقى مەنبەلەردە ئالىمنىڭ ۋاپاتىنى بىردەك 1456 ـ يىلى دەپ قارالغان ." ئۇيغۇلار شەرقتە ۋە غەربتە " دىگەن ئەسەردە ئالىمنىڭ 13 ـ ماي ۋاپات بولۇپ ھىراتنىڭ ھىيابان دىگەن يېرىگە دەپنە قىلىنغانلىق ئۇچۇر بار . مەن ئۇچراشقان ماتىرىياللار ساپلا ئىككىنچى قول ماتىريال بولغاچقا ئالىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسرى بىلەن ئۇچرىشالمىغاچقا پەقەت ئۆزۈم ئازراق بولسىمۇ پاكىتقا يىقىن دەپ قارىغىنىم بويىچە پەرىزىنىم ئوتتۇرىغا قويدۇم ، خاتا يەرلىرىنى دوسلارنىڭ ۋاقتىدا تۈزىتىپ بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.
.2سەئىدىدىن كاشغەرى ئىدىيىسى ھەققىدە:
ئالىمنىڭ تۇغۇلغان يىلى ھەققىدىكى ئۇچۇرلاردىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئالىمنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئىدىيىسى ھەققىدە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان باشلانغۇچ سەۋىيەدىكى ماتىرىياللارنىمۇ تاپماق تەس ياكى يوق . ئەينى ۋاقىتتا مىنى قىزىقتۇرغىنىمۇ ئالىمنىڭ داڭلىق پاراس مۇتەپەككۇرى ، شائىرى نۇرىدىدىن ئابدۇراھمان جامىغا ئۇستاز بولغانلىقى ۋە ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالغانلىقى ئىدى. ئەپسۇس ماتىريال مەنبەسىنىڭ كاملىقى ياكى ئوخشاش قىسقا مەلۇماتلاردىن ئالىمنىڭ ھىرات مەلىكان مەدرىسەسىدە مۇدەررىس بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى، " مۇنيەتۇل مۇسەللى ۋە غەينەتۇل مۇفتەدا"، " تۆھفەتۇل مۇسەللى، مۇنيەتۇل مۇسەللى " " كەلىماتى خاجە بەھائۇددىن"، " رىسالەئى لەتائىف" (نازۇل ئىبارىلەر رىسالىسى) " ۋۇجۇدنامە" قاتارلىق ئەسەرلىرى بارلىقىنى بىلەلەيمىز.
نەقىللەر:

جامى تەرىقەت سۈلۈكىنىڭ سادىق ئەگەشكۈچىسى بولۇپ ، ئۇ بۇ ھەقتە ۋە ئومۇمى دۇنيا قاراش جەھەتتە سەئىدىدىن كاشغەرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان .ئۆزىنىڭ " رىسالەئى تەرىقىي سۇفىيان"، " رىسالەئى تەھقىقى مەزھەپ سوفىيە ۋە مۇتەكەككەلەمىن ۋە ھۆكەما " (سوفى مەزھىپىنىڭ ناتىقلىرى ۋە ھۆكۈمالىرى ) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئاساسەن سەئىدىدىن كاشغەرىنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىنى شەرھلەيدۇ ۋ ئۆزىنىڭ پىرى ھەم شەيخى سەئىدىدىن كاشغەرىگە يۈكسەك باھا بېرىدۇ.

سەئىدىدىن كاشغەرىنىڭ ئۆز زاماندىشلىرى ئۇبەيدۇللا لۇتفى ۋە مەۋلانا سەككاكىغا بەرگەن تەسىرىمۇ كۈچلۈك ئىدى.

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى923 ـ 925 بەتلەر.

نەقىل:

جامىينىڭ " نەفاھاتۇل ئۇنس" ۋە نەۋائىنىڭ " نەسايىمۇل مۇھەببەت" ئەسەرلىرىدە ئالىم مۇناسىپ ئورۇن ئالغان. ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھىراتتا ئۆتكۈزگەن بۇ ئارىف تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ تارمىقى نەقشىبەند تەرىقىتىنىڭ بۈيۈك ۋەكىلى سۈپىتىدە شۆھرەت قازانغان ئىدى. نەۋائى " خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن "دا شۇندا يازغان : " ھەزرەتى قۇتبى تەرىقەت ۋە غەۋسى ھەقىقەت مەۋلانا سەئىدۇددىن كاشغەرىكىم ، نەقشبەنىيە خاجە ئىلىرى سىلسىلەنىڭ ئول زاماندا كامىل ۋە مۇكەممەل مۇرشىدى خەلىپەسى ئەردىم سۆھبەتىن ۋە مۇلازىمەتىن ئىختىيار قىلىپ، زامانىنىڭ سەيرى مۇرشىدلىرى ۋە كامىللىرى خىزمەتلىرىگە " شەيخ بەھائۇددىن ئۆمەردەك ۋە مەۋلانا بايەزىد پۇرانىي دە مەۋلانا مۇھەممەد ئەسەددەك بۇزرۇكلار سۆھبەتى شەرىفىگە داخى مۇشەررەف بولۇش ئەردىلەر" ـ ـ 14 ـ توم ـ 11 بەت.

بۇ باياندىكى مەۋلانا بايەزىد پۇرانىنىڭ يەنە باشقىچە ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى دىگەن ئەسەردە مەۋلانا جالالىدىن ئەبۇيەزىد بۇرابى ئېلىنىدىمىكلىن دەپ قارايمەن.

سەئىدىدىن كاشغەرى ئەرەب ، پارس تىللىرىدا كۆپلىگەن كىتابلارنى يازغان ھەمدە ئەرەب پارس تىللىرىدىن تۈرك تىلىمىزغا

كۆپ ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان ۋە بىزگىچە يىتىپ كەلگەن. " ۋۇجۇدنامە" " رىسالەئى لەتائىف" ئەسەرلىرى ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر بولغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىمىز. (ھەزرەت سەئىدىدىن كاشغەرى يىزىپ قالدۇرغان ئۇشبۇ قولىيازما پارس تىلىدا يىزىلغان بولۇپ ، بۇ مەلۇماتلار ئۆزبېكىستان رىسپوبلىكىسى پەنلەر ئاكادىمىيىسى ئەبۇ رەيھان بىرونى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئېنىستىتۇتى قولىيازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان ـ 5501 نومۇرلۇق قولىيازمىدىن ئېلىندى ـ ـ ھەمدخان ئىسلامىي(

بۇلاق 2005 يىللىق 3 ـ سان" ئىپار ھىد بىلەن تۇغۇلغان ئارىف" ئاپتورى ھەمدخان ئىسلامىي ئۆزبىكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى مۇھەممەدئىمىن تۇردى. 46 ـ بەت.

يۇقارقى مەنبەلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇ سەئىدىدىن تەسەۋۋۇپ ئەھلىدىن بولۇپ نەقشبەندىيە ئېقىمىنىڭ سادىق ئەگەشكۈچىسى ۋە ئۇنى ئەسلى ماھىيىتى بىلەن راۋاجلاندۇرغۇچىسى ، ئىلىم

مەرىفەتنىڭ ھامىيسى، ئەينى دەۋر خوراساندىكى مەشھۇر ئەرباب. كەنجى ئۇيغىننىش دەۋرىدىكى مىرزا ئۇلۇغبەگ تەبىئى پەن ساھەسىدە چاقنىغان يۇلتۇز بولسا ، سەئىدىدىن كاشغەرى روھىيەت ،ئىلاھىيەت ئىلىملىرىدە چاقنىغان نەقشىبەندىيە ئېقىمى ۋە ئەسلى تەسەۋۋۇپ كۆز قاراشلىرىغا ئەمەل قىلغان ۋە ئىجابى تەرەققىي قىلدۇرغان ھەققى ئارىفتۇر. خوجا ئەھرارى ۋەكىللىدىكى ساختا تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ دەستىدىن ئۇستازىنىڭ يېنىدا بولالماي ھىراتتا تۇرۇپ قالغان بۇ ئارىف ئەينى دەۋىردە ئىلىم ساھەسىدە زور تەسىرلەرنى قالدۇرغان. سەئىدىدىن ئائىلىسى ئۆلىما فازىللار بىلەن تولغان ئائىلە بولۇپ دادىسى زەينىدىن كاغراقى مەشھۇر مەسئۇدىيە مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ، نەۋرىسى مەۋلانا مىرفازىل " پارس تىلىدا سىررەل ئەسرار" نى يازغان . زەينىدىننىڭ ئەۋرىسى شەيخ ئالامىدىن پارسى تىلىدا " مۇناقىپ خوجا زەينىدىن " نى يازغان. 1797 - يىلى ئابدۇئەلى سەرمەنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

ھەمىدخان ئىسلامي " ئىپارھىد بىلەن تۇغۇلغان ئارىف" دىگەن ئەسرىدە "دىمەك ، سەئىدىدىن كاشغەرى ئابدۇرەھمان جامىينىڭ پىر ئۇتازى بولسىمۇ، ئەمما روھىيەت جەھەتتىن جامىينىڭ خوجا بەھائۇددىن نەقشىبەندىدىن تەربىيە تاپقانلىقى مەلۇم بولىدۇ " دەپ يازغان بولۇپ بۇ جۈملىلەردە ھىسسىيات ئامىلىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى غۇۋا كۆرىمىز . نەۋائىنىڭ " نەسايىمۇل مۇھەببەت" تە : زاھىر يۈزىدىن ئۆزلەردىن قۇتبۇل - مۇھەققىق ۋە غەۋسى سالىكىن مەۋلانا مىلەت ۋەلىدىن ئەل - كاشغەرى(ئاللاھ ئول زاتنىڭ ئەزىز روھىنى مۇقەددە قىلسۇن) مۇرىدى كۆرگۇزۇرلەر ئەردى. ئەمما ھەمانەكى ئۇۋەيسى ئەردىلەر ۋە خاجەئى بەھائۇددىن نەقشىبەند (رەھمەتۇللاھۇ تەئالا ) روھانىيەتىدىن تەربىيەت تەپىپ ئەردىلەر "نى نەقىل قىلغان. ئەينى كىلاسسىكرىمىز ئارىسدا ئۆزىنى روھىيەت جەھەتتە بىر باغلاش ، بىردەك ھىس قىلىش خاھىشى كۈچلۈك بولۇپ ئۇلار ئۇستازلىرىنى بايان قىلغاندا ئەنە شۇنداق ھۆرمەت يۈزىدىن ئۆزىگىمۇ ئۇستاز چاغلار ئىدى.

مۇشۇ جۈملە بويىچە قارىساق بىز نەۋائىنىڭ روھىيىتىنى بىۋاستە فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ لىسانۇتتەيردىن تەربىيەت تاپقان دەپ قارىساق بولامدۇ ؟

ئالىم خوجا بەھائۇددىن نەقشىبەندى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ بۇجايدىكى شەيخلىرىنىڭ ھەسەتخورلۇقى تۇپەيلىدىن خوراساننىڭ بەلخ، ھىرات قاتارلىق جايلاردا رەسمى تەسەۋۋۇپ يولىغا كىردى، شۇنداقلا مەۋلانا نىزامىدىن خامۇش ۋە جالالىدىن ئەبۇيەزد بۇرابى قاتارلىق تەسەۋۋۇپ پىرلىرىدىن تەسەۋۋۇپ ئۆگىنىدى شۇنداق قىلىپ تەسەۋۋۇپ ئۆلىمالىرىنىڭ ئىچىدە زور شۆھرەت قازاندى. يۇقىرقى بايانغا ئاساسەن سەئىدىدىننىڭ نوقۇل نەقشىبەندىلا ئەمەس يەنە بىر قانچە پىرلاردىن تەلىم ئالغانلىقى ئۇنىڭ كۆپ قىرلىق ، كۆپ قاتلاملىق تېخىمۇ سىستېملىق ۋە مۇكەممەل بولغان تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىشارەتكە ئېرىشىمىز . ھەمىدخان ئىسلامي ماقالىسىدىمۇ نەۋائىنىڭ " خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن " دىگەن ئەسەردىن نەقل ئېلىپ سەئىدىدىننىڭ بىر نەچچە پىرلاردىن تەسەۋۋۇپ ئىلمى ئۆگەنگەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن، دىمەك ئابدۇراھمان جامىي ئىدىيىسىنىڭ ئاساسى يىلتىزى گەرچە نەقشىبەندى بولسىمۇ ئۇ ئۇستازى سەئىدىدىندىن تېخىمۇ تەپسىلى ئۇگە ئۇگىلىرىگىچە تەسەۋۋۇپ ئۆگەنگەن بولىشى ئەقىلگە يېقىن. سەئىدىدىن ھەققدە ئىلمىي ئىزدىنىش تېخى ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى تۇپەيلى يەنىمۇ ئىچكىرلىگەن

هالدا سەئىدىدىن ئىدىيىسىگە بۆسۈپ كىرەلمەيمىز. تەسەۋۋۇپتىكى روھىيەت گىنلىرى ھەرقانداق بىر ھەققى ئارىفتا جۇلالىلىنىدۇ ، تەجەللى قىلىدۇ ، مەسلەن سەنائى ، فەرىدۇددىن ئەتتار روھلىرىنى بىز رۇمى ، نەۋائى ، جامىدىمۇ ئۇچرىتىمىز ، غىژدىۋانى، ھەمەدانى، يەسەۋى، ئابدۇقادىر جىلانى روھلىرىنى بىز نەجمىدىن كوبرا ، نەقشبەندى روھلىرىدا قايتا كۆرىمىز ، دىمەك ئەھلى تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ روھىيەتلىرى بىر ـ بىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى خۇددى دەرەخ ۋە دەرەخنىڭ شاخلىرىغا ئوخشىتىش مۇمكىن . سەئىدىدىن ئەسەلىرى تېخى تولۇق تەقىق قىلىنمايۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مەن ئىلىم ئەھلىرىلىنىڭ ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارماسلىقىنى، تارىخى پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىنى سەممىمى ئۈمىد قىلىمەن. ھازىرغىچە ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرىمدىن شۇنى ھىس قىلدىمكى سەئىدىدىن ئۇستازى نەقشبەندىگە قارىغاندا سىياسىغا ئازراق ئارلاشقان بولسا كېرەك . يەنە بىرى بولسا ئالىمنىڭ ئىسمىنى ئورتاق قىلساق ، بەزى ئەسەرلەردە سەدرىدىن قەشقىرى دەپ ئاتىلىپ قالغان بولۇپ بۇ بىزدە نۇرغۇنلىغان خاتا چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. سەئىدىدىن كاشغەرىنى خاتىرلەپ يازغان بۇ ئەسلەتمەم ئىلمىيلىكتىن يىراق ، ھىس پەرىزىم ئۇستۈن بولىسمۇ ، بۇ ئارقىلىق كەڭ تەتقىقاتچىلىرىمىزنى قېزىلمايۋاتقان بۇ ئالىممىز توغرىلىق ئىزدىنىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن. مەرھۇم ئالىم ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىن ئېيتقىنىدەك " چىكىتنى بىلىش ئۈچۈن ئەتراپىنىمۇ بىلىش لازىم " بويىچە مەنمۇ ماقالەمنى ئۇزارتىپ مۇقەددىمەنى ئارتۇق قوشۇۋالدىم ، تورداشلارنىڭ دوسلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ ئوقۇپ بەرگىنىگە رەھمەت ئېيتىمەن. مىللى روھ ، مىللي ئەنئەنە ، مىللى غورۇرنى ئالىملىرىمىزنى مەدھىلىۋالغانغا ، ئالىملىرىمىزنىڭ نامى ئارقىلىق ماختىنىۋالغانغا ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ يازغان ئەسەرلىرىدىن قۇربىمىز يەتكۈچە ئوزۇق ئالالىغىنىمىزدا جەۋلان قىلدۇرالايمىز . ۋاقىت ۋە ھەجىم تۇپەيلى تەسەۋۋۇپ، نەقشبەندىيە سۇلۇكى ھەققىدە توختىلالمىدىم ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىلەر.

بۇيىل 2006 يىلى مەزكۇر ئالىمنىڭ ۋاپاتىنىڭ 550 يىللىقى بولىدۇ .

پايدىلانغان كىتابلار:

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى ـ ـ ـ ئەنۋەر بايتۇر

بۇلاق2005 ـ 3سان

ئەمر تۆمۈر كوراگان ھەققىدە قىسسە ـ ـ شەرەفىدىن ئەلى يەزدى

ئۇيغۇرلار غەربتە ، شەرقتە ،ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى ـ ـ ـ غەيرەتجان ئوسمان

يانداش پەقەت ئىسمى ئاتالغان مەنبەلەر بولسا مائارىپ تارىخىدىن ئوچىرىكلار73 ـ بەت ـ ـ ئابدۇللا تالىپ

تاجىك ئەدەبىيات تارىخى 397 ـ بەت ـ ـ مەدەلخان ، ئاتىكەم زەمىرى.

مۇقەددىمە قىسمى ـ داشقالنىڭ تىترەش نامىلىق كاشغەرگە بېشىلغان توپلىمىدىن ئېلىندىن .

ـ 2006يىلى5 ـ ئاينىڭ10كۈنى كەچ 2 دە تامام .

داشقال قەلىمى.

## ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى توغرىسىدا

بوستانغا يوللىغۇچى:سۆيگۈ

ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا توپلىشىپ ياشايدىغان غوللۇق, يەرلىك مىللەت ۋە ئاپتونومىيە هوقۇقى يۈرگۈزگۈچى مىللەت. ئۇيغۇرلار پارچە هالەتتە، جۇڭگونىڭ بىر قاتار چوڭ شەهەرلىرىدە خىزمەت ۋە تىجارەت قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار جۇڭگودىن باشقا, قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان (ئاساسلىقى بايرام ئەلى رايونى)، پاكىستان، ئەرەبىستان، تۈركىيە، ئاۋىستىرالىيە، گېرمانىيە، روسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە كۆرۈنەرلىك نوپۇستا، مۇئەييەن جامائەت تۈركۈمى شەكلىدە ياشايدۇ.ئۇيغۇرلار هازىر دېهقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، هۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق، مەدەنىيەت ـ مائارىپ قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . ئۇلار هازىر بازار ئىگىلىكىنى مەركەز ۋە تەڭشىگۈچ قىلغان هازىرقى زامان ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا بارغانسېرى ئۆزلەشمەكتە. ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى قاتلىمىنى هاسىل قىلماقتا .ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيا تېپىدىكى قەدىمكى قەبىلە ۋە خەلقلەردىن تەشكىل تاپقان . جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت مەنبەسى توغرىسىدا كۆپ ئىزدەندى. ئۇلار مىلادىيەدىن 3000 ـ 2000 يىل ئىلگىرى شىمالىي ئالتاي دالىسىدىكى ئاندرونوۋ ـ مىنوسىنىڭ رايونلىرىدا ياشىغان ئارى (ئارىيان) قەبىلىلىرى، سكىتاي ـ ساك خەلقلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئاسىياچە ئاق جىنسلىق (ئاق تەنلىك) ئەجدادلىرى دەپ قاراشماقتا . قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ باش سۆڭەك ئانالىزى، قان تىپى، قەدىمكى ئارىيان ـ سكىتاي ـ ساك ئەپسانە فولكلورى، كىيىنىش ۋە مۇزىكا، ئۇسسۇل، بايرام، سەيلە ـ مەرىكىلىرى بۇ مۇهاكىمىگە كۈچلۈك ئىسپات هازىرلاپ بەردى . ئەينى زاماندىكى> ئات مەدەنىيىتى <بۇ كەڭ ماكاندا جۇڭگونىڭ رەسمىي يىلنامىلىرىدا > ئۇلۇغخور < دەپ ئاتالغان ئارىيان ـ سكىتاي ـ ساك خەلقلىرىنىڭ زور يۈغۈرۈلۈشىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئارىيان ـ سكىتاي ـ ساك قەبىلىلىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ـ 2000يىللاردىن تاكى 6 ، 5 ئەسىرلەرگىچە غەرب ، جەنۇب ۋە شەرققە يۆتكىلىپ، ئىران ئېگىزلىكى ، هىندىستان زېمىنى ۋە چىلەن تاغلىرى ئەتراپىغا كېڭەيدى ۋە ئىرانى خەلقلەر، هىندىستان ئارىيان ـ ساكلىرى، تارىم ساكلىرى ۋە توخار قەبىلىلىرىنىڭ مىللەت تەركىپىگە سالماقلىق تەسىر كۆرسەتتى. مىلادىيەدىن ئىلگىرلا ساكلارنىڭ ئاسنا قەبىلىلىرى بىلەن موڭغۇللۇئىد (موڭغۇل ئىرقى) تىپىدىكى ئاشىد قەبىلىلىرى ئاسنا ئۇرۇقىنى ئاساس قىلىپ قوشۇلدى. نەتىجىدە مەركىزىي ئاسىيا ئۇلۇغخورلىرىنىڭ 2 ـ تۈركۈمى_ تۈرۈكلەر مەيدانغا چىقتى. ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ ئارىيان ـ سكىتاي ـ ساك خەلقىنىڭ يىراق ئەۋلادى ,تۈركىي تۈركۈمىنىڭ يېقىن ئەۋلادى هېساپلىنىدۇ .

جۇڭگو يىلنامىلىرىدە غەربىي جۇ سۇلالىسى زامانىدىكى هازىرقى گەنسۇ (كەڭ ساي) ۋە ئوردۇس ئوتلىقى ئەتراپىدا ياشىغان گۇيفاڭ ، دى ـ زەي قەبىلىلىرىنى كېيىنچە بايقال كۆلى ئەتراپىدا ياشىغان دىڭلىك) دەنلەن) خەلقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە مەنبەلىرىدىن بىرى دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار . ئۇلار دىڭلىڭلارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي دىڭلىڭلارغا ئايرىپ، بايقالدىن يېنسەيگىچە ، يېنسەيدىن يەتتە سۇ ۋە سىر دەرياسى ساهىللىرىغىچە ياشىغان دەپ قارايدۇ . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دىڭلىڭلاردىن باشقا

، قەدىمكى تۇرپان، كروران ئاھالىلىرى بولغان ئۇجيې، ئۇخۇ ۋە قوش قاڭقىل قەبىلىلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت مەنبەسى دېگەن قاراشلارمۇ مەيدانغا چىقتى.

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەت، ئارىيان ـ سكتاي ـ ساك ـ تۈركىي خەلقلەر تۈركۈمىدىكى مەدەنىيەتلىك خەلق. ئۇلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيىتى ۋە قان ئالاھىدىلىكى، تىل ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئېتنوگرافىك تۇرمۇش ئادىتى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى يىراق تارىخىي قاتلاملىرىنى، تارقىلىش ماسشتابىنى، مىللەت مەنبەسى ۋە ھەرخىل تەركىبلەرنى، ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى، ئەجدادلىرىنىڭ بارلىق مۇنەۋۋەر فولكلورى ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىش سالاھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئوتلاق مەدەنىيتى، ئاتلىق كۆچۈش قىسمەتلىرى، بوستان مەدەنىيتى، يىپەك يولى ئالاقىلىرى، كۆپ خىل دىنىي مەدەنىيەت باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈردى.

ئورخۇن ۋادىسىدىن تارىم ۋادىسىغىچە كۆچكەن ۋە بۇ يەردىكى ساك، توخار ، سوغدىلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ مەيدانغا كەلگەن دېگەندە، يەنىلا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى ساك، ئورخۇن سوغدىلارنىڭ قايسى تارىخىي قاتلامدا قانداق تىلدا سۆزلەشكەنلىكىدىن قەتئىنەزەر، ئورتاق ھالدا مەركىزىي ئاسىيا ئۇلۇغ خورلىرى بولغان ئارىيان تۈركىمى ۋە تۈركىي تۈركۈمگە بولغان تېرەن يىلتىزداشلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك. بۇ خەلقلەر كۆچمە چارۋىچىلىق ۋە > ئات مەدەنىيتى < تۆپەيلىدىن مەركىزىي ئاسىيا رايونىغا ـ مۇھىمى تارىم ۋە سىر دەريالىرى ۋادىلىرىغا ، بايقال ۋە موڭغۇل ئوتلاقلىرىغا كەڭ تارقىلىپ ياشىدى. ئۇلار جۇڭگو ۋە ئىران (ئاخمانى ( ئىمپېرىيىلىرىگە يېقىن جايلاردا ھاكىمىيەت مەركەزلىرىنى بەرپا قىلغان ھون ۋە ساك ئەنئەنىلىرىگە دېيەرلىك ۋارىسلىق قىلدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرلىپ، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ خان ئۇرۇقى بولغان ياغلاقارلار گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغاندىن باشقا ، ئادىزلار باشچىلىقىدىكى باشقا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قوچۇ، كۇسەن، قەشقەر،سۇياب ـ سىر دەرياسى ۋادىسىغا يۆتكىلىپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار ھاكىمىيەتلىرىنى بەرپا قىلدى. خوتەن ياغلاقار قالقالۇخانى داۋاملىق گەنجۇ ياغلاقار ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلىدى. بۇ، ئورخۇن ۋە گەنجۇ، خوتەن ياغلاقارلىرىنىڭ قەبىلىۋى يېقىنلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ خۇددى ئۇيغۇرلار قەدىمكى سەمەرقەند ھاكىمى ئاپراسىياپنى ئۆزىنىڭ قەھرىمان پادىشاھى دەپ ئىزچىل ھۆرمەتلەپ كەلگىنىگە ئوخشاش ئەھۋال.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنونىمى (مىللەت نامى) قاچان كېلىپ چىققانلىقى نامەلۇم. بىرىنچىدىن، بۇ ئېتنونىمنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى ئېتنىك تۈركۈمنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى قىلىپ بېكىتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان قەبىلە دەسلەپ ياغلاقار باشچىلىغىدىكى ئۇيغۇر ئىتتىپاقىغا قاتناشقان بىر قەبىلىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ خاسىيەتلىك نام پۈتۈن ئۇيغۇر ئىتتىپاقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئورتاق نامى قىلىپ قوبۇل قىلىنغان، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرلگەندىن كېيىنمۇ گەنجۇ، ئىدىقۇت، كۇسەن خانلىقلىرى ئۆز سەلتەنەت ناملىرىغا ئۇيغۇر ناملىرىنى قوشۇپ ئىشلەتكەن. ھازىرقى يۇگۇ ـ سېرىق ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز نامىنى ياغلاقار ياكى باشقا قەبىلە نامىدا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر نامىدا ئىشلەتتى.

<ئۇيغۇر> ئىبارىسى ئومۇمى مەنىدە <ئۇيۇشۇش، ئۇيۇشماق> مەنىدە ئىزاھلانماقتا . ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر نامىنى قوللىنىشى ۋە سىياسى ھاكىمىيەت ئورنىتىشىدىن خېلى بۇرۇنلا تەدرىجىي شەكىللەندى ۋە ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي قاتلاملىرىدا داۋاملىق راۋاجلىنىپ، تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئىزچىللىقى بىلەن تارىخىي قاتلاملىقى زەنجىر ھالقىسىنى ھاسىل قىلدى. بىز ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە نەزەر سالساق، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇكەممەل ئېتنولوگىيىلىك تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە ئىگە ئېتنىك مىللەت ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرىمىز.

ئۇيغۇر تارىخىدا جەڭگىۋار ئاياللار، ھاكىمىيەتكە قاتناشقان تۆركەن خاتۇندەك ئايالللار، شائىرە ۋە مائارىپچىلار خېلى كۆپ بولغان . تۇغۇت مۇناسىۋىتى بىلەن ئانا ـ باللار مەبۇدىسى ئوماي ئانىغا (ئىسلامىيەتتىن كېيىن بۇۋى پاتىمىگە) سېغىنىش، بالىنىڭ قىرىق سۈيى، ئات قويۇش مۇراسىمى، بۆشۈك تويى، ئوغۇل بالا يەتتە ياشقا توشقاندا خەتنە قىلدۇرۇپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈش، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە ياكى ھۈنەرگە بېرىش ئادەتلىرى ئىزچىل ساقلىنىپ كەلدى.

ئۇيغۇرلاردا نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن چاي ئىچكۈزۈش ، توي ئالدىدىكى مەسلىھەت چايلىرى ، نىكاھ ئوقۇپ قىز ـ يىگىتنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش، توي مۇراسىمى، يىگىت ـ قىزلار ئولتۇرۇشى، قۇدىلار چىللاقلىرى ئىزچىل ساقلىنىپ كەلدى. ئۇيغۇرلاردا دەپنە مۇراسىمى ھەرقايسى دىنىي مەدەنىيەتلەر تەسىرىدە ھەرخىل بولسىمۇ ، ئەمما مېيىتنى پاكىزە يۇيۇپ كېپەنلەش ، ھازىدارلار ئاق رومال سېلىپ، ئاق بەلۋاغ باغلاپ يىغا ـ زارە قىلىش، مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش، جىنازىنى ئالمىشىپ تالىشىپ كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىش، لەھەتتە مېيىتنىڭ يۈزىنى قىبلە (غەرب) تەرەپكە قىلىپ ياتقۇزۇش، ئىچ گورنىڭ ئاغزىنى كېسەك بىلەن ئېتىپ ، تاش گورنى تۇپا بىلەن كۆمۈش، قەبرە بېشىدا مېيىتنىڭ ئىجابىي تەرىپىگە گۇۋاھلىق بېرىش، قەبرە تېشى ـ گۈمبەز ئورنىتىش، مېيىتنىڭ يەتتە، قىرىق، يىل نەزىرلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى بىردەك ئىزچىل بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى مېيت سۆڭكىنى كاھىش (ساپال) ساندۇققا سېلىپ يەرلىككە قويۇش، مېيىتنى تاش گۆرگە كۆمۈش، مېيىتنى ئاستىغا ياغاچ شادا قويۇلغان گۆرگە ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە قىزىل تۇپراق ۋە قۇم تۆكۈپ كۆمۈش، شام گۆرگە قويۇش قاتارلىق دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرىنىمۇ قوللاندى.

ئۇيغۇرلاردا ھېيت ـ ئايەملەر قەدىمكى تەقۋىم (كالېندار (قائىدىلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلۈپ كەلدى . <نەۋرۇز) > نورۇز) بايرىمى < كۆك مەشرىپى > ، < سۇ مۇلەك > ئايەملىرى باھار ـ نورۇز بايرىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ بايرام يىراق قەدىمكى زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭغا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلار يەنە < قىزىل كۆل سەيلىسى >، < قوغۇن سەيلىسى > قاتارلىق يازلىق ـ كۈزلۈك بايراملارنى ئۆتكۈزىدۇ . بۇددىزىم مەزگىلىدە بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان < بۇرھان (بۇت) يۆتكەش > مۇراسىملىرى بولغان ئىدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، قۇربان ھېيت، روزا ھېيت ئايەملىرى نورۇز بايرىمى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق بايراملىرى بولۇپ قالدى .

ئۇيغۇرلاردا يېقىنقى يىللارغىچە (يېزىلاردا ھېلىمۇ بار) قورۇ ئىگىلىكى ھەر بىر چوڭ ئائىلىنىڭ تۇرمۇش

ھۆجەيرىسى بولۇپ كەلدى. چۆللۈكلەر بىلەن قورشالغان ھەرقايسى بوستانلىقلار قويۇق دەرەخلەر، ئېقىن سۇلار، ئۆم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر بىلەن قاپلىنىپ قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى قورۇلارمۇ مېۋىلىك باغ، ئۈزۈم باراڭلىرى بىلەن قاپلىنىدۇ، ئۇيغۇر قورۇلىرى نەقىشلىك دەرۋازا، پېشايۋان، ئايۋان ـ ساراي، ئوغۇل ـ قىزلار ئۆيلىرى، قازناقلار بىلەن بىر يۈرۈش قىلىنىدۇ. بەزى قورۇلار بالخانا ئۆيلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆپۈنچە ئۆيلەر گەجلەنگەن ۋاسا بىلەن جۇپ قىلىپ يېپىلىدۇ. ھەرخىل نەقەشلىك مېھراب (مەرەپ) ، تەكچە ۋە مورىلار بىلەن بېزىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىغا ئەزەلدىن ھېرىسمەن مىللەت، ئۇلار قەدىمكى مۇراسىملار، مىلىس ـ مەشرەپلەر ئاساسىدا يەرلىك خەلق مۇقام ـ مەشرەپ ـ سەنەملەرنى شەكىللەندۈردى. مىلىس ـ مەشرەپلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتنوگرافىيە مەكتىپى، ئەخلاق ـ ئەقىل مەكتىپى، ناخشا ـ ئۇسسۇل مەكتىپى بولۇپ كەلدى. شۇ ئاساستا ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى > ئون ئىككى مۇقام < شەكىللەندى.

ئۇيغۇرلار خەلق فولكلورى ـ ئېغىز ئەدەبىياتىغا باي خەلق. ئەڭ يىراق شامانىزم ئەپسانىلىرىدىن بۇددىزم دەۋرى ھېكايەتلىرىگىچە، قەدىمكى قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرى، ئەجداد سېغىنىش رىۋايەتلىرى بولغان > ,بۆرە ھېكايىسى < ، > ئوغۇز نامە < ، > ئاپراسىياپ رىۋايىتى < ، >چىستانى ئىلىك بەگ رىۋايىتى < ، > دەدە قورقۇت <، > تۇمارىس <، > غېرىب ـ سەنەم <قاتارلىقلار بىلەن مىڭلىغان تارىخىي قوشاقلار، لەتىپە ۋە ئەقلىيە سۆزلەر ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلىنى سالدى .ئۇيغۇرلار خەلق ئەدەبىياتى ئاساسىدا يازما ئەدەبىيات ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات دۇردانىلىرىنى ياراتتى. ئۇنىڭ ئەڭ بۈيۈك سەمەرىسى > قۇتادغۇ بىلىك < تىن ئىبارەت. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇرلاردىكى پەلسەپىۋى، دىنىي ، ئەخلاقىي، تارىخىي ، ھوقۇقىي كۆز قاراشلارنى شېئىرىي تۇستە ئىپادىلەپ، ئۇيغۇر روھىيەت تارىخى ۋە تەپەككۇر تارىخىنىڭ باي، رەڭدار خەزىنىسىنى ھاسىل قىلدى.

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمقى زامانلاردىن باشلاپ تەسۋىرىي سەنئەت ھېرىسمەنلىرى ئىدى. ئۇلار قىيالارغا تۇرمۇش ئوبرازلىرىنى چىكىپ، بالباللار ۋە تاش پۈتۈك (ئابىدە) لەرنى ئورنىتىپ، ئالتۇن، مىس ـ كۈمۈشلەردىن زىبۇ ـ زىننەتلەرنى ياساپ، كاھىش، قاش (قاشتېشى) دىن گۈزەل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ، تاشكېمىر سەنئىتى، بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، تام رەسساملىقى، ياغاچ ئويما، تاختا سىزما، مىتال ۋە توقۇلمىلارغا رەسىم ئىشلەشتە ئالدىنقى سەۋىيەگە يەتتى . شىنجاڭدىن تېپىلغان زورو ئاستېر (ئاتەشپەرەستلىك)، بۇددا ۋە مانى دىنىغا ئائىت تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ھېلىمۇ جاھان تەتقىقاتچىلىرىنى مەپتۇن قىلماقتا.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ تاماق مەدەنىيىتىدە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا ئالدىنقى شۆھرەتكە ئىگە. تاماق مەدەنىيىتى بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ يىراق تارىخىي قاتلاملىرى بىلەن ئۇنىڭ ئېرىشكەن كامالەت دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ . قايسى بىر تەتقىقاتچى: ئۈزۈپ تاشلاپ ياكى پىچاقتا كېسىپ ئېتىلىدىغان سۇيۇقئاش بىلەن ئىنچىكە سوزۇلغان ئەشمە (لەغمەن) ئارىسىدا بىر مىڭ يىللىق مۇسۇپە ياتىدۇ، دەپ توغرا ئېيتقان ئىدى. تونۇردا ھازىرلىنىدىغان ھەرخىل تائاملار، ئۆپكە ـ ھېسىپ، پېتىر مانتا قاتارلىق ئۇيغۇر تائاملىرىغا ئاپىرىن ئېيتمايدىغان كىشى بولمىسا

كېرەك . قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئىشلەپ چىقارغان ھەرخىل مەيزاب ۋە هاراقلار ھەتتا تاڭ تەيزۇڭنىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى. ئۇيغۇر تائاملىرى يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغىغا جايلاشقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پىداكارانە مېھماندوستلۇق ئەنئەنىسىگە ھەسسە قوشتى .ئۇيغۇر تائاملىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئوزۇقلۇق ۋە تېبابەت قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇش بىلەن يەنە شەرق ـ غەرب خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئىشتىها تەلىپىگە ئۇيغۇن بولدى.ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنىش مەدەنىيتى يىراق تارىخىي ئىزچىللىقتا ئىگە بولۇپ كەلدى. بىز بازىرىق، قاراسۇق، ئەسكى قەلئە، كونا كروران، قەدىمقى قومۇل قارا دۆۋە قاتارلىق قەبرىستانلىقلار بىلەن سىكتاي ـ ساك سىزما يادىكارلىقلىرى، بۇددا تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەل ئېتنوگرافلىرى سۈرەتكە ئالغان ئۇيغۇر كىشلىرىنىڭ كىيىنىشلىرىدىن ئۇيغۇر كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ تۇرمۇش، ئاتلىق يۈرۈش، جەڭ ئېھتىياجىغا لايىق بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە غايەت زور ئېستېتىك ئالامەتلىرىگە، ھەتتا مانىنىرىزملىق (زىنىنەت ۋازلىق) ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ هال مىلادىدىن ئىلگىرىكى جاۋلىن ۋاڭىنىڭ، مىلادىنىڭ بېشىدىكى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ، شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ، ئوتتۇرا تاڭ زامانىنىڭ > خۇركىيمى < قىزىقىش دولقۇنىنى شەكىللەندۇردى . ئۇيغۇرچە كىيىنىش، زىبۇ ـ زىنىنەت، ئاتقا مىنىش ۋە ساز ، ئۇسسۇل ، ھەتتا مەي مەدەنىيتى نۇرغۇن شائىرلارنىڭ شېئىرىي مىسرالىرىغا ئىلهام بەردى.ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيتىدە ئۇيغۇر سودا ـ تىجارىتى كۆرۈنەرلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ . ئۇيغۇرلار ئەڭ يىراق ئەجدادلىرىدىن سىكتايلارنىڭ ئاتلىق ـ تۆگىلىك جاهانكەشتىلىك ئەنئەنىسىنى ئۆزلەشتۈردى . ئۇلار قاشتېشى ۋە ئالتۇن سودىسى، يىپەك يولى سودا تىجارىتىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئىران، ۋىزانتىيە ئارىسىدىكى سودىنى تىزگىنلىدى. مەشهۇر سۇدا ئاهالىسى دەپ ئاتالغان سوغدىلارنى ئۆز مىللىي تەركىبىگە سىڭدۈرۈپ، ئىران سودىگەرلىرىنى سۈندۇردى ۋە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ سودا ۋازارىتىنى بىكار قىلىپ، ئۇيغۇر سودا سارىيى قۇرۇشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېسىم كۆرسەتتى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ياسداق سودا دۇكانلىرى، مەيخانا ئېچىپ، ئۆز زېمىنىدا مال سېتىش ۋە يەرمەنكە بىلەن شۇغۇللانغۇچى > ھەتتار < لاردىن پەرقلىق هالدا، دۆلەت، رايون هالقىپ يېنىك ۋە قىممەت باهالىق بويۇملارنى ئېلىپ يۈرۈيدىغان خەلقئارالىق سودا كارۋانلىرى تۈزدى ۋە دۆلەت ـ رايونلار ئېتىراپ قىلىدىغان ئالتۇن ئاقچا بىرلىكىنى ياراتتى.

ئۇيغۇر تۇرمۇش مەدەنىيىتىدە تەنتەربىيە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . ئوقيانى ئات ئۈستىدە ئارقىغا ئېتىپ نىشانغا تەككۈزۈش، چېلىشىش، ئات ئويۇنى، ئات توپ (چەۋگەن توپ)، ئوغلاق تارتىشىش، ساغاردى ئويناش، دارۋازلىق، سېھىرگەرلىك، موللاقچىلىق، ساقا ئويناش، شاهماتۋازلىق، گاگا توقماق، لەگلەك ئۇچۇرۇش ۋە نۇرغۇنلىغان بالىلار ئويۇنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرادە چېنىقتۇرۇش، ماهارەت يېتىلدۈرۈش تىپىدىكى تەنتەربىيە مەدەنىيتى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن ھەممە شەرتلىرى مۇكەممەل ئېتنولوگىيىلىك مىللەت ئىكەنلىكى شۈبهىسىزدۇر . ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ۋە تۇرمۇش مەدەنىيتى بۇ ھۆكۈمنى ھەر تەرەپلىمە ئىسپاتلايدۇ . ئۇيغۇرلار تېخى ئىجتىمائىي مىللەت ۋە سىياسىي مىللەت كاتېگورىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئەمەس.

ئۇيغۇر مەدىنىيەت ئەنئەنىسىدىكى بىلىم

بوستانغا يوللىغۇچى:

كومراجىۋا ـ <344 ـ 413 > ئۇيغۇر بۇددىزىم دەۋرىدىكى پېداگوك ، مۇتەپەككۇر ۋە تەرجىمشۇناس . ئىنچىكىلەپ كىرگەندە ، كومراجىۋا دەۋىدىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئەندىزىسى ۋە مەزمۇنىغا دائىر بىلىشلەرگە ،نوم تەرجىمچىلىكىدىكى ئۇسلۇپ ھەمدە ئۇيغۇر تەرجىمچىلىكى نەزەرىيىسىنىڭ ئەينى دەۋرگە خاس يۆنىلىشگە دائىر بىلىشلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ . لېكىن بىزدە بۇنداق ئىنچىكە، سىستېمىلىق تەتقىقات يوق .

سۇجۇپ ـ مىلادى 6 ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئۇيغۇر مۇزىكشۇناس. ئۇ13> تېمپىلىق كۇي قانۇنى < نىڭ نەزەرىيە ئاساسىنى يارىتىپ ، ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ كېيىنكى راۋاجىغا ھەتتا جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. سۇجۇپ ئەنئەنىنىڭ ئورنىغا دەستىشكە ، شۇنداقلا ھازىرقى زامان يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە تېگىشلىك ئەنئەنە.

ئەل ئۇقمىش < ؟ ـ 1314 ـ >ئۇيغۇرلاردىن چىققان دېڭىزچى شۇنداقلا قۇبلەيخان ئوردىسىدا تۇرغان دۆلەت ئەربابى . ئۇ ، قۇبلەيخاننىڭ يارلىقى بىلەن سىرىلانكا، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە دېڭىز سەپىرى قىلىپ، بۇ سەپەرنى 20 يىل داۋاملاشتۇرغان. بۇ جەرياندا ئۆتكۈر سىياسىي پىكىرلىق دېپلوماتىقمۇ ئايلانغان . ئەل ئۇقمىشنىڭ دېڭىز سەپىرى جېڭ خېنىڭ دېڭىز سەپىرىدىن 100 يىل ، ياۋروپالىقلارنىڭ دېڭىز سەپىرىدىن 200 يىل بالدۇر بولغان ، ئەل ئۇقمىش ، بېيجىڭ شەھرىنىڭ خانبالىق لايىھىسىنى تۈزگەن ئەختەرىدىن ، بېيجىڭدا تەتقىقات بىلەن ئۆتكەن ئاسترونۇم جامالىددىن ، دېھقانچىلىق ئالىمى لۇمىڭشەن قاتارلىق ئالىملار، سىياسىيونلار ۋە دۆلەت ئەربابلىرى بىرگە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر پاراسەت قۇۋۋىتىنىڭ يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرگەندى.

لۇمىڭشەن «تۆمۈر تۇۋرۇك» 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يېزا ئىگىلىك ئالىمى . ئۇ «يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن ئاساسلار» دېگەن كىتابىنى يېزىپ ، ئۇيغۇر دىيارى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى دېھقانچىلىق ئەنئەنىسىنى ئۆرنەك قىلىپ ، شۇ دەۋرنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئېھتىياجى ئۈچۈن پايدىلىق نۇرغۇن كۆرسەتمىنى ئوتتۇرىغا قويغان ، كىتابتىكى زىرائەت تۈرلىرى ، مېۋە تۈرلىرى ، ئوتياش تۈرلىرى ، دورا ئۆسۈملۈكلىرى، ھەسەل ھەرىسى بېقىش، ئۆي ھايۋانلىرى بېقىش، پىلىچىلىك ، ھاۋارايى، شۇ ئىنشائاتلىرىغا دائىر تېخنىكىلىق مەسلىھەتلەر ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار ئىدى.

ئەلخارەزمىي «مىلادى 850 ـ 780»: خارەزم ئۇيغۇرلىرىدىن كېلىپ چىققان ئاسترونوم، ماتېماتىك، گېئوگراف. ئۇ ئەرەب، پارس، سانسكرىت، گرېك تىللىرىنى بىلگەچكە گرېك، ھىندى ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن، ئۇ باغدادتا «بەيتۇل ـ ھېكمە» «داناﻻر سارىيى» دە ئىشلەپ نۇرغۇن ئالىمنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇ «مۇتەسەر سىندى ھىند»، «ھىندى رەقەملىرى ھەققىدە قىسقىچە كىتاب»، «ئەلجەبىر ۋە مۇقەبەلە»، «تەڭلىمە ۋە

ئەسلىگە قايتۇرۇش كىتابى - ئالگېبرا» ، «ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل» ، «قۇياش سائىتى ھەققىدە
رىسالە» ، «يەرنىڭ سۈرىتى» ، «يەھۇدىلار تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ بايراملىرىنى بەلگىلەش» قاتارلىق
كۆپ قىرلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان . ئەلخارەزمىي تەڭلىمىلەرنى يېشىش قائىدىلىرى ، مەنپىي
ۋە مۇسبەت سانلار، ھىندى رەقەملىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ، نۆلنىڭ ماتېماتىكىدىكى رولى قاتارلىق بىر
قاتار ئىلىم مەسىلىلىرىنى شەرھىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئالگېبرا ئارىفمېتىكىسى <دېگەن
نامنى دۇنيا ماتېماتىكا تارىخىغا نەقىشلىدى.
ئۇلۇغبېك < 1394 ـ 1499 > پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىننىڭ سۈپەتلىشىچە ، ئۇيغۇر
«كەنجى ئۇيغىنىش دەۋرىنىڭ مۇتەپەككۇرى، ئاسترونوم ۋە سىياسىيون». ئۇ «تۆت ئۇلۇس
تارىخى» ، «زىجى جەددە كۆرە گانى» «يېڭى ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل» قاتارلىق ئىلمىي
كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇلۇغبېك يەنە سەمەرقەندتە ئۆز نامىدە مەدرىسە ۋە رەسەتخانىلارنى
بەرپا قىلغان بولۇپ، ئۇلۇغبېك شۇ چاغدا شەكىللەنگەن ئىشانىزىم گۇماشتىلىرىنىڭ سۇيىقەستى بىلەن
ئۆز ئوغلىنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلدۇ. ئۇ سالدۇرغان رەسەتخانا بولسا، جاھالەت كۈچلىرى تەرىپىدىن
كۆيدۈرۈلدۇ. بۈنى نوبېل فىزىكا مۇكاپاتى ساھىبى، پاكىستانلىق فىزىكا ئالىمى، دوكتور
ئابدۇسسالام ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ بېشىدىكى بەخت ـ سائادەت قۇشىنىڭ ئۇچۇپ
كېتىپ زاۋالەت دەۋرىدىن دېرەك بەرگۈچى پاجىئە، دەپ باھا بەرگەندى.
ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان فارابىي ، مەھمۇد كاشغەرىي، بىرۇنىي، ئىبنى سىنا، يۈسۈپ خاس
ھاجىپ قاتارلىقلارنىڭ ئاۋامغا تونۇش نام ـ شەرىپىنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمىدۇق. ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرى
بىلىمشۇناسلىق ياكى پەن نۇقتىسىدىن باھالانمىسىمۇ، كىشىلەر ئۇلارنى ئىلىم چولپانلىرى سۈپىتىدە
زاتەن ئەمەس، ئاتەن ھالدا تونۇيدۇ.
«بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى» دەپ سۈپەتلىنىۋاتقان ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان بىلىم
مىراسلىرى ۋە بىلىم ئۆگۈتلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى بىز تېخى يېتەرلىك چۈشىنىپ يەتمىدۇق.
«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق، مائارىپشۇناسلىق ،
بىلىمشۇناسلىق، باشقۇرۇش ئىلمى تەرەپلىرىدىكى ئىلغار ھەم يىراقنى كۆرەر دۇردانىلىرىنى قېزىشنىڭ
ئورنىغا دېئال كارنېگ، ناپالېئون خېل قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن كۆزىمىزنى ئالچەكمەن
قىلىپ ، ئەنئەنىمىزدىكى بىباھا ئەقلىي بايلىقلارغا تۈزكورلۇق قىلدۇق . بۇ ، ئۆتمۈشتىكى
نادانلىقنىڭ بۈگۈنكى زامانىۋى ۋارىيانتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەربى تەشكىلى تۈزۈمى

بوستانغا يوللىغۇچى: ياۋۇز

## 1.ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەربىي تەشكىلى تۈزۈمى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئۇيغۇر تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان خانلىق بولۇپ، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار تەدرىجى ھالدا تارقاق ھالدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن، بىرلىككە كېلىپ شەھەرلىشىشكە باشلىغان ھەم >> تېلې قەبىلىلىرىنىڭ بايراقدارى بولۇپ، يايلاق دۇنياسىدىن ئىبارەت بۇ سەھنىدە ئۆزىنىڭ كارامىتىنى نامايەن قىلغان ①<< ئىدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار يالغۇز يايلاق دۇنياسىدا دەۋر سۈرۈپلا قالماي، يەنە يىپەك يولىنىڭ خوجايىنلىق رولىنى ئويناپ، غەرپ ـ شەرق سودىسىنىڭ گۈللىنىشىگە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى .يىپەك يولىنى قوغداش ۋە يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى مۇھىم رول ئوينىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركلەرنى يوقىتىشى ۋە ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنجىتىشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەنلەرمۇ دەل مانا شۇ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئىدى.

ـ 1ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوشۇنىنىڭ قوراللىنىشى

ھەرقانداق قوشۇنىنىڭ جەڭدە غەلبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى، جەڭگىۋارلىقىنىڭ يۇقۇرى ياكى تۆۋەن بولۇشى، شۇ قوشۇنىنىڭ قوراللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئەينى چاغدا خىل قوراللانغان قوشۇن ھېساپلىناتتى. ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ قوراللىرى ئاساسلىقى ئات، ئوقيا، قىلىچ، نەيزە، قالقان، دوبۇلغا، ساۋۇت، سالما قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىق رول ئوينىغىنى ئات بىلەن ئوقيا ئىدى.

ئات ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تۆھپىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار ئاتنىڭ جەڭدە ئوينايدىغان رولىنى تولۇق ھىس قىلغاچقا، ئاتنى دۇنيا بويىچە ھەممىدىن بۇرۇن كۆندۈرگەن ۋە ئات بېقىشقا ئەھمىيەت بەرگەن ۋە جەڭدە ئاساسلىقى ئاتلىق قوشۇن ئىشلەتكەن. ئاتلىق ئەسكەرلەر جەڭگىۋارلىقى ئىنتايىن ئۈستۈن بولغان ئەسكىرىي تۈرگە كىرگەچكە ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئەسەرلىرىدە >> ئات ئەسكەرنىڭ دەسمايىسى، دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى ........ قوشۇن تارتقانلار شۇنىڭغا تايىنىپ غەلبە قىلىدۇ >> . ②<<بىر ئاتلىق ئەسكەر سەككىز ئەسكەرگە تېتىيدۇ ③<< دەپ خاتىرىلىنىپ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ روھىغا يۇكسەك باھا بېرىلگەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئاتنى ناھايىتى كۆپلەپ باققان ۋە ئۇرۇشلاردا كەڭ ـ كۆلەمدە ئىشلەتكەن. چۈنكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئات ناھايىتى كۆپ چىقىم بولاتتى، > كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى< غا ئاساسلانغاندا كۆلتېكىن چاچا سەنگۈن بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۇچ قېتىم ئات ئالماشتۇرغان >>) كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى << شەرقىي يۈزى 33 ـ قۇر). ئۇلار ئۇرۇش مەزگىلىدە >> ھەرقايىسسى بىردىن ئاتقا مىنگەندىن سىرت يەنە بىر ئاتنى يېتىلىۋالاتتى<< ، بەزىدە >> بىر ئەسكەر تۆت ئاتنى يېتىلىۋالاتتى . ④<< بۇلار بۇ ئاتلارنى يالغۇز ئۇرۇشتا يۇقۇرى سۈرئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ئېلىۋالاتتى. چۈنكى ئۇلار >> ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، ئۆزلىرىنىڭ ئېتىدىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ يەپ ئاچلىقىنى باساتتى. ئۇسساپ قالسا بايتىلنى سىغىپ ئۇسسۇزلىقىنى

قاندۇراتتى . ⑤<< شۇڭا ئات ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ھە قىتىملىق جەڭلەردە غەلىبە غازىنىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل ئىدى.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى جەڭچىلەرنىڭ باشقا قوراللىرى ۋە قوراللىنىشى ھەققىدە تارىخىي مەنبەلەردە بىۋاستە خاتىرە بولمىسىمۇ، ئەمما بىز بەزى ۋاستىلىك خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىن مەلۇم ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز ۋە بۇ ماتىرىياللار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوراللىنىش ئەھۋالىنى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرەلەيمىز. قەدىمكى چارۋىچى مىللەتلەر ئۇرۇشقا ئاساسەن ئوقيا، قىلىچ، نەيزە، قالقان قاتارلىق قوراللارنى ئىلىپ چىقاتتى. مەسىلەن >> ئوغۇزنامە << دە >> :كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئوۋغا چىقتى، نەيزە ئىلىپ، ئوقيا ئىلىپ، يەنە قىلىچ ئىلىپ، قالقان ئىلىپ ئاتلاندى ⑥<<دىگەن خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگە تولۇق قوراللىنىپ چىقىپ باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تارىخى ماتىرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئوقيا ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق قورالى ئىدى. قەدىمقى دەۋرلەردە جەڭدە چوڭ قوشۇنلار ئۇچراشقاندا ئالدى بىلەن يىراقتىن بىر ـ بىرىگە ئوقيا ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىپ، توسۇپ قوچاقلاشما جەڭ قىلغاندا ئاندىن نەيزە ۋە قىلىچ ئىشلىتەتتى. ئۇيغۇرلار ئوقيانى ئادەتتە جەڭدەئ ىشلىتىپلا قالماي، بەلكى ئوۋچىلىقتىمۇ ئىشلىتەتتى. ئوۋچىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولغاچقا، ئۇلار وقيا ئېتىشقا كىچىكىدىنلا پىشىپ كېتەتتى .شۇڭا ئۇلار ئادەتتە >> ئوقيا بىلەن بىر ئادەمنى نىشانلاپ ئوق ئۈزگەندە، ئوق قاتار تۇرغان ئىككى ئادەمنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتەتتى . ⑦<<ئوقيا پوروقلۇق مىلتىق زەمبىرەك كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى، كۈچلۈك زەربە بېرىش قورالى ۋە قىرغۇچى قورال بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئوقياغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، خىلمۇ ـ خىل ئوق ۋە يالارنى ياسىغان ئىدى. يا چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە نىشان ئارىلىقىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىغا قاراپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. ئوقمۇ ئاۋازلىق ئوق، يەڭگىل ئوق ۋە مەشق ئوقى دەپ بىرقانچىگە ئايرىلاتتى.

ئاۋازلىق ئوق ـــــ دەستىسىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىن كاۋاك، ئۈچ تەرىپىدىن تۆشۈك ئېچىش ئارقىلىق ياسىلاتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا باشاق ئورۇنلاشتۇرىلاتتى .شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوق ماڭغاندا ۋىڭىلداپ ئاۋاز چىقىراتتى. بۇ ئوق ئەڭ دەسلەپتە ھۇنلار دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، >> تارىخنامە <<دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا باتۇر تەڭرىقۇت تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان ئىدى.

يەڭگىل ئوق ـــــ ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ كەڭ ئىشلىتىلىدىغان ئوق بولۇپ، ھەربىي ئىشلار ۋە ئوۋ ئوۋلاش ئىشلىرىدا كەڭ ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل ئوقنىڭ باشقى مىس ياكى تۆمۈردىن ياسىلىدىغان بولۇپ، نىشان ئارىلىقى بىرقەدەر يىراق ئىدى. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا >> كاماندازلار 50 60 ـ مېتىر دائىرە ئىچىدىكى نىشانغا توغرا تەككۈزەلەيدىغان، ئۇنۇملۇك ئېتىش مۇساپىسى 175 ـ 160 مېترغىچە بولغان ⑧<< ئوق مۇشۇ خىلدىكى ئوق بولۇشى مۇمكىن .

مەشق ئوقى تۆمۈر باشاقنىڭ ئورنىغا يۇملاق ياغاچ باشاق بېكىتىلىپ ياسىلاتتى⑨ . بۇ ئاساسلىقى باللار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقيا ئېتىشنى مەشق قىلىشىدا ئىشلىتىلەتتى.

قىلىچ بىلەن نەيزىمۇ قەدىمكى زامانلاردا دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىش ۋە قىرىشتىكى ئاساسلىق قورال بولۇش سۈپىتى بىلەن كەڭ تۈردە ئىشلىتىلگەن. چۈنكى نەيزە بىلەن قىلىچنىڭ يېقىن ئارىلىقتىكى

قۇچاقلاشما جەڭلەردە دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىشتىكى رولى ئوقيادىن كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا >> هۇنلار يىراقتا ئوقيا، يېقىندا قىلىچ ـ نەيزە ⑩<< ئىشلەتكەنگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارمۇ يىراقتا ئوقيا، يېقىندا قىلىچ ـ نەيزە ئىشلەتتەتتى. بۇنى كۆلتېكىننىڭ >> بىر ئەرنى ئوق بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكى، ئىككى ئەرگە نەيزە سانچىغانلىقى<< ، >> ئالتە ئەرگە نەيزە سانچىغانلىقى ۋە قوشۇن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا يەتتىنچى ئەرنى قىلىچلىغانلىقى << تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

سالما ____ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا چارۋىچىلارنىڭ پىتراپ كەتكەن ئات، قوي، كالىلارنى تۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان چارۋىچىلىق قورالى بولۇپلا قالماي، چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ جەڭلەردە ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق قوراللىرىنىڭ بىرسى ئىدى. تارىخى ماتىرىياللاردا چارۋىچىلار مىللەتلەر ئىچىدە تۇڭگى بولۇپ ئىكز دۆلىتىنى قۇرغان هۇنلار ۋە كۇچانىڭ غەربىگە جايلاشقان شىمالىي هۇنلارنىڭ ئەۋلادى بولغان كۇەيخۇلارنىڭ ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئادەمگە سالما تاشلايدىغانلىقى ۋە كۆپىنچە هاللاردا دەل چۈشۈرىدىغانلىقى(11) قەيت قىلىنغان. شۇنداق قىياس قىلالايمىزكى، هۇنلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ۋارىسى، يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن چارۋىچىلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ سالمىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە هەربىي ئىشلاردا ئىشلەتكەنلىكى ئېنىق. ئۇلار سالمىنى جەڭلەردە قورالسىزلىنىپ قالغاندا دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ياكى دۈشمەننى تىرىك تۇتۇپ دۈشمەن ئەهۋالىنى ئىگەللەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن. يەنە كېلىپ سالما پاختا يىپ، يۇڭ يىپ ۋە تېرە تاسمىلاردىن ياسىۋېلىشقا بولىدىغان ناهايىتى ئاددى قورال ئىدى.

>>ئۇنىڭ ساۋۇت يەلمەسگە يۈزدىن ئارتۇق ئوق تەگدى (12)<< ، >> مېنىڭ ...... ساۋۇت دوبۇلغا كىيگەن 500 دىن ئارتۇق قوراللىق ئاتلىق قوشۇنۇم ۋە پىيادە ئەسكەرلىرىم (13)<< دىگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار جەڭلەردە ئوقيا، قىلىچ، نەيزە قاتارلىق هۇجۇم قىلغۇچى قوراللار بىلەنلا قوراللىنىپلا قالماستىن، يەنە دوبۇلغا ساۋۇت قاتارلىق قوراللار بىلەنمۇ ئۆزىنى قوغداشنى بىلگەن.

ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى جەڭگە چۈشكەندە تۇغ ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇغلىرى ئاق رەڭلىك ئىدى. ئۇلار يەنە بۇرغا، سۇناي ۋە جەڭ دۇمبىقى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇراتتى(14) . بۇنىڭدىن سىرت، يەنە سال ۋە تۇلۇملاردىن پايدىلىنىپ دەريادىن ئۆتۈشنى بىلگەن بولۇپ، بۇنى بايانچۇر خاقاننىڭ >> ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئارقا باشى (دىگەن يېرى)نى مۇز قاپلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئارقا باشىنىڭ تۆۋەن يېنىدىن سال سېلىپ ئۆتتۈم (15)<<دىگەن سۆزلىرى ئىسپاتلايدۇ .يۇقۇرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ناهايىتى خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان.

ئۇيغۇرلار دا هەربىي مەشق

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر >> ئوقيادىن پايدىلىنىش ۋە ئات ئۈستىدىن ساداق ئۈزۈشتىن گەپ ئاچقاندا، چوقۇم ئۇيغۇرلارنى ئۇستاز تۇتۇش كېرەك ①<< دەپ ناهايىتى توغرا باها بەرگەن. كېيىسپ ئېيتىش كېرەككى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقيادىن پايدىلىنىشى ۋە ئات ئۈستىدە ساداق ئېتىشتا ئۇستاز بولالىشى، ئۇلارنىڭمۇ هۇن ۋە باشقا چارۋىچى مىللەتلەرگە ئوخشاش كىچىكىدىن تارتىپ ئات

مىنىشنى، ئوقيا ئېتىشنى مەشق قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.
<<تارىخى خاتىرىلەر . ھۇنلار ھەققىدە قىسسە << دىكى >> ھۇنلارنىڭ ئۆسمۈرلىرى سەركە مىنىپ ئوقيا بىلەن قۇش ۋە چاشقان ئاتالايدۇ. سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن، تۈلكە، توشقان ئېتىپ ئۇنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. قورامىغا يەتكەندە ھەممىسى قوللىرىغا كامان ئېلىپ، ساۋۇتلۇق چەۋەنداز بولىدۇ<<، >> كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى << دىكى >> كۆلتېكىن 10 يېشىدىن باشلاپلا چوڭ ئادەمدەك تەربىيلەندى. 16 ياشقا كىرگەندە چوڭ قوشۇننى باشلاپ جەڭگە ئاتلاندى<< ، >> قارا تاتارلار خاتىرىسى << دىكى >> موڭغۇللار بوۋاق باللىنى تاختايغا تېڭىپ، ئاندىن تاختاي بىلەن ئاتنىڭ دۈمبىسىگە باغلاپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن بوۋاقلار ئانىسىدىن ئايرىلماي يۈرەتتى. ئۈچ ياشقا كىرگەندە بالا ئانا بىلەن بىللە ئىگەرگە باغلاپ قويۇلاتتى. قول بىلەن ئىگەرنى تۇتۇپ ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ئات چاپتۇرۇپ يۈرەلەيتتى. 4 ـ 5 ياشقا كىرگەندە قولتۇقىغا كىچىك يا بىلەن قىسقا ئوقنى قىستۇرۇپ يۈرەتتى، چوڭ بولغاندا يىل بويى ئوۋ ئوۋلاش بىلەن مەشغۇل بولاتتى . ②<< دىگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، چارۋىچى مىللەتلەر كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا باللارغا ئوقيا ئېتىشنى مەشق قىلدۇرۇش ئەنئەنىسىنى ئىزچىل ھالدا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ھۇن تۈركلەر بىلەن موڭغۇللارنىڭ ئارىسىدىكى دەۋردە ياشىغان ۋە، ئەتراپتىكى مىللەت ۋە رايونلارغا زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، ئورخۇن ۋادىسىدا بىر مەھەل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئۇلار بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلمىغان بولسا، ئوقيا ئېتىش ۋە ئات مىنىشنىڭ ئۇستازى بولالمىغان ھەم ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ ئالدىدا ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا كەينىگىمۇ شۇنداق ئېتىپ ئۇيغۇر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولغان ئىنان خۇزخۇرەند (ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يىگۈچىلەر) دىگەن نامغا ئىگە بولالمىغان بولاتتى.
ئوۋچىلىقمۇ ھۇن، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ۋە دۆلەت ئىقتىسادىدا مۇئەييەن نىسبەتنى ئىگەللىگەن. ئوۋچىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جەڭچى بولىدىغانلارنى تەربىيلەش، ئۇرۇشتا سەپ تۈزۈش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايتتى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى پۇسادمۇ >> ئوۋخۇمار ....... دائىم دىگۈدەك سەپ تۈزۈپ ئوۋ ئوۋلاشقا ئامراق ئادەم ئىدى . ③<< سەپ تۈزۈپ ئوۋ قىلغاندا بارلىق قەۋملەر ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىقىپ قۇش ۋە ھايۋانلار كۆپ بولغان رايونلاردا ئوۋ ئوۋلايتتى .بۇنداق كەڭ كۆلەمدىكى ئوۋ ئوۋلاشقا مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئاتلىق ئوۋچىلار قاتنىشىپ، ئۇلار بىر تۇتاش قوماندانلىق ئاستىدا بىردەك ھەرىكەت قىلاتتى. تارىخى ماتىرىياللاردا ئۇيغۇلارنىڭ سەپ تۈزۈپ ئوۋ قىلىشى توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇماتلار بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارغا قېرىنداش بولغان ھۇنلار ۋە ئىجتىمائىي فورماتسىيىسى ئوخشاش بولغان موڭغۇل، مانجۇلارنىڭ قورشاۋ ئوۋىغا چىقىشى ھەققىدىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىزنى بۇ ھەقتىكى ۋاستىلىك ماتىرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.
<<رىم ئېمپىرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇش تارىخى<< دا، ھۇنلارنىڭ كوللېكتىپ ئوۋ قىلىشى ھەققىدە :
<<ئوۋ ئوۋلاش ھۇن جەڭچىلىرىنىڭ قەيسەرلىك روھىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە ئەڭ ياخشى

مەيدان ھازىرلاپ بېرەتتى ..... چەۋەندازلار كەڭ دائىرىدىكى ياۋايى ھايۋانلارنى قورشاپ، بىرقانچە ئېنگىلىز ملى كېلىدىغان چوڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكى ھاسىل قىلاتتى. ئاندىن بۇ چەمبىرەكنىڭ مەركىزىگە قاراپ تەرتىپ بىلەن ئىلگىرىلەيتتى ....... بۇنداق چاغلاردا چەۋەندازلارنىڭ يۈرۈشى دائىم بىرقانچە كۈن داۋاملىشاتتى. ئۇلار تاغ داۋانلاردىن ئېشىپ، ئېقىن ـ دەريا، ساي ـ جىلغىلاردىن ئۆتەتتى. بەلگىلەنگەن نىشانغا تەدرىجى ئىلگىرىلەشنى توختىتىپ قويمايتتى. ئۇلار مەركىزى نىشاننى توغرىلاپ ياندىكى ھەمراھلىرى بىلەن مەلۇم ئارىلىق تاشلاپ ئات چېپىپ ئىلگىرىلەشكە ئادەتلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار ئىلگىرىلەش جەريانىدا ئىككى ياندىكى قىسىمنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلىپ باراتتى، بەزىدە ئاستا ئىلگىرىلەپ شۇ ئارقىلىق قەدىمىنى بىرلىككە كەلتۈرەتتى. ئۇلار سەركەردىلەرنىڭ ئاۋاز بەلگىسىگە دىققەت قىلىشى ھەمدە ئۆز ـ ئارا بەلگە بېرىپ ئالاقىلىشىپ تۇرۇشى لازىم ئىدى. سەركەردىلەر بۇ ئەمەلىي مەكتەپتە ئەڭ مۇھىم ھەربىي ماھارەت دەرسلىكىنى، يەنى ئوۋ مەيدانى، ئارىلىقى، ۋاقتى ھەققىدە تېز ھەم توغرا ھۆكۈم چىقىرىشنى ئۆگىنىۋالاتتى .ئۇرۇش بولغاندا ئۇلار پەقەت نىشاننى ئالماشتۇرسىلا، يەنى ياۋايى ھايۋانلارغا قورشاپ زەربە بېرىشتىكى سەۋرچانلىقى، قەيسەرلىكى ۋە ماھارىتىنى دۈشمەنگە ئىشلەتسىلا بولاتتى ④<< دەپ خاتىرىلەنگەن بولغان مەشھۇر تارىخچى دوسسانىمۇ >> موڭغۇللارنىڭ قورۋاش ئوۋغا چىقىشى ھەربىي ئىشلارغا ئوخشايدۇ. ئالدى بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ ھايۋانلارنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىنى رازۋېتكا قىدۇ. مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئەتراپتىكى قەبىلىلەردىن ھەر ئون كىشىدىن بىرنەچچە كىشىنى تاللاپ قورشاۋ ھالقىسى تۈزۈپ ھايۋانلارنى قوغلىتىدۇ. نىشانلىغان يەرگە يېتىپ كەلگەندە ئاندىن قوشۇننى سول قانات، ئوڭ قانات ۋە ئوتتۇرا قىسىمغا بۆلۈپ ئوۋنى باشلايدۇ .⑤ <<دەپ مەلۇمات بەرگەن. مانجۇلاردىمۇ >> ئوۋ باشلانغاندا ھەر كىم بىر تالدىن ئوق چىقىرىدىغان، ھەر **10** ئادەمگە بىر باشلىق تەيىنلىنىدىغان ..... ئوۋ قىلغاندا قالايمىقانچىلىق چىقىرىشقا يول قويۇلمايدىغان ⑥<<بەلگىلىمە بار ئىدى. بۇ خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ، بىز ھۇنلار بىلەن مانجۇ، نوڭغۇللارنىڭ ئارىسىدىكى دەۋردە ياشىغان ھەم ئىجتىمائىي فورماتسىيىسى ئۇلار بىلەن ئوخشاش بولغان ئۇيغۇرلارنى ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەشتە يۇقارقى ئۇسۇللارنى قوللانغان، >> يېڭى تاڭنامە << دە خاتىرىلەنگەن پۇسادىنىڭ >> دائىم دىگۇدەك سەپ تۈزۈپ ئوۋ قىلىشى<< نىڭ شەكلى، ئۇسۇلى ۋە مەقسىتىنى يۇقۇرىغا ئوخشاش دەپ ئېيتساق خاتا ئېيتمىغان بولىمىز .ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قورشاۋ ئوۋ قىلىش ئۇيغۇر قاتارلىق چارۋىچى مىللەتلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەلىم ـ تەربىيە، قوماندانلىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن بولسا ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنى ئۆگىنىدىغان ئەڭ ياخشى مانېۋېر ئىدى. ئۇلار ياشىغان مۇھىتنىڭ ناچارلىقى، ھاۋا كېلىماتىنىڭ سوغۇق بولۇشى، شۇنداقلا كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا كۆچۈپ يۈرۈش جەريانىدىكى ئاچ ـ توق قېلىشلار ئۇلارنىڭ سوغۇققا، ئاچلىققا ۋە تەشنالىققا تاقەت قىلىش، جاپا مۇشەققەتكە چىداش قاتارلىق قابىلىيەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايتتى ھەمدە ئۇلارنى تەشكىلچان، ئىنتىزامچان قىلىپ يېتىشتۈرەتتى. ئۇلاردىكى >> ئۇرۇشقا ۋاقتىدا يېتىپ كەلمىگەنكەرنى مۇشۇ گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش<< ، >> ئۇرۇشتا قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ ئائىلە بىساتىنى مۇسادىرە قىلىپ جەڭچىلەرگە بۆلۈپ بېرىش ⑦<< تەك ھەربىي

ئىنتىزامىمۇ ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىشىغا ئىلھام بېرەتتى. خۇددى ھۇنلار >> پۈتۈن مىللەت بويىچە تەييار بىر ھەربىي قوشۇن<< ، >> جەڭ قىلىشقا ناھايىتى مۇۋاپىق ⑧<< بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلارمۇ پۈتۈن مىللەت بويىچە تەييار ھەربىي قوشۇن ھەم شۇنداقلا جەڭ قىلىشقا ناھايىتى ماھىر ئىدى.

ئىزاھلار

①ئابېي تاكېئو >> غەربىي ئۇيغۇرىيە ھەققىدە تەتقىقات << شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى **1986** ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى **8** ـ بەت

⑦⑭ ③ ②ياڭ شېڭمىن >> قەدىمقى ئۇيغۇرلار << جىلىن مائارىپ نەشرىياتى **1991** ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى **133** ـ **135** ـ بەتلەردە ئېلىنغان نەقىل

>> ④يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە ـ **6135** << بەت

>> ⑤قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ماقالىلار توپلىمى ـ **1956** << يىلى ئالمۇتا رۇسچە نەشرى **231** ـ بەت

>> ⑥ئوغۇزنامە << مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە **22** ـ قۇر

⑧مورېننەن >> ھۇنلارنىڭ ھەربىي تەشكىلى تۈزۈمى << شىنجاڭ ئۇنۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى ئۇيغۇرچە **1988** ـ يىللىق **2** ـ سان

⑨مەھمۇت قەشقەرى >> تۈركى تىللار دىۋانى << شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى **1981** ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى **1** ـ توم **517** ـ **556** ـ بەتلەر

⑩سىماچيەن >> تارىخى خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە << شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى **1987** ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، **391** ـ بەت

>> ⑪شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى << شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى **1980** ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، **1** ـ قىسىم **86** ـ بەت

>> ⑫كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى << شەرقى يۈزى ـ **32** قۇر

>> ⑬⑮بايانچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى >> << قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما ئۇيغۇرچە<< **119** ـ **120** ـ بەتلەر

①ياڭ شېڭمىن >> ئۇيغۇر تارىخى << جىلىن مائارىپ نەشرىياتى **1991** ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، **135** ـ بەتتىكى نەقىل

②مورېننەن >> ھۇنلارنىڭ ھەربىي تەشكىلى تۈزۈمى >> << شىنجاڭ ئۇنۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى << ئۇيغۇرچە **1988** ـ يىللىق **2** ـ سان **94** ـ بەتتە ئېلىنغان نەقىل

③مەھمۇد قەشقىرى >> تۈركى تىللار دىۋانى << شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى **1981** ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، **1** ـ توم **156** ـ بەت

>> ④كونا تاڭنامە . ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە << جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى **1986** ـ يىلى **2** ـ نەشرى خەنزۇچە **5196** ـ بەت

⑤مو رېننەن >> هۇنلارنىڭ ھەربىي تەشكىلى تۈزۈمى >> << شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتى ئىلمىي ژورنىلى << ئۇيغۇرچە 1988 ـ يىللىق 2 ـ سان 84 ـ بەتتە ئېلىنغان نەقىل

⑥دوسسان >> موڭغۇل تارىخى << جۇڭخۇا كىتاپ ئىدارىسى 1962 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى ـ 1توم 156 ـ بەت

⑦مو دۇڭيەن >> مانجۇلار تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر << خەلق نەشرىياتى 1958 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 64 ـ 65 ـ بەتلەر

>> ⑧يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە ـ 6124 << بەت، >> كونا تاڭنامە .تۇرالار ھەققىدە قىسسە ـ 5345 << بەت

# غۇلجا تارىخىدىن دېرەكلەر

بوستانغا يوللىغۇچى: بوستان
غۇلجا شەھىرىنىڭ قاچان بىنا قىلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن << غۇلجا >> دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدا جۇڭگۇ ۋە چەت ئەل تارىخچىلىرى ئۇزاقتىن بىرى ئىزدىنىپ كەلمەكتە.

غۇلجا 1888 ـ يىلى ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارىخىنى خېلى ئۇزاقتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ .
غۇلجىنىڭ جامائەتچىلىك نەزىرىگە كوپرەك چۈشكەن ۋاقتى جۇڭغارلار دەۋرى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە غۇلجا جۇڭغار خانى قۇنتاجى (قۇنتەيجى) يەنى سېۋىن ئارابدان( 1663 ـ 1727)نىڭ ئوردىسى تۇرۇشلۇق جاي بولغان، يەنى ھازىرقى غۇلجا شەھىرىدە قەد كوتۇرۇپ تۇرغان قارا دوڭنىڭ ئېگىز چوققىسى يېنىدا ئەينى چاغلاردا قۇنتاجىنىڭ ئوردىسى قۇرۇلغان. ئوردا خارابىسىنىڭ جەنۇبى يان باغرىدا ھازىرقى << گۇلشەنباغ >>تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ياپيېشىللىققا پۈركىنىپ تۇرماقتا.

غۇلجىنىڭ نىمە ئۈچۈن << غۇلجا >>دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدە ھەرخىل تەرىپلەر بار. بەزىلەر : غۇلجىنىڭ جۇڭغارلار دەۋرىدە گۈللەنگەنلىكى ۋە جۇڭغارلارنىڭ ئۇ يەردە << ئالتۇن سۈمە )>>ئالتۇق قۇببىلىق ئىبادەتخانا) سالدۇرغانلىقى، ئۇنى << غۇلجا دۇگاڭ >>دەپ ئاتىغانلىقىغا قاراپ، << غۇلجا >>دىگەن نام جۇڭغارلار دەۋرىدە قويۇلغان، دەپ قارايدۇ؛ يەنە بەزىلەر << :بۇ جايدا بۇرۇن غۇلجا (ياۋا قوشقار) پادا ـ پادا بولۇپ يۈرگەن، شۇڭا ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك خەلقلەر << غۇلجا>>دەپ نام بەرگەن، دەپ قارايدۇ؛ يەنە بەزىلەر غۇلجا ئەتراپىدا بولۇكەي، جىرغىلاڭ، پىلچى قاتارلىق 12غول بولغانلىقى ئۈچۈن، << غولجاي >>دەپ ئاتالغان، بۇ كېيىن << غۇلجا>>غا ئۆزگىرىپ كەتكەن، دەپ قارايدۇ.

غۇلجا تارىختا ئىزچىل تۇردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەشھۇر سودا، قول سانائەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن .ئەينى ۋاقىتتا << غۇلجا يولى >>دەپ ئاتالغان كارۋان يولى بولغان. غۇلجا تارىختا نامى چىققان << يىپەك يولى>>نىڭ شىمالىي لىنيىسى بىلەن باغلىنىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئۆزگىچە خاس رول ئوينىغان.

غۇلجىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى تەرەققىيات X VIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. شەھەر قۇرۇلۇشى چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىغا سالدۇرغان توققۇز قەلئە شەھەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە 1772 ـ يىلى ياسالغان. چار روسىيە 1871 ـ يىلى ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، كۇرە، قورغاس، باياندای، چىڭسىخوزا قاتارلىق قەلئە شەھەرلەرنى بۇزۇپ، بۇ شەھەرلەردىن چىققان ياغاچ، خىش، كاھىشلار بىلەن غۇلجىنى كېڭەيتىپ قۇرغان. ئەينى ۋاقىتتىكى

غۇلجا ئۇيغۇر، خۇيزۇ سودىگەرلىرى ۋە ئاھالىسى ئولتۇرۇشلۇق جاي بولۇپ، ئۇ يەرنى ھاكىمبەگ، ئىشىك ئاغابەگ قاتارلىق ئەمەلدارلار باشقۇرغان. ئەينى ۋاقىتتىكى غۇلجا ھازىرقى غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، توققۇزتارا ناھىيىسى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

ـ 1800يىلدىن 1864 ـ يىلغىچە شەھەر ئىچىدە 4700 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 5.3 مېتىر ئېگىزلىكتە سېپىل سوقۇلغان. ھاكىمىيەت، دىنى مەھكىمىلەر، زىندان، يامۇللار، ھاكىمبەگ، قازى ـ كالانلارنىڭ ئوردىلىرى سېپىل ئىچىگە ئورۇنلاشقان. شەھەر سېپىلىنىڭ توت ئەتراپىدا ئاركىلىق ھەم پەشتاقلىق توت ھەشمەتلىك دەرۋازا بولغان. شەرقى دەرۋازا >> دەڭ دەرۋازا<<، غەربىي دەرۋازا >>كۆرە دەرۋازا<<، جەنۇبىي دەرۋازا >> سۇ دەرۋازا<<، شىمالى دەرۋازا >> دولان دەرۋازا << دەپ ئاتالغان. 1882 ـ يىلى ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ئۇ 1937 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ھوكۇمەت ئىشلىرىدا كۆرەنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن.

غۇلجا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى سىياسى، ئىقتىساد، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەنئەت پائالىيەتلىرىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

ئەسەر غوجا ئەھمەت يۇنۇسنىڭ شۇ ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى

## 1878 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە شىنجاڭغا رەئىس بولغانلار تىزىملىكى

بوستانغا يوللىغۇچى: ئەلتۇزەر

مىلادى ـ 1878 يىلى ياقۇپبەگ ( بەدۆلەت )نىڭ يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ، زوزۇڭتاڭنىڭ تەكلىپى بويىچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1884 ـ يىلى ) گۇئاڭشۈينىڭ 10 ـ يىلى ) شىنجاڭنى رەسمىي يوسۇندا شىنجاڭ ئۆلكىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن 1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر 65 يىل ئارىلىقتا شىنجاڭ ئۆلكىسگە سەييارە سىلاۋچى ۋە رەئىس بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى ۋە يىلنامىسى تۆۋەندىكىچە :

1884يىلى ( گۇئاڭشۈينىڭ 10 ـ يىلى ) شىنجاڭ رەسمىي ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندا ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى لىيۇجىڭتاڭنى شىنجاڭ ئۆلكىسگە تۇنجى سەييارە سىلاۋچىلىققا تەيىنلىدى .

ـ 1889يىلى ( گۇئاڭشۈينىڭ 14 ـ يىلى ( لىيۇجىڭتاڭ رۇخسەت سوراپ ئىچكىرىگە قايتقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋېي گۇئاڭتاۋ مۇۋەققەت سەييارە سىلاۋچىلىققا تەيىنلەندى .

ـ 1891يىلى ( گۇئاڭشۈينىڭ 17 ـ يىلى ( چىڭ ھۆكۈمىتى شەنشى ۋالىسى تاۋمۇنى شىنجاڭ ئۆلكىسگە سەييارە سىلاۋچىلىققا تەيىنلەپ ئەۋەتتى .

ـ 1895يىلى ( گۇئاڭشۈينىڭ 21 ـ يىلى ) شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي ۋالىسى رۇيىنجى ئۆستۈرۈلۈپ تاۋمۇنىڭ ئورنىغا سەييارە سىلاۋچى بولدى .

ـ 1902يىلى ) گۇئاڭشۈينىڭ 28 ـ يىلى ) شىنجاڭنىڭ پەرمانچىسى فەن شاۋسۇ ئۆستۈرۈلۈپ رۇيىنجىنىڭ ئورنىغا شىنجاڭنىڭ سەييارە سىلاۋچىسى بولۇپ تەيىنلەندى .

ـ 1905يىلى ) گۇئاڭشۈينىڭ 31 ـ يىلى ) چىڭ ھۆكۈمىتى ئەنخۇينىڭ سەييارە سىلاۋچىسى لەنكۇينى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سەييارە سىلاۋچىلىقىغا تەيىنلىدى .

ـ 1910يىلى ( شۇئەنتوڭنىڭ 2 ـ يىلى ( سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ سەييارە سىلاۋچىسى يۈئەن داخۇئانى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سەييارە سىلاۋچىلىقىغا تەيىنلىدى .

ـ 1912يىلى ( مىنگونىڭ 1 ـ يىلى ) يۈئەن داخۇئا رۇخسەت سوراپ ئىچكىرىگە قايتقاندىن كېيىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى ۋالىسى ، قوشۇمچە مۇپەتتىش ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىدى .

ـ 1928يىلى ) مىنگونىڭ 17 ـ يىلى ) ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئىچكى ئىشلار نازىرى جىن شۇرېن فەن ياۋنەننى يوقىتىپ ،ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىغا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولدى .

ـ 1933يىلى ) مىنگونىڭ22 ـ يىلى ـ 12" ( ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى "دە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ،" دوبەن "نامى بىلەن ئىش يۈرگۈزدى . بۇ چاغدا ئۆلكە رەئىسى لى روڭ ، مۇئاۋىن رەئىس خوجىنىياز ھاجى بولدى ـ 1938 . يىلىغا كەلگەندە شېڭ شىسەي رەئىس ، مۇئاۋىن رەئىسلەرنى براقلا قولغا ئېلىپ يوقىتىپ ، ئۆزى ھەم دوبەن ھەم رەئىس بولۇپ ، پۈتۈن ھوقۇقنى قولغا ئېلىۋالدى .

ـ 1944يىلى ( مىنگونىڭ 34 ـ يىلى ) 9 ـ ئايدا شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ ، ۋەزىيەتنى جۇشياۋلياڭغا ۋاقىتلىق تاپشۇرغاندىن كېيىن ، قورچاق نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋۇ جوڭشىننى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ ئەۋەتتى .

ـ 1946يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن ، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى ، ئۆلكە رەئىسلىكىگە جاڭ جىجوڭ ( قوشۇمچە ) ، مۇئاۋىن رەئىسلىككە ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بۇرھان شەھىدى سايلاندى .

ـ 1947يىلى 5 ـ ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى11” بىتىم “گە خىلاپ ھالدا بىر تەرەپلىمىلىك قارار ماقۇللاپ ، ئۆلكە رەئىسلىكىگە مەسئۇت سەبرىنى تەيىنلىدى . شۇنىڭ بىلەن 11”بىتىم “بۇزۇلۇپ ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلاندى .

ـ 1949يىلى 1 ـ ئايدا مەسئۇت سەبرى رەئىسلىكتىن قالدۇرۇلۇپ ، بۇرھان شەھىدى ئۆلكە رەئىسى ، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تەيىنلەندى . شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى گۇئاڭجۇ قورچاق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ ، شەرەپلىك ھالدا تىنچ ھەقىقەتكە ئۆتۈپ ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى .

ئىزاھات : يۇقارقىلار شېرىپ خۇشتارنىڭ” شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر كىشىلەر “ناملىق كىتابىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدىن ئېلىنغان

سالام دۇنيا.مانا بۇ تارىخ

بوستانغا يوللىغۇچى: يالقۇن

ئەسلى مەزكۇر يازما ''ئىزدىنىش ''توردا ئىلان قىلىنغاندىن كىيىن تورداشلار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان.

مەن بەزى تورداشلارنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقا تور بەتلىرنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ تورغىمۇ چاپلاپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم .جۈملىدىن باشقا چاپلانغان ئەسەرلەرمۇ شۇنداق....

هۆرمەت بىلەن يالقۇن

بىز دائىم "ياشلىق ئۆگىنىدىغان، ئىزدىنىدىغان چاغ" دەيمىز. لېكىن بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشقۇر چۈشىنىش، بولۇپمۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ چۈشىنىش ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولمايدۇ. ئۆتكەندە بىرەيلەن بىلەن مۇڭدىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا :"ئەمدى بىزنىڭ دەۋرىمىز كەتتى، سىلەرگە قالدى" دەپ چاقچاق قىلدى. مەن ئۇنىڭغا: "سىز تېخى 35 كىمۇ بارمىسىڭىز، قانداق بولۇپ دەۋرىڭىز كېتىدۇ؟" دېسەم، ئۇ:" ياق، بۇ ياش مەسلىسى ئەمەس، يۈرەكتە لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت، تەلۋىلىك يوق! ئادەم ھەرقانچە ياش بولسىمۇ، شۇ ئوي بولمىسا بىكار" دېدى. دەرۋەقە بىر تەلۋە ئوت بولمىسا بىرمۇنچە ئارمانلارمۇ، شۇ ئارمانلارغا تۇشلۇق مىدىرلاشمۇ، سىلكىنىشمۇ بولمايدۇ .

قارىغاندا سىز كلاسسىكلارغا، بولۇپمۇ "قۇتادغۇبىلىك" تەتقىقاتىغا قىزىپسىز. مەن تولۇقسىزنى تۈگەتكەن چاغدا قىزىغان، ئالىي مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقلىرىدىن باشلاپ بارا ـ بارا قىزغىنلىق سۇسلاشقاندى .بۇنىڭ سۇسلىششى قانداقتۇر كلاسسىكلاردىن بىزار بولۇش تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى باشقا سەۋەبلەر.

قىسقىسى، سىز موشۇ قىزغىنلىقىڭىزدىن پايدىلىنىپ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايسىز. شەخسەن مەن "ئەتەبەتەئۇلھەقايىق" تىن كىيىنكى ئەسەرلەرگە ئانچە قىزىقمايمەن. بۇرۇندىن شۇنداق. شاكال كۆپ دەپ قارايمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا مەن چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكى مىراسلارنى ياقتۇرمايمەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يادىكارلىقلارغا زىيادە ئېتىبار بىلەن قارايمەن. ئەگەر بۇ دەۋردە بىرەر كىمنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئەسرى قىممەتلىك دەپ قارايمەن. بۇ بىر شەخسي قاراش، يەنە كېلىپ بىر تەرەپلىمە قاراش. بۇنى مەن خەققە تاڭمايمەن. گەپ ئارىسىدا چىقىپ قالغاچقا دېدىم.

گەپنىڭ قىسقىسى، بىزنىڭ بۈگۈنكى تەپەككۇرىمىز، ياشاش ئۇسۇلىمىز.... نۇرغۇن، نۇرغۇن نەرسىلەر ئالدىنقىلارنىڭ نەتىجىسى، مەغلۇبىيىتى ئاساسىدا راۋاجلانغان. ئۇنىڭدا بىزنىڭ ئۆتمۈشىمىزلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنىمىز ۋە كېلەچىكىمىز ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن نەرسىلەر بار. بولۇپمۇ شەخسەن مەن "مەڭگۈتاش"لار ۋە ئىككى بىتىك (قۇتادغۇ بىلىك ۋە تۈركىي تىللار دىۋانى)نىڭ ئەھمىيىتىنى بەك زور دەپ قارايمەن .

سىز يېقىندىن بۇيان موشۇ ھەقتىكى يازمىلارنى يوللاۋاتىسىز. مۇمكىن بولسا موشۇ ئادرىس ئاستىغا سىز يوللىغان موشۇ تۈردىكى ماقالىلارنىڭ ئادرىسىنى چاپلاپ قويىغان بولسىڭىز.

سىز بۇگۈن ئەخمەت زىيائىينىڭ ماقالىسىنى يوللاپسىز. مۇمكىن بولسا ئەھمەت زىيائىينىڭ تەرجىمھالىنىمۇ يوللاپ قويغان بولسىڭىز. مەن مەخسۇس ئىلمىي ماقالىلارلا ئېلان قىلىنىدىغان بىر تور بەت بولسىكەن دەيمەن. بەلكىم ئۇمۇ قۇرۇلۇپ قالار.

ئەھمەت زىيائىي بۈگۈنكى زامان تارىخىمىزدىكى مۇھىم ئالىم. بۇ كىشى كلاسسىك ئەسەرلەر تەتقىقاتىدا يول ئاچقۇچىلارنىڭ بىرى. مەن بۇ ماقالىنىڭ قاچان يېزىلغانلىقىنى بىلمىدىم. بەلكىم خېلى بۇرۇن بولسا كېرەك. بەلكىم موشۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ باشلىرىدىن بولسا كېرەك. ئەھمەت زىيائىي قاتارلىقلار بۇ يولنى ئاچتى. مەزكور ماقالىمۇ بەلكىم دەسلەپكى يول ئاچقۇچى ماقالىلاردىن بولسا كېرەك. لېكىن دەسلەپكى ئىزدىنىش بولۇش سۈپىتى بىلەن پاكىتلار دېگەندەك يېتەرلىك ئەمەس. مېنىڭچە مۇنداق بىر نەچچە نۇقتا تولۇقلىنىشى كېرەك. (ئەمەلىيەتتە بۇنى كېيىنكى ئالىملار تولۇقلىدى(

ـ 1خاقانىيە تىلىنىڭ، جۈملىدىن "قاتادغۇبىلىك" تىلىنىڭ قايسى مىللەت تىلى ئىكەنلىكىنى ئايرىشتا بۈگۈنكى تىللارغا سېلىشتۇرۇش بىلەن بىرگە ، ئەڭ مۇھىمى شۇ دەۋىردىكى تىللارغا سېلىشتۇرۇش كېرەك. يەنى بۇنى قوجو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىغا سېلىشتۇرۇش كېرەك. بۇ تىل قاراخانىيلاردەك "تۈرك" دېگەن ئومۇمىي نامنى ئەمەس، بەلكى "ئۇيغۇر" دېگەن نامنى ئېنىق ئىزاھلىغان. بۇنى پۈتۈن دۇنيا تۈركلوگلىرى، ئۇيغۇرشۇناسلىرى ، تۈرپانشۇناسلىرى بىردەك ئېتىراپ قىلغان. تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە "قۇتادغۇبىلىك" تىلىنىڭ قوجو ئۇيغۇرلىرى تىلى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى؛

ـ 2تىل سېلىشتۇرۇشتا، كونكرېت مىسالدىن بەكرەك قانۇنىيەت سېلىشتۇرۇش ئىناۋەتلىكرەك ھېسابلىنىدۇ؛

ـ 3نەسەب سۈرۈشتۈرۈش. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاتىسى رەيھاندىن ئوردا ئەمەلدارى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردا تايانغۇسى. ئۇنداقتا قاغان كىم؟ قايسى مىللەت؟ بۇ ئېنىقلانسا تەتقىقاتقا پايدىلىق.

ـ 4مۆھتەرەم ئالىم ئەھمەت زىيائىي بۇ ماقالىسىدا مۇنداق دەپتۇ:

>>تۈركىي تىللار دىۋانى<< نىڭ كىرىش سۆزىدە مەھمۇت قەشقەرى نەزەرىدە >> خاقانىيە تۈركىي تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى _ بىر تىل ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق << دەپ كۆرسەتكەن.

***

بۇ بىر ئىلمىي مەسىلە. پاكىتنى سۆزلىمىسەك بولمايدۇ. "تۈكىي تىللار دىۋانى"نىڭ قەيىرىدە شۇنداق دېيىلگەن؟ بۇنى بىر سېلىشتۇرۇش كېرەك. نەقلىنى ئەينەن ۋە پاكىتلىك قويۇش كېرەك . شەخسەن مەن "دىۋان" دىن بۇنداق بىر جۈملىنى ئۇچراتمىغان. قايتا قاراپ باقاي. سىزمۇ قايتا قاراپ باقارسىز.

زۇلال، ئىزدىنىشلىرىڭىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن!

مېنىڭ موشۇ مۇنبەرگە يوللىغان "بەزى تارىخىي مەسىلىلەر ھەققىدە" ناملىق بىر يازمام بولىدىغان، مۇنبەردىن كاشىلا چىققاندا ئۆچۈپ كېتىپتىكەن. ئۇنى "سۈزۈك" خانىقىز چاپلاپ

قويۇپتۇ. بۇ يەرگە چاپلاپ قوياي. سەۋەبى: بۇ يەردە يەنە بەزى سۇئاللار چىقىپتۇ، يەنە چىقىشى مۇمكىن.
مېنىڭ بۇ يازمام بىر ئىلمىي ئەسەر ئەمەس، بەلكى موشۇ ھەقتىكى تەتقىقات يولى ھەققىدە گەپ. پايدىلىنىدىغانلار خالىسا، موشۇ چىقىش نۇقتىسىدىن تەتقىقات ئېلىپ بارسا بولىدۇ:

---

(HelloLife)بەزى تارىخلار ھەققىدە

مەن خۇددى بۇرۇنقى ماقالىلىرىمدا قايتا ـ قايتا ئەسكەرتكىنىمدەك، مېنىڭ يازمىلىرىم "ئىلمىي ماقالە" ئۆلچىمىگە ھەرگىز توشمايدۇ، "ئىلمىي ئەسەر" دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. باشقىلار قانداق قارىسا ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىش، لېكىن مېنىڭ نەزىرىمدە شۇنداق. "ئۇنداقتا نېمە بۇ؟" دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. مەن بىلەن يۈز تۇرانە پاراڭلىشىپ باققانلارغا مەلۇمكى، مەن مەخسۇس بىر تېمىدا توختىلىپ كېتىۋېتىپ، بىر يەرگە كەلگەندىلا تازا قىزىقارلىق ياكى ئۆزگىچە بىر ھېكايە، مىسال سۆزلەپ، ئاندىن ھېلىقى "باش تېما"غا كېلىۋالىمەن .شەخشەن مەن مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ يېزىقچىلىقىغا زىيادە ھەۋەس قىلىمەن، ھەتتا مەن مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىنى "خەلقئارا سەۋىيىگە يەتتى، نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن خېلى بىر قىسىم يازغۇچىلاردىنمۇ ئېسىل ئەسەرلەرنى يازدى، <قۇم باسقان شەھەر <تۇنجى ئۇيغۇرچە رومان. " دەپ قارايمەن. (بۇنداق دېگەنلىك "مەمتىمىن ھوشۇرغا نوبىل مۇكاپاتى بېرىش كېرەك" دېگەنلىك ئەمەس، بۇ ھەقتە ئايرىم توختالغۇم بار) ئەگەر ماڭا تاللاش ھوقۇقى بېرىلسە ئىدى، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بەش پارچە ئەسرىگە تەڭ كەلگۈدەك ئەسەر يېزىپ "ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا چوڭ تۆھپە قوشۇۋەتتىم!" دەپ كېرىلىپ ياتقان بولاتتىم ! قىسقىسى، ئۇنچىۋالا يۇمۇرستىك تۇيغۇغا ئىگە بولمىسىمۇ، ئىزدىنىشتىكى يازمىلىرىمنى مەمتىمىن ھوشۇر قەلىمى ئاستىدىكى "زامان ساراڭلىرى"نىڭ پارچە پاراڭلىرى سۈپىتىدە قارىيالىسام چوڭ ئىش! ئۇنداقتا، مېنىڭ ھېلى ئۇ ، ھېلى بۇ تېمىلاردا ئەسەر يېزىشتىكى مەقسىدىم نېمە؟ يېقىنقى گەپنى قىلساق "ئىزدىنىش" ئەپەندىم بىر ئىش قىلىپ بېرىش بەدىلىگە مېنى ئىزدىنىش مۇنبىرىدە 10 پارچە ماقالە يېزىشقا قەرز قىلىپ قويغاندى .تېخى باياتىن "يەنە سەككىز پارچە قالدى جۇمۇ بۇرادەر!" دەپ سۈرۈشتە قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن تىل ھەققىدىكى تېمامدا تىل ھەققىدە بىلىم سۆزلىيەلمىسەممۇ، مەندىن كىچىكلەرنى ئانا تىل ھەققىدە بىلىم ئىگىلەشكە قىزىقتۇرالىسام؛ تارىخ ھەققىدە پاكىت سۆزلىيەلمىسەممۇ، بەش ئادەمنى موشۇ ھەقتە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپ تارىخ ۋاراقلاشقا قىزىقتۇرالىسام... مانا بۇ مېنىڭ مەقسىدىم. شۆھرەت ـ مەتبۇئاتلارنى پاخال قىلىپ گەپ سېتىۋاتقان بەزىلەردىن ئايلانسۇن !
****ئەمدى نەق گەپكە كەلسەك، مەن ئەسلى بۇ تېمىنى "يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرىينىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھەققىدە پاراڭ" دەپ قويماقچى ئىدىم. گەپ سەل ئۇزۇندىن كېلىدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى ئارىمىزدا "ئۇيغۇر دېگەن بۇ نام 30 ـ يىللاردا ئوتتۇرىغا چىققان" دەيدىغان قاراشتىكىلەرمۇ يوق ئەمەس.

---

"ئۇيغۇر" نامى ھەققىدە
بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى ئىمىن تۇرسۇننىڭ" قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى" ۋە باشقا يازمىلاردىن كۆرۈۋېلىڭ. " ئۇيغۇر"نىڭ مەنىسى مەيلى "ئويۇشقان" بولسۇن، مەيلى "لاچىن قانتىدەك" بولسۇن، مەيلى "ئۆز ئوزۇقىنى ئۆز تېپىپ يەيدىغانلار" دېگەن مەنىدە بولسۇن، موشۇ مۇنبەردە ئۆردەك ئاكىمىز تولىمۇ كۆپ ئەجىر بىلەن يازغان "ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئىشەنگۈسىز رىۋايەتلەر" نى ئېتىراپ قىلمايدىغانلارمۇ مۇنۇ ئۈچ مەنبەنى ئىنكار قىلالمايدۇ.
ـ 1خەنزۇچە مەنبەلەردە" ئۇيغۇر" دېگەن ئىسىمنىڭ ئەينەن تەلەپپۇزدا خەنزۇچە يېزىلىشى ۋە مەخسۇس توختىلىشىدا 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە.
ـ 2مەھمۇد قەشقەريي "ئۇيغۇر دېگەن نامنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قويغان" دېگەن بىر رىۋايەتنى ئوتتۇرىغا قويغان. موشۇنىلا دېسىمۇ، 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق.
" ـ 3مەڭگۈ تاش" ۋە "ئوغۇزنامە" دە "ئۇيغۇر" سۆز ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىز "مەڭگۈ تاش" لارنىڭ 1500 يىل ئەتراپىدا تارىخى بار. "ئوغۇزنامە" نىڭ قولىمىزدىكى نۇسخىسى 13 ـ ئەسىرنىڭ كۆچۈرۈلمىسى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇيغۇرغا ھەرقانچە ئۆچ تارىخچىلارمۇ ئۇنى "13 ـ ئەسىرنىڭ ئەسىرى "دېيەلمەيدۇ. ئەگەر ئوغۇزغان باتۇر تەڭرىقۇتقا ئوخشىتىلسا 3000مىڭ يىلغا يېقىنراق بېرىپمۇ قالىدۇ. "ئوغۇزنامە" دىكى ئۆچۈرلاردىن قارىغاندا، "ئوغۇزنامە"نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى بۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن.مەسىلەن؛ كۆك ئېتىقادچىلىقى، بۆرە تۇتىمى، دەرەخ تۇتىمى، قام دىنى، ھارۋىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى، خام گۆش يېيىش، مىللەت نامىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى.... قاتارلىق ماتېرىياللارغا قاراپ. مانا موشۇ "ئوغۇزنامە" دە "ئۇيغۇر" دېگەن ئىسىم "مەن ئۇيغۇرنىڭ قاغانىمەن، پۈتۈن دۇنيانىڭمۇ قاغانى بولۇشۇم كېرەك" دېگەن شەكىلدە كەلگەن .
قىسقىسى، "ئۇيغۇر" دېگەن سۆزنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن يازما تارىخىنىڭ ئۆزىمۇ 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق بولۇپ، قانداقتۇر تۇنۇگۈن پەيدا بولغان ياكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تېپىۋالغان گەپ ئەمەس !
ئەمدى بۇنداق دېگەنلىك ھەرگىزمۇ "ئۇيغۇرنىڭ ئىككى مىڭ يىللىق تارىخى بار" دېگەنلىك ئەمەس. (ئادەتتە، پالان مىللەتنىڭ مانچىلىك تارىخى بار دېگەن گەپ "مەدەنىيەت تارىخى" نى كۆرسىتىدۇ (بۇنداق ھۆكۈم تارىخنى ئەمدى كۆرۈۋاتقان ئادەملەرگە يارىشىدۇ. مەسىلەن، "خەنلەر" دېگەن سۆزنىڭمۇ ئارانلا 2 مىڭ يىللىق تارىخى بار. يەنى شۇ خەنۇۋدىنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن ئومۇملاشقان. بۇنىڭغا قاراپ "خەنزۇ مىللىتىنىڭ 2 مىڭ يىللىق تارىخى بار" دېگىلى بولمايدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى، "ئۇيغۇرنىڭ تارىخى قانچىلىك" دېگەن سوئالغا نەق جاۋابنى مەن بۇ يەردە ئىسمىنى تىزىپ بېرەلمەيدىغان بىر تالاي تارىخى كىتابلاردىن كۆرۈۋالغاي .
"جۇڭخۇ مىللەتلىرى 5 مىڭ يىلدىن ئارتۇق پارلاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە" دېگەن ئىلمىي، سىياسىي ھۆكۈم بىلەن قانائەت قىلسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىشى .
ئۇنىڭدىن باشقا غالىپ بارات ئەرك ئەپەندىم بىر چاغلاردىكى "كروران" ژۇرنىلىدا "كروران گۈزىلى كىم" دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلغان. بۇ ماقالىدە دېيىلىشىچە، ئامېرىكىلىق ئانتروپولوگلار

(ئىنسان ئىرقىي تىپ تەتقىقاتچىلىرى؟) "ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى مۇڭغۇللۇئىد ئىرقى ئارلاشقان ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ" دېگەن خۇلاسىنى چىقارغانىكەن، كروران گۈزىلىنى تەكشۈرۈشمۇ موشۇ خۇلاسىنى چىقىرىپتۇ. كروران گۈزىلىنىڭ "ياداپ كەتكەن يېشى" 3800يىل بولۇپ، كروران گۈزىلى بىلەن چىققان تېپىندىلاردىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى كىشىنى تاڭ قالدۇرىدۇ .بىزگە مۇھىمى مانا موشۇ! ئا.مۇھەممەتئىمىننىڭ "ئۇيغۇرنى كېسىپ تاشلاش بىلەن ئۈزۈپ تاشلاش ئوتتۇرىسىدا مىڭ يىللىق تارىخ ئۆتكەن" دېگەن گېپى بويىچە قارىغاندىمۇ، بۇخىل نەپىس بويۇملارنى ياساشقا كەتكەن تېخنىكا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىققان بۇغدايلارنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟ ھەقاچان 4 مىڭ يىل بۇرۇن بىر كېچىدىلا پەيدا بولۇپ قالمىغاندۇ؟ دېمەك، بۇ يەردىن بىر لوگىكىلىق خۇلاسە چىقىدۇ.( لوگىكا ـ ئوي تۆرۆ، تۆرۆ ـ قانۇن(

دېمەك، "ئۇيغۇر" تۇنۇگۇن ـ بۈگۈنكى مىللەت ئەمەس. بۇنى ستالىن تولىمۇ ئوبدان بىلگەچكە ئەينى چاغدىكى مۇنازىرىدە ئۇيغۇرنى بىر نەچچىگە بۆلۈپ ئۆلگۈرگەن. يەنە بەزىلەر "تارانچى" دېگەن 14 ـ مىللەتنىمۇ كەشىپ قىلىپ ئۈلگۈرگەن.

---

تارىختا" ئۇيغۇر" بىلەن "تۈرك"نىڭ مۇناسىۋىتى

بۇ تارىختىكى ناھايىتى مۇرەككەپ ئۇقۇم .قايسىدۇر بىر تىلشۇناسلىق كىتابىدىن (ئېسىدە بارلار ئەسكەرتىپ قويساڭلار) تۈركىي تىل تارىخنى مونداق بۆلگەننى كۆرگەن:

ئالتاي دەۋرى

قەدىمكى تۈرك تىلى دەۋرى (ئۇيغۇر دەۋرى )

....

....

ئۇنىڭ ئاستىدىكى يەنە بىر ياكى بىرنەچچە دەۋرىمۇ "ئۇيغۇر دەۋرى" دەپ ئاتالغان. قاراڭلار، بىر تۈر ئۇقۇم ئۆز ئىچىدىكى بىر جىنىس ئۇقۇمنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان !!!

تارىخى پاكىتلار ۋە مېنىڭ قىياسىمچە، ئەسلىدە "ئۇيغۇر" بولسا" تۈرك" نىڭ ئىچىدىكى بىر تارماق ئۇقۇم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يەنە قىرغىز، قىپچاق ....دېگەنلەرمۇ بار ئىدى. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ زىيادە كۈچى ۋە مەدەنىيىتى بەزى دەۋرلەردە" تۈرك" دېگەن موشۇنچىۋالا چوڭ نامغا ۋەكىل بولۇپ قالغان .

بۈگۈن بىز مۇنداق ئادەتلەرنى ئۇچرىتىمىز:

_نەگە ماڭدىڭ؟

_ھېلىم باينىڭ مەھەللىسىگە.

بۇ نېمە دېگەن گەپ؟ ئۇ مەھەللىدە ھېلىم باينىڭلا ئۆيى بارمۇ؟ ياق! شۇ مەھەللىدە ھېلىم باي ھەممىدىن ئىناۋەتلىك بولغاچقا، شۇنچە كۆپ ئادەم بار بىر مەھەللە بىر ئادەمنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان. ھەتتا بۈگۈنكى كۈندە "قەشقەر" دېگەن نام بەزى دۆلەتلەردە" شىنجاڭ" بىلەن "قەشقەرىي" "ئۇيغۇر" بىلەن تەڭ قارىلىدۇ.

يەنە بىر مۇنازىرىدە"ئوغرى" ئىسىملىك بىرەيلەن: "ئۇيغۇرلار تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئاكىسى" دېگەن گەپنى قىلىپتىكەن، بىرنەچچەيلەن خاپا بوپ كەتتى. بۇ گەپنى ئۇ كىشى يانپىشىغا ئۇرۇپلا تېپىۋالغان ئەمەس، بەلكى تۈركىي مىللەتلەر تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى نوپۇزلۇق ئالىملار ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار گەرچە "ئاكىسى" دېگەننى ئىشلەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن "ئۇيغۇرلار تۈركلەر ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ مەدەنىيەتلىكى" دېگەن. بۇگەپنى دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇيغۇر ئەمەس! مەھمۇد قەشقەرىيمۇ ئۇيغۇر تۈركلىرى تىلنى ئەڭ ئۈلچەملىك دېگەن .

ئۇنداقتا مەھمۇد قەشقەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلار نېمىشقا ئۆزىنى "مەن ئۇيغۇر "دېمىگەن؟

ـ 1يۇقىرىقى سەۋەب.

ـ 2مەھمۇدقەشقەرىي مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئۇ دەۋرىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان ئۇيغۇرلار قاتتىق ھاقارەت قىلىنغان "بۇتلىرىنى چاقتۇق، باشلىرىغا چىچتۇق" ، "ئەشەددىي كاپىر ئۇيغۇلار" دېگەن جۈملىلەردىنلا مەلۇم. شۇ تۈپەيلى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلار "تۈرك" دېگەن ئومۇمىي نامغا ، ئېتىقاد قىلمىغانلىرى "ئۇيغۇر" دېگەن نامغا يىغىنچاقلانغان. مېنىڭ چولتا پەرىزىمچە، بەلكىم ـ 11 ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن چوڭراق تۈركىي مىللەردىن پەقەت قوچۇ ئۇيغۇرلىرىلا قالغان بولسا كېرەك. ("ئوتتۇرا ئاسىيادا"، "چوڭراق" دېگەنلەرگە دىققەت قىلىڭ!)

دېمەك، مەھمۇد قەشقەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىنى "ئۇيغۇر" دەپ ئېنىق ئېيتمىشى شۇ دەۋرىنىڭ جامائەت پىكرى بويىچە بولغاندا، چەكسىز ھاقارەت ۋە جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئىشتىن ئىبارەت. بۇگۈنكى كۈندىمۇ "جۇھۇت" دېگىنى ئەسلى يەھۇدىيلارنىڭ مىللەت نامى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەڭ ھاقارەتلىك بىر تىللاش سۆزىگە ئايلانغان .

ـ 3بىز تېخى شۇ دەۋرلەر ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە بىرەر ئالىمنىڭ ئۆز كىتابىدا "مەن پالانچى مىللەت" دېگىنىنى ئاز ئۇچراتتۇق. شەخسەن مەن ئۇچراتمىدىم. مەسىلەن؛ سىماچيەن، كۇڭزى، مىڭزى، لاۋزى، چۈيۈەن... قاترلىقلارنىڭمۇ ئېنىق قىلىپ "مەن خەنزۇ مىللىتىدىن بولىمەن" دېگىنى مەلۇم ئەمەس، لېكىن ئۇلار خەنزۇلار ئىدى. بۇنى بۈگۈن بىز ئانچە چۈشىنىپ كېتەلمەيمىز، لېكىن موشۇ مۇنبەردە "شوخ يىگىت "قاتارلىق بىر نەچچە توردىشىمىزدىن باشقىلارنىڭ "مەن ئۇيغۇر" دېگىنىنىمۇ ئۇچرىتالمايمىز. لېكىن بىز "بۇ يەرگە ماقالە يېزىۋاتقانلارنىڭ 98 پىرسەنتى ئۇيغۇر، ئەڭ داڭلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر" دېگەن چۈشەنچىدە. يەنە كېلىپ مەھمۇد قەشقەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ كەمتەرلىكى نۇقتىسىدىن بۇنداق دېيىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئانچە قولىشىپ كەتمىسە كېرەك، يەنە كېلىپ ئۇلار ئۇيغۇردىنمۇ ھالقىپ، تۈركىي مىللەتلەر ھەتتا ئەرەبلەر ئۈچۈن، ۋە ھەتتا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەسەر يازغان.

***ئۇنداقتا مەھمۇد قەشقەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلار ئۆزبېكمۇ؟

جاۋاب: بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ تارىخنى ـ 11 ئەسىرگە سوزۇش، ئىسپاتلاش كېرەك. ئاندىن قالغان گەپنى دېيىشەيلى.

***ئۇنداقتا مەھمۇد قەشقەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلار قازاقمۇ؟

جاۋاب: يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

***ئۇنداقتا مەھمۇد قەشقەريي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلار قىرغىزمۇ؟ ياكى ئۇيغۇردىن باشقا بىر مىللەتمۇ؟

جاۋاب:1 ـ بۇ ئىككەيلەننىڭ قىرغىزلىقنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قىرغىزلارنىڭ قۇرغانلىقى، قاغانلىرىنىڭ قىرغىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش كېرەك. چۈنكى ھەر ئىككەيلەن خان جەمەتىدىن بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرىينىڭ دادىسى ھۈسەيىن خان تاغىسى ئىدى. (كەچۈرۈڭلار، خاننىڭ ئەڭ يېقىن بىر تۇققىنى ئىكەنلىكى ئېسىمدە، زادى خان تاغىسىمۇ يوق، تۈزىتىپ قويغايسىلەر) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دادىسى رەيھاندىن بالاساغۇندىكى ئوردىدا مۇھىم ۋەزىپىدە بولۇپ، بىر قېتىملىق ماجرادىن كېيىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە بىر پايتەخت قەشقەرگە كەلگەن.(ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ موشۇ ھەقتىكى ماقالىسى بولۇشى مۇمكىن، مەن بۇنى 99 ـ يىلىدىكى "قۇتادغۇبىلىك" مەملىكەتلىك مۇھاكىمە يىغىنىدا شۇ كىشىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغان) ئاندىن تايانغۇ بولغان. بۇ يەردىكى تايانغۇ ۋەزىردىن يۇقىرى ئورۇندىكى بىر ۋەزىپە بولۇپ، پادىشاھتىنلا كېيىن تۇرىدىغانلىقى مەلۇم .

دېمەك، مەھمۇد قەشقەرىينىڭ خان جەمەتىگە ئەڭ يېقىن بىر كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم، شۇنداق دېسەك خاتالاشمايمىزكى، قاراخانىيلار خانى قايسى مىللەتتىن بولسا، مەھمۇد قەشقەرىيمۇ شۇ مىللەتتىن. ئۇنداقتا يۈسۈپ خاس ھاجىپچۇ؟

بۈگۈنكى كۈندە غەرب، بولۇپمۇ ئامېرىكا مەيلى قانداق مىللەتتىن بولمىسۇن، خەلق كىمنى سايلىسا شۇنى دۆلەت باشلىقى ياكى ئۇنىڭ كەينىدىكى مۇھىم ئەمەللەرگە قويۇدۇ. لېكىن مانا موشۇنداق يۈكسەك دېموكراتىيىدىمۇ ئامېرىكا تارىخىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىنگلىز مىللىتىدىن بولمىغان كوئىن پوۋىل بىلەن كوندرودا رايىستىن ئىبارەت ئىككىلا كىشى چىقتى. تېخى بىرەر ئەرەب دۆلىتىگە تۈركنىڭ پادىشاھ بولغانلىقى، قازاقىستانغا نوپۇسى كۆپ بولغان روسلاردىن باشلىق بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بۈگۈنكى دېموكراتىك جەمئىيەتتىمۇ باشقا مىللەتنى دۆلەتنىڭ يادرولۇق ئورنىغا چىقىرىدىغان ئىش يوقيۇ، ئاشۇ فېئوداللىق جەمئىيەتتە خان جەمەتىگە يات بىركىمنى دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشىغا قويارمۇ؟

توغرا، قورال كۈچى بىلەن بېسىۋالسا، ئىمپېرىيە قۇرۇۋالسا، ھاكىيەتنى ئۆزرۈۋەتسە بۇ باشقا گەپ. ستالىندەك روسقا سىڭىپ كەتسىمۇ باشقا گەپ.

ـ 2تىل نۇقتىسىدىن ئىسپاتلاش.

قۇچۇدىن تېپىلغان ھۆججەتلەر بىلەن "دىۋان" ۋە "بىلىك" نىڭ تىل پەرقى بۈگۈنكى ئۇيغۇرتىلىنىڭ شىۋىلىرىدىكى پەرقچىلىكلا ئىكەنلىكىنى تىلشۇناسلار ئىسپاتلاپ بولدى. بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، مىرسۇلتان ئوسمان، خەمىت تۆمۈر، ئىبراھىم مۇتىىي .... قاتارلىقلارنىڭ ئەمگەكلىرىدىن كۆرۈۋالغايسىز. بۇ ئالىملار بىردەك "قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى بىلەن قاراخانىيلارنىڭ> خاقانىيە تىلى <بىر ئۇيغۇر تىلىدۇر!" دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغان .

دېمەك، قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە قولىمىزدا پولاتتەك پاكىت بار.

ـ 840 ـ 3يىلىدىن بۇرۇنمۇ تارىم ۋادىسى، يەنى "شىنجاڭ" دا ئۇيغۇرلار ئاساسلىق مىللەت ئىدى. ئەگەر بۇ ھۆكۈمدىن سەللا قايساق "ماڭ ، ئاناڭنىڭ مازىرىغا بار!" دېگەنگە لايىق بوپ

قالىمىز! ئوشۇق گەپ ئېشەككە يۈك! بىزنىڭ تارىختىن نۇمۇس قىلىدىغان، خۇدۇكسىرەيدىغان يېرىمىز يوق !

پان تېگىن ئۇيغۇرلارنى ئۈچ يول بويىچە بۇ زېمىندىكى قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلگەن بولۇپ، ئەگەر "شىنجاڭ" دا باشقا بىر مىللەت ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان بولسا، ئەڭ كامىدىمۇ مۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقاتتى:

(1ئۆتتۈكەندە ئۇرۇشتا يېڭىلگەن ئۇيغۇرلارنى سىغدۇرمايتتى، ھەتتا ئۇرۇشۇپ يەنە مەغلۇب قىلاتتى، لېكىن بۇنداق خاتىرە يوق.

10 (2يىلدىن 30 يىلغىچە بولغان قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بۇ زېمىندىكى ھۆكۈمران مىللەت (ئاتالمىش ئۇيغۇر بولمىغان باشقا بىرسى (نى ئاسىملاتسىيە (قوشۇۋېلىش) مۇمكىن ئەمەس. ھەم بۇنچە تېز دۆلەت قۇرۇش زادىلا مۇمكىن ئەمەس. قاراڭ، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك كۆپ دۆلەت قىسىملىرى كۈچ جەھەتتىن ئۆزگە نىسبەتەن چۆمۈلدەك كېلىدىغان ئىراقتا نەچچە يىلدىن بېرى تېخى بىر مۇستەھكەم ھۆكۈمەت قۇرالمايۋاتىدۇ. مىللەت سۈپىتىدە كۆچۈپ كەلسىغۇ ئەسلى باش ئاغرىقى!

(3ئۆتكەنكى مەھمۇد قەشقەرىي مەركىسىدە تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى بىر ئاكىمىز ماڭا توردىن گېرمانىيىدە ساقلانغان ئىككى قەدىمكى ھۆججەتنىڭ مەلۇماتىنى ئېيتتى. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ بىرى، ئۇرقۇن ۋادىسىدىن تۇرپانغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا "تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارغا پالانچە-پوكۇنچى راھىبلارنى ئەۋەتتۇق" دېيىلگەن، يەنە بىرىدە "ئۇرقۇن ئۇيغۇرلىرىغا پالانچە-پوكۇنچى راھىبلارنى ئەۋەتتۇق" دېيىلگەن. ("راھىب" دېگەننى بۇددا دىنىغىلا باغلاپ چۈشەنمىگەيسىز) بۇ ئۈچۈرنى ئاڭلىغان پەرىدە خانىم ئۇنى "مىراس "ژۇرنىلىغا باسىدىغانلىقىنى دېدى. كېيىن قانداق بولدۇ ، بۇنى بىلمەيمەن .

-3مەھمۇد قەشقەرىي "ئوپال"، "ئازىغ" دېگەن ئىككى نامغا "بىزنىڭ يۇرتنىڭ ئېتى" دەپ ئىزاھ بەرگەن. پاكىت بۇنىڭ قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ بۈگۈنكى داچىغا تەڭ كېلىدىغان بىر ماكانى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. ئۇنداقتا، بۇ ئىككى ئالىمنى باشقا مىللەت دەپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن قەشقەر، جۈملىدىن ئوپال ئاھالىسىنىڭ باشقا مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش كېرەك.

---

قىستۇرما:

نەۋائىي ئۆزبېكمۇ؟

بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر نەچچە پاكىتنى ئىسپاتلاش كېرەك:

1 - نەۋائىي دەۋرىدە "ئۆزبېك" مىللىتى؛

2-تارىخى رەشىدى" دىكى "نىزامىدىن ئەلىشىرنىڭ دادىسى كىچىك ئاخۇن ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن ئىدى" دېگەن پاكىتنى يىقىتىش كېرەك.

-3غەيرەتجان ئوسماننىڭ "مۇنبەر" دە ئېلان قىلغان "تەلقىنلىق سۆھبەت" تىدىكى "نەۋائىي شەكسىزكى ئۇيغۇر!" دېگەن پولاتتەك پاكىتلىق ماقالىسىدىكى بىر تالاي سوئاللارغا جاۋاب بېرىشى، كۆرسەتكەن پاكىتلىرىنى يىقىتىشى كېرەك.

نوپۇزلۇق تەتقىقاتچى، پەقەت پاكىتلا سۆزلەش بىلەن مەشھۇر بولغان غەيرەتجان ئوسماننىڭ بۇ ماقالىسىدا ناھايىتى كۆپ ئۈچۈرلار بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ماڭا دېيىشىچە، غەيرەتجان ئوسمان "مەن بۇ ماقالىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭىغا، يەنە بىرىنى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە، يەنە بىرىنى ئۆزبېكىستاندىكى نوپۇزلۇق ژۇرنالغا ئەۋەتىمەن" دېگەنىكەن، يەنە بىرەيلەن بۇلتۇر ماڭا" بۇنى مەخسۇس بىر كىتاب قىلىپ چىقىرىمەن" دېگەنىدى. شۇنى ئوقۇغان ۋە ئېسىدە قالغانلار" مۇنبەر"نىڭ قايسى يىللىق ، قانچىنچى سان ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويغان بولساڭلار. شۇ ماقالىدە "ئۇيغۇر ئۆزبېكنى پاتۇرمىدى" دېگەن بەدنامغا، "تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئالىمى دېسەك بولمىدىمۇ؟" دېگەن گەپلەرگە بەك تاتلىق جاۋاب بار!

سوئال: بۇلارنى "تۈرك" دېسەكلا بولمىدىمۇ؟

جاۋاب: بۇ سوئالنى سوراشتىن بۇرۇن :" بۇخىل ھۆكۈمنى تۈركىيەدىكى بىر قىسىم ئالىملاردىن باشقا يەنە قايسى دۆلەت ئالىملىرى قوللايدۇ؟" دېگەن سوئالنى سوراڭ .سەل نېرىغا ئۆتسەڭىز "دۇنيادىكى 200 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايون ھۆكۈمەتلىرىدىن بىرەرسى موشۇنداق بىر ھۆكۈمنى ئېتىراپ قىلامدۇ؟ ئەڭ مۇھىمى ھۆكۈمىتىمىز قامۇسلىرىدا، دەرسلىكلىرىدە "ئۇيغۇر ئالىمى" دەپ ھۆكۈم چىقارغان، ئېتىراپ قىلمىسا، ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم ئېغىزىمنى تاتلىق قىلىپ يۈرەمدىمەن؟" دېگەن سوئالنى سورايلى. ئاندىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىي، نەۋائىي قاتارلىقلارنى "بىزنىڭ مىللەتتىن" دەپ ئۇششۇقلۇق قىلغانلار" تۈركىي خەقلەرنىڭ" دېگەننى ئېتىراپ قىلسا، ئاندىن ھەق ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلار" ئۇيغۇر، شۇنداقلا بارلىق تۈركىي تىللىق خەقلەرگە مەنسۇپ ئالىم" دېگەن جاۋابنى ئويلىشىپ بېقىشى مۇمكىن.

يەنە قوشۇمچە: ئۆتكەندە مەھمۇد قەشقەرىي مەربىكىسىدە ئاتاغلىق ئالىم مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم چوڭ يىغىندا ماقالە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، سىرتتا بىرمۇنچە كىشىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ يۈقىرىقى ئىككى ئالىمنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئىبىن سىنا، بولۇپمۇ فارابىينىڭ مىللىتىنىڭ ئۇيغۇرلىقى ھەققىدە ناھايىتى كۈچلۈك پاكىتلار بىلەن سۆزلىگەنىدى. ئەپسۇسكى، بۇ كاتتا ئالىم سۆزنى ناھايىتى تېز قىلىدىغان بولغاچقا بۇ يەرگە يازغۇدەك ئېنىق كۆچۈرمە ئېسىمدە قالمىدى. شۇنداقلا ئۇ كىشى يەنە ئەرەب زېمىنلىرىدا ياشىغان نۇرغۇن مەشھۇر ئالىملار ھەققىدىمۇ توختالغان، بەلكىم بۇلارنى ماقالە قىلىپ نەشر قىلىشى مۇمكىن.

---

سوئال: بىز نېمىشقا ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىمىز؟

جاۋاب:

ـ 1خەق تالىشىپ ئارام بەرمىدى.

ـ 2ھەممىلا جايدا ئۆزىنى كەمسىتىشتىن قۇتۇلالمايۋاتقان بىر كىچىك بالا ئۈچۈن ، دادىسىنىڭ تېگى پەس ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇرۇش، "داداڭ ئېسىل ئادەم ئىدى، سەن تۇخۇمىدىن دۆتلەردىن ئەمەس، داداڭدەك ئېسىل بولغىن "دېيىش بىلەن موشۇ بالىنى "تېگىنىڭ تايىنى يوق، زادى بىر قەلەندەرنىڭ بالىسى ئىدى" دېگەننىڭ ئىككىسىدىن قايسى موشۇ بالىنىڭ كېيىنكى پىسخىكىسى( روھى) ۋە تەرەققىياتىغا پايدىلىق؟

قىسقىسى، تارىخنى ئۆزگەرتىش ـ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت.
ئەمدى مۇھىم ئەسكەرتىش :
" ـ 1پالانچە ئۇيغۇر ئىدى" دېگەنلىك مىللەتچىلىك ئەمەس، بەلكى جۇڭگودا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ " جۇڭگو ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىي" ، " جۇڭگو ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ" دېيىلدى ۋە مۇناسىۋەتلىك يىغىن پىلاكاتلىرى موشۇنداق بولدى، پارتىيە، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى موشۇنداق سۆزلىدى، پارتىيە، ھۆكۈمەت گېزىت ـ ژۇرناللىرى موشۇنداق باستى. ئەكسىنى دېيىش، يەنى "تۈرك ئىدى" دېيىش ئۆلگەن پانتۈركىسىزمنىڭ جەسەدىسگە ۋارىسلىق قىلغانلىق بولۇپ، بۈگۈنكى دۇنيادا ھېچكىم ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. خىيالىي ئۇقۇملار ئۈچۈن ئاۋارە بولغاننىڭ ھېچ پايدىسى يوق.
ـ 2بۇنداق يازمىلارنىڭ يېزىلىشى "ئەجدادلار مىراسلىرىنى ياستۇق قىلىپ، خورەك تارتىپ يات" دېگەنلىك ئەمەس. مەيلى مەتبۇئات، مەيلى تودا بولسۇن" ئىككى كىتابنى ياستۇق قىلىپ يېتىش" دېگەن گەپنى دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى "قۇتادغۇ بىلىك" بىلەن "تۈركىي تىللار دىۋانى" نى ئوقۇغان، تەتقىق قىلغانلار ئەمەس .
قىسقىسى، مەقسەت ـ ئۇلۇغ، توغرا، شەرەپلىك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەر كۈنى دېگۈدەك تەكىتلەۋاتقان " ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان مىللىي روھنى جەۋلان قىلىش" ، " ئۈچ مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى" نى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە بالدۇرراق ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت .
ئىزدىنىش توردىن قىسمەن قىسقارتىلىپ يوللاندى

# تۈركى تىللار دىۋانى تىپىلىپ بىسىلىشى

بوستانغا يوللىغۇچى : ئەلتېكىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تۈركىيىلىك مەشھۇر تۈركىلوگ م.شاكىر ئۈلكۈتاشىرنىڭ(بۈيۈك تىلچى مەھمۇت قەشقەرى)ناملىق ئەسرىدە تۈركى تىللاردىۋانىنىڭ تېپىلىشى ۋە نەشر قىلىنىش ئەھۋالى ناھايىتى قىزىقارلىق تونۇشتۇرۇلغان ،مەھمۇت قەشقەرى ۋە تۈركى تىللار دىۋانىغا قىزىقىقۇچى دوستلارغا ياردىمى تېگەر دىگەن ئۈمىدتە بۇ ماقالىنىڭ ئەسلى تېكىستىنى دوستلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم.

)تۈركى تىللار دىۋانى)نىڭ تېپىلىپ بېسىلىشى

تىل ئىلمى جەھەتتىكى بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ يورۇققا چىقىشى ۋە بېسىلىشى ھەققىدە بىزگە ئەڭ توغرا ۋەئەڭ تەپسىلى مەلۇمات بەرگۈچى كىلىسلىلىق ئوقۇتقۇچى رىفات بىلگەدۇر .رىفات بىلگە(تۈركى تىللار دىۋانى)نىڭ بېسىلىشىغا نازارەتقىلغان ،تەھرىرلىكنى ئىشلىگەن ۋە بۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى .(تۈركى تىللار دىۋانى)نىڭ بۇنەشرى ياۋرۇپا ئىلىم دۇنياسىدا (كىلىسلى نەشرى )دەپ داڭق چىقارغان . بىروككېلمان>>: كىلىسلى تەرىپىدىن نەشرقىلىنغان بۇ نەشر ماتىرىيالىنىڭ پېشلىقى ۋە قىيىنلىق جەھەتتە ئۆز زامانى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇكەممەل بىر فىلولوگىيەۋەقەسى ئىدى <<دېگەندى.

ئۇستازىمىز رىفات بىلگە كېيىنكى زامانلاردا>> يېقى ساباھ<<گېزىتىدە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلىنى ئېلان قىلىپ ،>>تۈركى تىللار دىۋانى<<نىڭ قانداق تېپىلغانلىقى ۋە قانداق بېسىلغانلىقىنى تەپسىلى چۈشەندۈردى .ئەمدى بىز رىفات بىلگەنىڭ يازغانلىرىنى كۆرۈپ چىقايلى.
>>تۈركى تىللار دىۋانى<< ۋە ئەلى ئەمىر ئەپەندى دىۋان يولىدا قارا باباكوچىسىنىڭ بېشىدا >دىيار بەكىر قىرائەتخانىسى<ناملىق بىر قىرائەتخانا بار ئىدى .دىيار بەكىرلىك ئەلى ئەمىر ئەپەندى بۇ يەرنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق خېرىدارى ئىدى.بۇزات بۇ يەرگە ھەركۈنى كەچقۇرۇنلىقى كېلەتتى ۋە يېرىم كېچىگىچە ئولتۇراتتى،دوستلىرى بىلەن كۆرۈشەتتى،سۆزلىشەتتى،كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ پارماققاپىدىكى ئۆيىگە كېتەتتى . بۇ ئەپەندى بويتاق ئىدى .ئىشكىنى ئۆزى ئېتەتتى ،ئۆزى ئاچاتتى ،ھاياتىنى ئوقۇشقىلا بېغىشلىغانىدى.

ئۇ ھەر خىل ئەسەرلەنى ئوقۇش بىلەن بىللە،كۆپرەك ئوسمانلى تارىخى بىلەن شۇغۇللىناتتى.مېڭىسى قالتىس ئىشلەيتى.

ئوقۇغان نەرسىلىرىنى ئۇنتمايتتى ھەم ئۇنتالمايتتى .

_يۈزمىڭدەك تۈركچە بېيتنى يادقا بىلىمەن،_دەيتتى ئۇ.

مەن بىر قېتىم ئۇنى ئەدەپ بىلەن سىناپ كۆردۈم.قايسىبىرشائىرنىڭ غەزىلىدىن بىر مىسرانى ئېيتىپ:

_بۇمىسرا كىمنىڭ بولغىيدى ؟_دەپ سورىۋىدىم ،ئۇ كۈلۈپ كەتتى:

_مەندىن ئىمتاھان ئالماقچىمۇسەن؟بۇ پالانىنىڭ شېئىرى،ئاخىرى مۇنداق ۋە پۈتۈن شېئىرى مۇنداق...._دەپلا يادلاپ بەردى .

مەن ئەلى ئەمىر ھەققىدە ئۇزۇن بىر تەرجىمھال يازماقچىمەن .شۇڭلاشقا يەنىلا مەسلىنىڭ ئۆزىگە

كېلەي:
مالى 1333 (مىلادى1916ـيىلى) ئىدى .بىركۈنى ئاخشىمى يەنە شۇ قىرائەتخانىغا يىغىلدۇق.تارىختىن ،ئەدەبىياتتىن ئانچە ـمۇنچە پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن ئەلى ئەمىر ئەپەندى :ـ بەيلەر ،ئەپەندىلەر ،بۇ كىچە سىلەردىن بىر نەرسە سورايمەن،ـ دەپ قالدى.
ـمەرھەممەت ،ـدېيىشتۇق .ئۇ:
>>ـدىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك>>ـ<<. تۈركى تىللار دىۋانى<<ناملىق بىر كىتابنى كۆردىڭلارمۇ ياكى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ـ
دەپ سورىدى.
دەسلەپتە جاۋابنى مەن بەردىم:
ـكىتابنىڭ ئۆزىنى كۆرمىدىم .بىراق كاتىپ چەلەبى بۇ كىتابنى كۆرۈپتۇ ۋە>>كەشفۇز زۇنۇن<<دىگەن كىتاۋىدا ئۇ توغرىسىدا يېزىپتۇ ،ـدېدىم.
كېيىن ئارىف بەي ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرى«ئەرەبچە تارىخلارنىڭ بىرىدە بۇ كىتابنىڭ ئىسمىنى كۆرگەنىدۇق»دېيىشتى .شۇچاغدا ئەلى ئەمىر ئەپەندى فۇزۇلىنىڭ شۇ مىسراسىنى ئوقۇدى:
ئەيلەدىم تەتقىق،كۆرگەن ئادەم يوق شۇجانانىمنى ،
سۆزلەش پۇرستى بىزگە كەلگەنىدى ،شۇڭا ھەممىمىز بىر ئېغىزدىن سورىدۇق:
ـسىز كۆردىڭىزمۇ ؟
بۇ سوئالىمىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ كەتتى،ئۆزىگە خاس قىياپەتتە ئېچىلىپ ـيېيىلىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە كېيىن:
ـنىمە دەۋاتىسلەر ،ئاللاھنىڭ ھىممىتى بىلەن بۇگۈن شۇ كىتابىق ئىگە بولدۇم ،ـ دېدى . ھەممىمىز ئۇنى تەبرىكلىدۇق.
ئۇنى قانداق قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى،كىمدىن ئالغانلىقىنى سورىدۇق.
ـئادىتىم بويىچەھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كىتابپۇرۇشلار بازىرىغا بېرىپ ،بىرەر نەرسلەر كېلىپ قالدىمۇ؟دەپ سورايمەن .تۈنۈگۈنمۇ شۇ يەرگە باردىم.
كىتابچى بۇرھان بەينىڭ دۇكىنىغا كىرىپ ئولتۇردۇم ،>>بىرەر نەرسە بارمۇ؟<<دەپ سورىۋىدىم:
ـبىر كىتاب بار ،ئەمما ئىگىسى 30لىرا(30تىللا)غا ساتىمەن دەيدۇ .بۇ كىتاب قولۇمغا تەگكىلى ئىككى ھەپتە بولدى.
مەن بۇنى قىممەت باھاغا ئېلىشى مۇمكىن، دەپ مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ئەمرۇللا ئەپەندىگە ئېلىپ باردىم . ئۇ مائارىپچىلار جەمئىيىتىگەھاۋالە قىلدى .جەمئىيەت تەتقىق قىلىپ بېقىش ئۈچۈن بىر ھەپتە بېرىپ تۇرۇشنى سورىدى ،
مەنمۇ قوشۇلدۇم .بىر ھەپتىدىن كېيىن بارسام10>> لىرا بېرەيلى<< دېدى .مەن>> كىتاب مېنىڭ ئەمەس ،باشقا بىرىنىڭ ،30لىرادىن بىرلىرا كەم بولسىمۇ بولمايدۇ<< دېدىم .ئۇلار>>:بىز 30لىراغا بىر كۇتۇپخانا سېتىپ ئالالايمىز،
مەيلى كىتابنى ئالمايمىز<< دەپ كىتابنى قايتۇرۇپ بەردى .كىتابنىڭ ئىگىسى بىلەن پۈتۈشكەن ۋاقتىمىز ئەتە توشىدۇ.

ئەتىلىككە كىتابنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرمەن .قاراپ بېقىڭ ،ئەگەر سىزگە ياراپ قالسا ،سىزلا ئېلىڭ_!

دېدى.

كىتابنى قولۇمغا ئېلىش بىلەنلا ئۆزۈمنى يوقۇتۇپ قويدۇم .ئۇ ھېلىغۇ 30لىرا ئىكەن ،30مىڭ لىراغىمۇ ئەرزىيدىغان بىر كىتاب ،دۇنيادا تەڭدىشى يوق،باھاسى يوق بىر تۈرك قامۇسى،تۈرك تىلى گىرامماتىكىسى ،دېگىن .لېكىن مەن كىتاب پۇرۇشنى چۆچۈتىۋەتمەسلىك ،ئۇ ھەددىدىن ئېشىۋېلىپ كىتابنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۋالماسلىقى ئۈچۈن خېلى تىرەجەپ باقتىم :قالايمىقان چېچىلىپ كەتكەن بىر ئەسەر ئىكەن،ھەممىسى مۇشۇمىدۇ ياكى كەم ۋاراقلىرى بارمىدۇ؟

يازغۇچى قەشقەرلىك بىرى ئىكەن.بۇ ئادەم زادى كىم ،ئۇ نىمە قىلىدىغان ئادەم؟بۇلار نامەلۇم،ھېلىقىدەك سېرىق ئۆتۈكلۈك مەھمۇد ئاغا...مەيلى نىمە بولمىسۇن،بىر ئەسەر ئىكەن ،مائارىپ نازارىتى10لىرا دىگەن بولسا ،مەن 15 لىرا بېرەي_دېدىم.

_ياق، بولمايدۇ،ساڭا دىگەندەك بۇ مېنىڭ ئەمەس ،مېنىڭ بولسا ئىدى ،ساڭا بېرىۋېتەتتىم. ئىگىسى چوقۇم 30لىراغا ساتىمەن ،دەيدۇ .ئەگەر ئالمىساڭ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىمەن ،_دېدى كىتابپۇرۇش.

_ئىگىسى كىم ؟_دەپ سورىۋېدىم ،

ياشانغان بىر خانىم،كونا مالىيە نازىرى نازىف پاشانىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرى .پاشا بۇكىتابنى ئۇ خانىمغا بەرگەندە>>:قارا ،مەن ساڭا بىر كىتاب بېرىمەن ،ياخشى ساقلا! قىسىلىپ قالساڭ كىتابپۇرۇشلارغا ئاپىرىپ سات .30ئالتۇن لىراغا يارايدۇ ،بىر پۇل كەم بولسا بولمايدۇ<<! دەپتىكەن .30لىرا دېگەن بۇسۆز بۇ خانىمنىڭ قۇيۇلۇپ قاپتىكەن .بولمىسا ئۇ بىر بىچارە خوتۇن ئىكەن ،ئالساڭ بىر ئايالغا قىلغان ياخشىلىقىڭ بولۇپ قالىدۇ ،_دېدى.

_شۇنداق ،ئەمدى ئىشنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەردى.بىر ئايالغا ياخشىلىق قىلىش ساۋاب .خوپ ،قوبۇل قىلدىم ،_دېدىم_دە،كىتابنى ئالدىم.

لېكىن شۇزامان>>: يېنىمدا ئارانلا 15لىرا پۇلۇم بار .ئۆيگە بېرىپ پۇل ئەپكىلەي ،دېسەم ،كىتاب دۇكاندا قالىدۇ ،باشقا بىرى كېلىپ كىتابنى سورىسا ،كىتابپۇرۇش كۆپرەك پۇل تەمە قىلىپ ئۇنىڭغا بۇ كىتابنى كۆرسىتىدۇ .ئۇ ئادەم كىتابنى ئېلىپ كېتىدۇ،كىتابنىڭ پۇلىنىڭ يېرىمىنى بېرىپ ،يېرىمىنىڭ ئەتە بېرەي دېسەم ئۇنىمايدۇ ،دەپ ئويلۇدۇم ۋە ئىچىمدە ،>>ئاللاھ ئىگەم ،ماڭا بىر دوست ئەۋەتكىن ،ماڭا ياردەم قىلسۇن ،مېنى بۇ كىتابتىن ئايرىما<<! دەپ ئاللاھقا يالۋۇردۇم. ئىككى مىنۇتتىن كېيىن كونا دوستلىرىمدىن دارىلاۋنۇننىڭ ئەدەبىيات مۇئەللىمى فائىك رىشات بەي دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى.

ئۇنى دەرھال چاقىردىم ۋە ئاستاغىنە: « يائاللاھ ،ماڭا 20لىرا بېرىپ تۇر »دېدىم .ئۇ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ10 لىرا چىقىرىپ،ماڭا بەردى ۋە>>قالغىنىنى ھازىر ئۆيگە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەپكىلەي »دېدى.مەن كىتابچىنىڭ دۇكىنىدا خوشاللىقىمنى زورىغا بېسىپ ئولتۇردۇم.

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن فائىك رىشات بەي كەلدى ۋە پۇلنى بەردى .30لىرانى كىتابپۇرۇش بۇرھان بەيگە بەردىم .بۇرھان بەي:

_مېنىڭ نېسۋەم يوقمۇ ؟_دېدى.

ئۇنىڭغا ئۈچ لىرا بەردىم ـ دە ،خوشلاشتىم،دۇكاندىن چىقتۇق .رىشات بەي بىلەن گەپلەشكەچ بازاردىن چىقىپ كەتتۇق .لېكىن ئارقىمىزغا قاراپ قوياتتىم،چۈنكى ،>>ئەجەبا،بۇرهان بەي كىتابنى ساتقىنىغا پۇشايمان قىلىپ ،ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلەرمۇ ؟<<دەپ قورقاتتىم .دېگەن بىلەن ئۇ ئارقىمىزدىن كەلمىدى.

ئاخىر>> ئۇھ ،ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈر<< دېدىم.

كىتابنى ئېلىپ ئۆيگە كەلدىم .يېپىشنى،ئېچىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدۇم .بىر نەچچە سائەت ئانالىز قىلىش بىلەن ئاۋارە بولدۇم .دوستلار ،سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى،بۇ كىتاب ئەمەس ،تۈركىستان مەملىكىتىدۇر ،تۈركىستانلا ئەمەس ،پۈتۈن جاھاندۇر.تۈركىي خەلقلەر ،تۈركى تىللار بۇ كىتابنىڭ سايىسىدا باشقىچە روناق تاپىدۇ .ئەرەب تىلى ئۈچۈن سەيىبىۋەيىنىنىڭ كىتابى قانچىلىك قىممەتلىك بولسا ،بۇ كىتاب تۈركى تىللار ئۈچۈن شۇنچىلىك قىممەتلىكتۇر .تۈركىي تىللاردا هازىرغىچە بۇنىڭدەك بىر كىتاب يېزىلمىغان . بۇ كىتابقا ھەقىقى باھا قويۇشقا توغرا كەلسە ،جاھاننىڭ خەزىنىلىرى كار قىلمايدۇ.

بۇ كىتاب بىلەن ھەزرىتى يۈسۈپ ئارىسىدا بىر ئوخشاشلىق بار .يۈسۈپنى قېرىنداشلىرى بىر قانچە تەڭگىگە سېتىشتى ،بىراق ئۇ كېيىن مىسىردا ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ گۆھەرگە سېتىلدى .بۇكىتابنىمۇ بۇرهان ماڭا 30لىراغا ساتتى. بىراق مان بۇنى بىر نەچچە ھەسسە ئېغىرلىقتىكى ئالماس ،بىرلىيانتقىمۇ بەرمەيمەن...

# ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى - قۇجۇ

بوستانغا يوللىغۇچى: ياۋۇز

ئاپتورى:جاڭ گۇاڭدا

**1.** قۇجۇ

تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي قىسىم رايونىغا جايلاشقان تۇرپان رايونىنىڭ يەر كۆلىمى **50147** كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى **4050** كۋادرات كىلومېتىر يەر دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. تۇرپاندىكى ئەڭ پەس جاي ئايدىڭ كۆل دېڭىز يۈزىدىن **156** مېتىر پەستە بولۇپ، جەنۇپ تەرىپى چۆل تاغ بىلەن، شىمال تەرىپى بوغدا تېغى بىلەن چېگرىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەگرى ـ بۈگرى ئېگىز ـ پەس تاغلارغا يىللار بويى يىغىلغان قار ـ مۇزلار ئېرىگەندىن كېيىن ئويمانلىقنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسمىلىرىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارنى سۇغۇرىدۇ. ئاستانە كەنتىنىڭ شىمالى ۋە يارغول قەدىمقى شەھرىنىڭ خەندەكلىرىدىن بايقالغان تاش قوراللار ۋە ساپال بۇيۇملار بۇ يەردە تۆت مىڭ يىللار بۇرۇنلا ئىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بېرى بۇ مۇنبەت، گۈزەل ھەم ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا ناھايىتى ماس كېلىدىغان بۇ بوستانلىقنىڭ نامى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ كەلگەن.

بۇ رايوننىڭ پايدىلىق تەبئىي مۇھىتى ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئورنى نۇرغۇنلىغان ئۇلۇسلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىدىغان ئورنى بولۇپ قالغان. قوشلار (车师人) تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىلەر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ؛ ئۇلارمۇ قارا شەھەردىكى ئاگنىلىقلارغا (焉耆人) ئوخشاش ھىندى ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ بىر خىل شىۋىسىدە سۆزلەشكەن بولۇشى مۇمكىن. سى ماچيەننىڭ « تارىخى خاتىرىلەر » ۋە بەن گۇنىڭ « خەننامە » دىگەن ئەسىرىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قوشلار ” كىگىز چېدىرلاردا ئولتۇرۇپ، ئوت سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈيدىغان ھەم تېرىقچىلىق قىلىشنى بىلىدىغان “ خەلق ئىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى **200** ـ يىلى تۇرپان شىمالدا ” ئوقيالىق چەۋەنداز “ بولغان ھۇنلارنىڭ **3000** كىشىلىك بىر قەبىلىسى بىلەن ») تارىخى خاتىرىلەر» **123** ـ جىلد «پەرغانە تەزكىرىسى»)، جەنۇپتا بۇ رايوندىكى ئەسلى ئاھالىلەر قۇرغان شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن چېگرىلىناتتى، شەرقتە چاڭئەننى (ھازىرقى شىئەن شەھرى) مەركەز قىلغان غەربىي (ئالدىنقى) خەن سۇلالىسى ( مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ـ **206** يىلدىن مىلادىيە **24** ـ يىلغىچە مەۋجۇت بولغان) بىلەن چېگرىلانغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى **108** ـ يىلى خەن سۇلالىسى جاۋ پونۇنى **700** كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئەۋەتىپ قوشنى بويسۇندۇرغان① . لېكىن قوشلار ئولتۇرۇشلۇق بولغان تۇرپان رايونى يەنىلا ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرىۋاتقان بولۇپ، بۇ ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى **99** ـ يىلدىن **60** ـ يىلغىچە بولغان بۇ مەزگىل، جۇڭگو تارىخىدا ” قوشنى بەش قېتىم تارتىۋېلىش “ دەپ ئاتالغان (« خەننامە » **96** ـ جىلد « غەربىي يۇرت تەزكىرىسى »). ئەڭ ئاخىرىدا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى **60** ـ يىلى خەن سۇلالىسى بۇ رايوننى تارتىۋېلىپ، جېڭ جىنى غەربىي يۇرتنىڭ تۇنجى قورۇقچى بەگلىكىگە تەيىنلىدى.

شۇندىن كېيىنكى 70 يىلدا خەن سۇلالىسى بۇ رايوننى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇردى ھەم ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى بۇ رايوندا كۆرۈنەرلىك ئىز قالدۇردى. بۇ رايون " ئالدى قوش" ۋە " ئارقا قوش"قا بۆلۈنىدىغان بولۇپ، ئالدى قوش يارغولنى مەركەز قىلغان ھالدا ئويمانلىقتا جايلاشقان بولۇپ، ئارقا قوش بولسا تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي تارمىقى بولغان بوغدا تېغىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 48 ـ يىلى خەن سۇلالىسى ھازىرقى شىنجاڭدىكى تۇرپاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى ئالدى قوش دۆلىتىدىكى قۇجۇدا(高昌ۋۇجى) چېرىكچى بېگى تەسىس قىلغان② . ۋۇجى چېرىكچى بېگىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئالدى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلىش، ئاندىن قالسا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى قوشۇنلىرى ۋە بۇ رايونلار ئارىسىدا مېڭىپ يۈرىدىغان ئەلچىلىرىنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەش ئىدى. يۈەنشى يىللىرىدا (مىلادىيە 1 ـ 5 ـ يىللار)، ۋۇجى چېرىكچى بېگى شۇ يۇنىڭ " يېڭى شىمالىي يول " نى ئېچىشى بىلەن، دۇنخۇاڭدىكى چېگرا ئېغىزى بولغان قاش قوۋۇقتىن قوشقىچە بولغان ئارىلىق زور دەرىجىدە قىسقاردى③ . قۇمۇلدىن ئۆتۈدىغان بۇ بىۋاستە يولنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تۇرپان خەنزۇلارغا نىسبەتەن بۇرۇنقىدىنمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى.

مىلادىيە Ⅰ ئەسىردە، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار تۇرپاننى كۆپ قېتىم نۆۋەتلىشىپ كونترول قىلدى. مىلادىيە 73 ـ يىلىدىن كېيىن، بولۇپمۇ شەرقىي (كېيىنكى (خەن (مىلادىيە 24 ـ يىلىدىن 220 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولغان) سۇلالىسى سەركەردىسى بەن چاۋ پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىنى خەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، قوش يەنە بىر قېتىم خەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىردى. قوشنىڭ بويسۇندۇرۇلىشى بىلەن شەرقى خەن سۇلالىسى ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا 60 يىل بولغان قورۇقچى بەگ بىلەن ۋۇجى چېرىكچى بېگىنى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈردى. تېخىمۇ كۆپ خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى بۇ رايونغا ئورۇنلىشىپ، يېڭىدىن ئېچىلغان زېمىن تېخىمۇ كېڭەيدى .بەن چاۋنىڭ ئوغلى بەن يۇڭ 123 ـ يىلى غەربىي يۇرتنىڭ دورغاپلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىنى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىدىكى، قۇجۇدىن ئانچە يىراق بولمىغان لۈكچۈنگە ئورۇنلاشتۇردى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە خېشى كارىدورىدىن كەلگەن خەن سۇلالىسىدىكى خەنزۇلار تەدرىجى ھالدا قوشلار بىلەن ئارىلىششقا باشلىدى .ساۋ جەمەتى قۇرغان ۋېي سۇلالىسى (مىلادىيە 220 ـ 265 ـ يىللار) ۋە غەربىي جىن سۇلالىسى) مىلادىيە 265 ـ 316 ـ يىللار) دەۋرىدە، ۋۇجى چېرىكچى بېگىنىڭ " ئەمىنلەشتۈرۈش " سىياسىتىنىڭ داۋاملىششىنىڭ تۈرتكىسىدە قوش بەگلىكى ئاساسىي جەھەتتىن جۇڭگوغا سادىق بولۇپ كەلدى، ۋېي جىن دەۋرلىرىدە " قۇجۇ لەشكەرلىرى " دەپ ئاتالغانلار بەلكىم قوشلار بىلەن خەنزۇ كۆچمەنلىرىدىن تەشكىللەنگەن يەرلىك قوشۇن بولۇشى مۇمكىن.

قۇجۇ ئايمىقى دەۋرى (مىلادىيە 327 ـ 460 ـ يىللار)

ـ 316يىلى غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن جۇڭگونىڭ كۆچلىرىنىڭ بۆلۈنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 327 ـ يىلى يەرلىك ھاكىمىيەت ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىدىكى جاڭ جۈن

قۇجۇنى ئىگەللەپ، تۇرپاننى يالغۇز ئىگەللىۋالماقچى بولغان ۋۇجى چېرىكچى بەگ جاۋ جېنى تىرىك تۇتىۋالدى. شۇ يىلى جاڭ جۇن قۇجۇدا ئايماق تەسىس قىلىپ قۇجۇ ۋە لۈكچۈننى باشقۇردى. تۇرپان ئويمانلىقى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ئالدىنقى لياڭنىڭ بىر ئايمىقى بولۇپ قالدى. خېشى كارىدورىدىكى ھاكىمىيەت ئالمىشىشقا ئەگىشىپ، بۇ ئايماقنىڭ ھاكىمىيىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. خاندانلىقلارنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئالمىشىشى بىلەن 439 ـ يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى (386 ـ 534 ـ يىللار) شىمالىي لياڭ سۇلالىسىنى (397 ـ 439 ـ يىللار) مەغلۇپ قىلدى. شىمالىي لياڭنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ۋۇ ۋېي بىر تۈمەن تۈتۈندىن ئارتۇق پۇقرالارنى باشلاپ دۇنخۇاڭ ئارقىلىق غەرپكە كۆچۈپ پىشامشانغا كەلدى. 442 ـ يىلى ۋۇ ۋېي قۇجۇنى ئىگەللەپ كېيىنكى يىلى ئۆزىنى لياڭ پادىشاھى دەپ ئاتاپ خېشى كارىدورىدا مۇستەقىل بولغان يەرلىك ھاكىمىيەت قۇردى.

ـ 448يىلى ۋۇ ۋېينىڭ قېرىندىشى ئەن جۇ يارغولنى كونترول قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئالدىنقى قوش ھاكىمىيىتىنى يوقاتتى؛ قوشلارنىڭ قالغان ئادەملىرى غەرپكە كۆچۈپ ئاگنىغا كەتتى. شۇندىن باشلاپ تۇرپاننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىيارغولدىن قۇجۇغا يۆتكەلدى. خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ تۇرپان رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان قوشلارمۇ شۇندىن باشلاپ تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى. 460 ـ يىلى ، ئەن جۇ④ جۇجانلارنىڭ بىر قېتىملىق تاجاۋۇزىدا ئۆلتۈرۈلدى. بىر تۈمەن تۈتۈندىن ئارتۇق خەنزۇ ئاھالىسى قۇجۇدا ئولتۇراقلاشقانلىقتىن ھاكىمىيەت ئاساسى موگغۇل ئىگىزلىكىدە بولغان جۇجانلار بۇ يەرگە بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى تەسلىكنى بايقىغاچقا، بىر قورچاق خەنزۇ پادىشاھ خەن بوجۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى⑤ . خەن بوجۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ پادىشاھ ئاتىلىش دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

گەرچە تۇرپان ئويمانلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىدىكى ناھايىتى يىراق يەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خېشى يەرلىك ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قۇجۇ ئايمىقى دەۋرىدە، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي تۈزۈلمىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكى بىلەن ئوخشايتتى. مەسىلەن، ئېسىلزادا پومشىچىكلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە دەۋر سۈرىۋاتقان چاغدا، باي ھەم قۇدرەتلىك جەمەتلەرمۇ تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇندىن باشقا ۋۇجى چېرىكچى بەگ تۈزۈمىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەسىرى ئارقىسىدا، ھەربىيلەر بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ ئورنىدا ئانچە چوڭ پەرق مەۋجۇت بولمىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئاۋام خەلق ۋە ھەربىيلەر چاقىرىق ياكى ئەۋەتىلىش بىلەن يەرلىك خەلق بىلەن بىرلىكتە قۇجۇ ئايمىقىنىڭ قوشۇنىنى تەشكىل قىلىپ، چېگرا رايونلارنى قوغداش ۋە يول، ئۆستەڭ قۇرۇپ تۇرپاننى تەرەققى قىلدۇردى ۋە گۈللەندۈردى.

قۇجۇ خانلىقى دەۋرى (460 ـ 640 ـ يىللار(

ـ 460يىلى جۇجانلار يۆلەپ قۇرغان خەن جەمەتى بىر قورچاق ھاكىمىيەت ئىدى. 485 ـ يىلى ئىچكى توقۇنۇش جۇجانلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىۋەتتى، قۇجۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى. لېكىن ھەر خىل كۈچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر يەنى جۇجانلار، قاڭقىللار ۋە ئېفتالىتلار قۇجۇنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تالاشتى، خەن جەمەتىنىڭ مۇستەقىللىقى

ناھايىتى قىسقا بولدى. 491 ـ يىلى يايلاق دۆنياسىدىكى بىر قۇدرەتلىك مىللەت قاغقىللار بۇ ھاكىمىيەتنى يوقاتتى. قۇجۇ خانلىقىغا دۇنخۇاڭلىق جاڭ مېڭمىڭ قۇجۇ خانى بولدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن جاڭ مېڭمىڭ ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ما رۇ خان بولدى. ما رۇ ئۇزۇن ۋاقىت قۇجۇدا قاملىپ قالالغاچقا 497 ـ يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ خانلىقنى ئىچكىرىگە كۆچۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ يەرلىك خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى .قاغقىللار ما رۇنى ئۆلتۈرۈپ، چۇ جيانى خان قىلىپ تىكلەپ قۇجۇنى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى. چۇجيا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن قۇرۇپ چىققان قۇجۇ خانلىقى گەرچە دائىم دىگىدەك شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر پاراكەندىچىلىكى ۋە ھوقۇق تالاشقۇچىلارنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرغان بولسىمۇ 138 يىل (502 ـ 640 ـ يىللار) مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

چۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قۇجۇنىڭ زېمىنى شەرقتىن غەرپكە 300 چاقىرىم، جەنۇپتىن شىمالغا 500 چاقىرىم (《جۇنامە》 50 ـ جىلد «قۇجۇ تەزكىرىسى (»بولۇپ، 8000 تۈتۈن ئاھالە بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىسى تەخمىنەن 30 مىڭ ئىدى. قۇجۇ غەربىي يۇرتتىكى بوستانلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك، مەدەنىيىتى ئەڭ ئىلغار بولغان شەھەر دۆلىتى ئىدى. يېقىنقى يىللاردا ئالىملارنىڭ تۇرپاندىن بايقالغان ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە نۇرغۇنلىغان يىلنامىلەر ( يۇەنخې، چېڭپىڭ، لوڭشىڭ قاتارلىقلار) جۇڭگونىڭ رەسمىي تارىخىدا كۆرۈلمەيدۇ، بۇ بايقالمىلار قۇجۇ خانلىقى دەۋرىدىكى بىر قاتار سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىقلاشقا پايدىلىق. تەپسىلى ئىلمىي تەتقىقاتلارغا ئاساسلىنىپ چۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قۇجۇ خانلىقىنىڭ يىلنامىسىنى رەتلەپ چىقىش مۇمكىن.⑥

بۇ خانلىق بايلىق، ھوقۇق ۋە ئۆزئارا تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتى بار يەرلىك جەمەتلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان ئىدى. چۇ جەمەتىدىن باشقا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان جەمەتلەردىن جاڭ جەمەتى، فەن جەمەتى، يىن جەمەتى، ما جەمەتى، شى جەمەتى ۋە شىن جەمەتى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ دەۋرنىڭ باشلىرىدا قۇجۇدىن ئىبارەت بۇ كىچىك دۆلەت قاغقىللارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇراتتى .تۈرك خانلىقى ئۇزلۇكسىز قۇدرەت تېپىپ، جۇجانلارنى بويسۇندۇرۇپ، شىمالدىكى چۆللۈك رايوننى كونترول قىلدى. قۇجۇ خانلىقىمۇ تۈرك خانلىقىغا يېقىنلاشقاچقا بىرنەچچە تۈرك شاھزادىلىرى قۇجۇ خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن نىكاھلاندى. لېكىن VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈرك خانلىقى ئاجىزلىششقا باشلاپ قۇجۇدا تۇرا قەبىلىلىرى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقتى.

چۇ بويا ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە قۇجۇ خانلىقى بىلەن سۈي سۇلالىسى (581 ـ 618 ـ يىللار) يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، خەنزۇلاشتۇرۇش سىياستىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىجرا قىلدى. بۇ باشقا چوڭ جەمەتلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىسيانچىلارنىڭ ھاكىمىيىتى 6 يىل داۋاملاشتى، كېيىن جاڭ جەمەتىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا چۇ جەمەتى قايتا تىرىلدى، جاڭ جەمەتى ئەۋلاتمۇ ئەۋلات قۇدىلىشىش نەتىجىسىدە چۇ جەمەتى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. تاڭ سۇلالىسى ـ 618 ـ 907) يىللار) شىمال ۋە غەرپتىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئۈستىدىن بىرقاتار ھەربىي غەلبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ 630 ـ يىلى شەرقىي تۈرك

خانلىقنى يوقاتتى. ئەسلىدە شەرقىي تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولغان قۇمۇل ( ئىۋىرغول)دىكى 7 شەھەر تاڭ سۇلالىسىگە قوشۇلدى. قۇجۇ خانى چۇ ۋېنتەي ئۆزىنىڭ خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتا ئىكەنلىكى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەرپكە يۈرۈش قىلىشتەك قارا نىيىتىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن غەربىي تۈركلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇردى. لېكىن تاڭ سۇلالىسى ھۇجۇم قىلغان چاغدا غەربىي تۈركلەر ئاۋال تەسلىم بولدى؛ 640 ـ يىلى قۇجۇ خانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىمۇ بويسۇندى. 100 يىلدىن ئارتۇق داۋاملىشىپ، 10 نەچچە ئەۋلات داۋاملاشقان چۇ جەمەتىنىڭ قۇجۇدىكى ھۆكۈمرانلىقى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي ئايماق تەسىس قىلىپ، يارغولدا ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى .⑦شۇندىن كېيىنكى 152 يىلدا (640 ـ 792 ـ يىللار) تۇرپان تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى.

قۇجۇ خانلىقى دەۋرى (460 ـ 640 ـ يىللار(

ـ 460يىلى جۇجانلار يۆلەپ قۇرغان خەن جەمەتى بىر قورچاق ھاكىمىيەت ئىدى.485 ـ يىلى ئىچكى توقۇنۇش جۇجانلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىۋەتتى، قۇجۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى. لېكىن ھەر خىل كۈچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر يەنى جۇجانلار، قاڭقىللار ۋە ئېفتالىتلار قۇجۇنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تالاشتى، خەن جەمەتىنىڭ مۇستەقىللىقى ناھايىتى قىسقا بولدى. 491 ـ يىلى يايلاق دۇنياسىدىكى بىر قۇدرەتلىك مىللەت قاڭقىللار بۇ ھاكىمىيەتنى يوقاتتى. قۇجۇ خانلىقىغا دۇنخۇاڭلىق جاڭ مېڭمىڭ قۇجۇ خانى بولدى.بىرنەچچە يىلدىن كېيىن جاڭ مېڭمىڭ ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ما رۇ خان بولدى. ما رۇ ئۇزۇن ۋاقىت قۇجۇدا قاملىپ قالغاچقا 497 ـ يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ خانلىقنى ئىچكىرىگە كۆچۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ يەرلىك خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى .قاڭقىللار ما رۇنى ئۆلتۈرۈپ، چۇ جيانى خان قىلىپ تىكلەپ قۇجۇنى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى. چۇجيا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن قۇرۇپ چىققان قۇجۇ خانلىقى گەرچە دائىم دىگىدەك شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر پاراكەندىچىلىكى ۋە ھوقۇق تالاشقۇچىلارنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرغان بولسىمۇ 138 يىل (502 ـ 640 ـ يىللار) مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

چۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قۇجۇنىڭ زېمىنى شەرقتىن غەرپكە 300 چاقىرىم، جەنۇپتىن شىمالغا 500 چاقىرىم («جۇنامە» 50 ـ جىلد «قۇجۇ تەزكىرىسى («بولۇپ، 8000 تۇتۇن ئاھالە بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىسى تەخمىنەن 30 مىڭ ئىدى. قۇجۇ غەربىي يۇرتتىكى بوستانلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك، مەدەنىيىتى ئەڭ ئىلغار بولغان شەھەر دۆلىتى ئىدى. يېقىنقى يىللاردا ئالىملارنىڭ تۇرپاندىن بايقالغان ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە نۇرغۇنلىغان يىلنامىلەر ( يۈەنخې، چېڭپىڭ، لوڭشىڭ قاتارلىقلار) جۇڭگونىڭ رەسمىي تارىخىدا كۆرۈلمەيدۇ، بۇ بايقالمىلار قۇجۇ خانلىقى دەۋرىدىكى بىر قاتار سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىقلاشقا پايدىلىق. تەپسىلى ئىلمىي تەتقىقاتلارغا ئاساسلىنىپ چۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قۇجۇ خانلىقىنىڭ يىلنامىسىنى رەتلەپ چىقىش مۇمكىن.⑥

بۇ خانلىق بايلىق، ھوقۇق ۋە ئۆزئارا تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتى بار يەرلىك جەمەتلەر تەرىپىدىن

كونترول قىلىنغان ئىدى. چۇ جەمەتىدىن باشقا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان جەمەتلەردىن جاڭ جەمەتى، فەن جەمەتى، يىن جەمەتى، ما جەمەتى، شى جەمەتى ۋە شىن جەمەتى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ دەۋرنىڭ باشلىرىدا قۇجۇدىن ئىبارەت بۇ كىچىك دۆلەت قاڭقللارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇراتتى .تۈرك خانلىقى ئۇزلۇكسىز قۇدرەت تېپىپ، جۇجانلارنى بويسۇندۇرۇپ، شىمالدىكى چۆللۈك رايوننى كونترول قىلدى. قۇجۇ خانلىقمۇ تۈرك خانلىقىغا بېقىنغاچقا بىرنەچچە تۈرك شاھزادىلىرى قۇجۇ خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن نىكاھلاندى. لېكىن VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈرك خانلىقى ئاجىزلىششقا باشلاپ قۇجۇدا تۇرا قەبىلىلىرى هۆكۈمران ئورۇنغا چىقتى.

چۇ بويا هۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە قۇجۇ خانلىقى بىلەن سۇي سۇلالىسى (581 ـ 618 ـ يىللار) يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، خەنزۇلاشتۇرۇش سىياستىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىجرا قىلدى. بۇ باشقا چوڭ جەمەتلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىسيانچىلارنىڭ هاكىمىيىتى 6 يىل داۋاملاشتى، كېيىن جاڭ جەمەتىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا چۇ جەمەتى قايتا تىرىلدى، جاڭ جەمەتى ئەۋلاتمۇ ئەۋلات قۇدىلىشىش نەتىجىسىدە چۇ جەمەتى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. تاڭ سۇلالىسى ـ907 ـ 618) يىللار) شىمال ۋە غەرىپتىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئۈستىدىن بىرقاتار ھەربىي غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ 630 ـ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقىنى يوقاتتى. ئەسلىدە شەرقىي تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولغان قۇمۇل ( ئىۋىرغول)دىكى 7 شەھەر تاڭ سۇلالىسىگە قوشۇلدى. قۇجۇ خانى چۇ ۋېنتەي ئۆزىنىڭ خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتا ئىكەنلىكى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەرپكە يۈرۈش قىلىشتەك قارا نىيىتىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن غەربىي تۈركلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇردى. لېكىن تاڭ سۇلالىسى هۇجۇم قىلغان چاغدا غەربىي تۈركلەر ئاۋال تەسلىم بولدى؛ 640 ـ يىلى قۇجۇ خانلىقىنىڭ هۆكۈمدارلىرىمۇ بويسۇندى. 100 يىلدىن ئارتۇق داۋاملىشىپ، 10 نەچچە ئەۋلات داۋاملاشقان چۇ جەمەتىنىڭ قۇجۇدىكى هۆكۈمرانلىقى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. تاڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى غەربىي ئايماق تەسىس قىلىپ، يارغولدا ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى .⑦شۇندىن كېيىنكى 152 يىلدا (640 ـ 792 ـ يىللار) تۇرپان تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىۋاستە هۆكۈمرانلىقىدا بولدى.

يېقىنقى يىللاردا بايقالغان قۇجۇ پۈتۈكلىرى

روسىيەلىك ئارخېئولوگ . D كلېمېنتز 1898 ـ يىلى تۇرپاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە شۋېتسارىيەنىڭ بىر قاتار ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى بۇ رايونغا كېلىپ ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ باردى. مۇناسىۋەتلىك قېزىش دوكلاتلىرى ناھايىتى بۇرۇنلا نەشردىن چىقىپ كۆپچىلىككە تونۇش بولۇپ كەتكەچكە، بۇ يەردە كۆپ توختالمايمىز⑧ . 1959 ـ يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ئارخېئولوگلىرى قۇجۇ قەدىمقى شەھرىنىڭ شىمالىدىكى قارا خوجا ۋە ئاستانىدىكى قەبرىستانلىق رايونلىرىدا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1959 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە ئېلان قىلىنغان دوكلاتلارغا ئاساسلانغاندا 13 قېتىم چوڭ كۆلەمدە قېزىش ئېلىپ بېرىلىپ 459 .قەدىمقى قەبرە قېزىلغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى 354 ئاستانە قەبرىستانلىق رايونىدىن قېزىلغان. 119 قەبرىنى قېزىش جەريانىدا پۈتۈكلەر بايقالغان. 1586 پارچە خەنزۇچە پۈتۈكلەردىن⑨ ، 403 پارچىسىنىڭ دەۋرى چۇ جەمەتى هۆكۈمرانلىقىدىكى قۇجۇ

خانلىقى دەۋرىنىڭ بولۇپ، 1020 پارچىسى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ. قېزىلغان 300 قەبرە ئابىدىسىنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنى چۇ جەمەتى دەۋرىگە مەنسۇپ. تۇرپاننىڭ كىلىماتى بەكلا قۇرغاق بولغانلىقتىن، بۇ پۈتۈكلەر ناھايىتى ئوبدان ساقلانغان بولۇپ، يېزىقلىرى قارىماققا يېڭىدەكلا كۆرۈنىدۇ. بۇ پۈتۈكلەر بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇش سېپتى بىلەن تۇرپان رايونىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بىر مول خاتىرە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ خانلىق بايلىق، ھوقۇق ۋە ئۆزئارا تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتى بار يەرلىك جەمەتلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان ئىدى. چۇ جەمەتىدىن باشقا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان جەمەتلەردىن جاڭ جەمەتى، فەن جەمەتى، يىن جەمەتى، ما جەمەتى، شى جەمەتى ۋە شىن جەمەتى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ دەۋرىنىڭ باشلىرىدا قوچودىن ئىبارەت بۇ كىچىك دۆلەت قاڭقىللارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇراتتى .تۈرك خانلىقى ئۈزلۈكسىز قۇدرەت تېپىپ، جۇجانلارنى بويسۇندۇرۇپ، شىمالدىكى چۆللۈك رايوننى كونترول قىلدى. قوچو خانلىقمۇ تۈرك خانلىقىغا بېقىنغاچقا بىرنەچچە تۈرك شاھزادىلىرى قوچو خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن نىكاھلاندى. لېكىن VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈرك خانلىقى ئاجىزلىششقا باشلاپ قوچودا تۇرا قەبىلىلىرى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقتى.

چۇ بويىا ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە قوچو خانلىقى بىلەن سۈي سۇلالىسى (581 ـ 618 ـ يىللار) يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، خەنزۇلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىجرا قىلدى. بۇ باشقا چوڭ جەمەتلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىسيانچىلارنىڭ ھاكىمىيىتى 6 يىل داۋاملاشتى، كېيىن جاڭ جەمەتىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا چۇ جەمەتى قايتا تىرىلدى، جاڭ جەمەتى ئەۋلاتمۇ ئەۋلات قۇدىلىشىش نەتىجىسىدە چۇ جەمەتى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. تاڭ سۇلالىسى ـ 907 ـ 618) يىللار) شىمال ۋە غەرپتىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئۈستىدىن بىرقاتار ھەربىي غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ 630 ـ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقىنى يوقاتتى. ئەسلىدە شەرقىي تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولغان قۇمۇل ( ئېۋىرغول)دىكى 7 شەھەر تاڭ سۇلالىسىگە قوشۇلدى. قوچو خانى چۇ ۋېنتەي ئۆزىنىڭ خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتا ئىكەنلىكى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەرپكە يۈرۈش قىلىشتەك قارا نىيىتىدىن قورقانلىقى ئۈچۈن غەربىي تۈركلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇردى. لېكىن تاڭ سۇلالىسى ھۇجۇم قىلغان چاغدا غەربىي تۈركلەر ئاۋال تەسلىم بولدى؛ 640 ـ يىلى قوچو خانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىمۇ بويسۇندى. 100 يىلدىن ئارتۇق داۋاملىشىپ، 10 نەچچە ئەۋلات داۋاملاشقان چۇ جەمەتىنىڭ قوچودىكى ھۆكۈمرانلىقى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي ئايماق تەسىس قىلىپ، يارغولدا ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى .⑦شۇندىن كېيىنكى 152 يىلدا (640 ـ 792 ـ يىللار) تۇرپان تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى.

يېقىنقى يىللاردا بايقالغان قوچو پۈتۈكلىرى

روسىيەلىك ئارخېئولوگ . D كىلېمېنتز 1898 ـ يىلى تۇرپاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە شىۋېتسارىيەنىڭ بىر قاتار ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى بۇ رايونغا كېلىپ ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ باردى. مۇناسىۋەتلىك قېزىش دوكلاتلىرى ناھايىتى

بۇرۇنلا نەشردىن چىقىپ كۆپچىلىككە تونۇش بولۇپ كەتكەچكە، بۇ يەردە كۆپ توختالمايمىز⑧ .
1959 ـ يىلىدىن بۇيان، جۇڭگو ئارخېئولوگلىرى قوجۇ قەدىمقى شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قارا خوجا ۋە ئاستانىدىكى قەبرىستانلىق رايونلىرىدا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.
1959 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان دوكلاتلارغا ئاساسلانغاندا 13 قېتىم چوڭ كۆلەمدە قېزىش ئېلىپ بېرىلىپ 459 .قەدىمقى قەبرە قېزىلغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى 354 ئاستانە قەبرىستانلىق رايونىدىن قېزىلغان. 119 قەبرىنى قېزىش جەريانىدا پۈتۈكلەر بايقالغان. 1586 پارچە خەنزۇچە پۈتۈكلەردىن⑨ ، 403 پارچىسىنىڭ دەۋرى چۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوجۇ خانلىقى دەۋرىنىڭ بولۇپ، 1020 پارچىسى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ. قېزىلغان 300 قەبرە ئابىدىسىنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنى چۇ جەمەتى دەۋرىگە مەنسۇپ. تۇرپاننىڭ كىلىماتى بەكلا قۇرغاق بولغانلىقتىن، بۇ پۈتۈكلەر ناھايىتى ئوبدان ساقلانغان بولۇپ، يېزىقلىرى قارىماققا يېڭىدەكلا كۆرۈنىدۇ. بۇ پۈتۈكلەر بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇش سىپتى بىلەن تۇرپان رايونىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بىر مول خاتىرە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

چۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مەمۇرىي تۈزۈلمە ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇش تۇرپان پۈتۈكلىرى قوجۇ خانلىقىنىڭ مەركىزى، ئايماقلىرى ۋە تېررىتورىيىسى توغرىسىدا بىر پارچە خەرىتە بىلەن تەمىنلەيدۇ. قوجۇ دۆلىتىنىڭ نامى بەلكىم ئۇنىڭ مەركىزىنىڭ نامىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. قوجۇ شەھىرى ئەڭ كەم بولغاندا تۆت رايونغا ئايرىلغان بولۇپ، سېپىلىنىڭ تۆت تەرىپىنىڭ ھەممىسىدە قوۋۇق بار. بۇ قوۋۇقلارنىڭ نامى خەن سۇلالىسى، ۋېي، جىن ۋە شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ پايتەختى لوياڭ ۋە ئون ئالتە پادىشاھلىقنىڭ بىر شەھىرى بولغان گۇزاڭنىڭ (ھازىرقى ۋۇۋېي) قوۋۇقلىرىنىڭ نامى بىلەن ئوخشاش. بۇ ناملار ئوتتۇرا تۈزلەڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.
چۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قوجۇ خانلىقى، قوجۇ ئايمىقى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تۈزۈملىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئايماق ۋە ناھىيە تەسىس قىلغان، يەنە بىر قىسىم ئايماق ناھىيىلەرنى تەسىس قىلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە خېشى كارىدورى ئەتراپىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇرۇقلارنى خاتىرجەم قىلغان. ئىشەنچلىك پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ دەۋرىسكى مەمۇرى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى تۆت ئايماق، 22 ناھىيە ۋە شەھەرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، قوجۇنى مەركەز قىلغان. ئەڭ مۇھىم بولغان ئايماق قوجۇنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەركەز خېڭچۇ ئايمىقى بىلەن قوجۇنىڭ غەربىدىكى سىياسىي مەدەنىيەت مەركىزى، ئالدى قوش دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولغان يار ئايمىقى ئىدى.
بۇ دەۋردە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلار تولۇق ئېچىلىپ، سۇغۇرۇش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن. قوجۇ خانى بارلىق يەرلەرنى ئۆزى بىۋاستە كونترول قىلغان بولۇپ، ھەر قېتىم يەر ۋە ئۈزۈملۈكلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە چوقۇم ئۇنىڭ تەستىقىنى ئېلىش شەرت قىلىنغان. بىرەر ئادەتتىكى ئادەم يەر ياكى ئۈزۈملىكنى بىرەر ئىبادەتخانىغا ھەدىيە قىلماقچى بولسىمۇ خاننىڭ رۇخسىتىنى ئالغان. ھەتتا ئوغلى ئاتىسىنىڭ يېرىگە مىراسلىق قىلىشتىمۇ خاننىڭ ماقۇللىقىدىن

ئۆتكۈزگەن. بۇ ئەھۋاللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يۈرگۈزۈلگەن ھەر بىر ئائىلىنىڭ جان سانىغا قاراپ يەر تەقسىم قىلىپ بېرىش تۈزۈمىنىڭ چوڭ جەمەتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە قوجودا يۈرگۈزۈلمىگەنلىكىنى كۆرستىدۇ.

دەسلەپكى مەزگىللەردە مال ـ مۈلۈكنى ھساپلاش تۈزۈمىدە بىر ئائىلىنىڭ يېرىنىڭ كۆلىمى بىلەن بۇ يەردىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان دانلىق زىرائەتنىڭ مەھسۇلاتىغا سۈندۇرۇلۇپ، شۇ ئارقىلىق بىر ئائىلىنىڭ مال ـ مۈلكى باھالانغان. ھەر بىر ئائىلىنىڭ تۆلەيدىغان بېجى، ھاشرى ۋە ئات سېلىقى مۇشۇ خىل باھالاش ئارقىلىق بېكىتىلگەن. قوجۇ خانلىقى دەۋرىدە باج ـ سېلىق ۋە ھاشار ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن راھىپلارغا پەرقلىق بولغان، راھىپلارنىڭ تۆلەيدىغان بېجى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىگە قارىغاندا ئازراق بولغان بولۇشى مۇمكىن. كۆمۈش پۇل ئارقىلىق تۆلىنىدىغان باجنىڭ مىقدارى يالغۇز يەرنىڭ كۆلىمىگىلا باغلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە يەرنىڭ مۇنبەتلىك دەرىجىسىگىمۇ باغلىق ئىدى. ھەر خىل ھاشارلارنىڭ مىقدارىمۇ ئوخشاش تۈزۈم ئارقىلىق بېكىتىلگەن. شۇ دەۋردە يەنە كۆپ خىل باشقا ئىجارە، ھاشار ۋە سودا بېجى قاتارلىقلار ئېلىنغان. قوجودا سودا ناھايىتى راۋاجلانغان بولۇپ، كۆمۈش پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن .يەر ئىجارىگە بېرىش، ئېلىش ئىشلىرى چوڭ جەمەتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ناھايىتى ئومۇملاشقان. يەر ئىجارىگە ئېلىش بېرىش كېلىشىملىرى ۋە توختامنامىلىرىنىڭ بايقىلىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئىبادەتخانا ساڭراملار ۋە شەخسلەرنىڭ ھەممىسىلا يەرلىرىنى ئىجارىگە بەرگەن.

پۈتۈكلەر ۋە قەبرە ئابىدىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ئاز سانلىق ئېسىلزادە جەمەتلەر تۇرپاننىڭ ھاكىمىيىتىنى مونوپول قىلىۋالغان. مەسىلەن: بايقالغان **300** قەبرە ئابىدىسىنىڭ **68** بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان جاڭ جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان. جاڭ جەمەتىدىكىلەر ئۈچ ئەۋلاتقىچە ئوردىدا مۇھىم ئەمەل تۇتقان بولۇپ، جاڭ جەمەتى قۇدىلىشىش ئارقىلىق چوڭ جەمەتى بىلەن بىرلەشكەن ھەم چوڭ جەمەتىنى يۆلەپ تىرلدۇرگىدەك دەرىجىدە قۇدرەت تاپقان.

ھەرقايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە ئارىلىششى

تۇرپاندا يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن جۇڭگو، ھىندىستان، ئىران ۋە شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىز مەدەنىيىتى قوشۇلدى ۋە ئارىلاشتى. چۈنكى قوجۇ ئايمىقىنىڭ ھەقىقى ئاساسىي جۇڭگولۇق خەنزۇقوشۇنى بىلەن ۋۇجى چېرىكچى بېگى ھۆكۈمرانلىقىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگەچوڭقۇر ئۇچرىغان ئىدى. كېيىن خېشى كارىدورىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر تۇرپاندا ئۆزلىرىنىڭ ئايماقلىرىنى قۇرغاندىن كېيىن خېشى رايونىدىكى يەرلىك ئامىللار بىلەن قوشۇلغان خەنزۇ ۋېي مەدەنىيىتى تۇرپانغا تارقىلىپ كىردى. چوڭ جەمەتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە قوجۇ خانلىقىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسى ۋە ئەمەل مەنسەپلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىلەن ئاساسەن ئوخشاش دىگۈدەك ئىدى⑩ . قەبرىلىرىنىڭ شەكلى، بايقالغان قەبرە ئابىدىلىرى ۋە پۈتۈكلەرمۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرستىپ بېرىدۇ○11. مەسىلەن :ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئىسمى ۋە ئەمەل مەنسەپ نامىمۇ خەنزۇ مەدەنىيىتى شەكلىدە كۆرۈلىدۇ .ئاستانىدىكى قەدىمقى قەبرىستانلىقتىن چىققان شىمالىي لياڭ

دەۋرىدىكى ماۋ خېك، ماۋ چاڭ ئىزاھلىغان « نەزمنامە »نىڭ قالدۇقلىرى كۆڭزىچىلارنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ بۇ يەردە بۇرۇنلا تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.
قۇجۇغا چۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ بەك تارتىدۇ. قۇجۇدىكى چۇ جەمەتىنىڭ تۇنجى خانى چۇ جيا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن بەش دەستۇر، تارىخنامىلەرنى تەلەپ قىلغان ھەم خانلىق بىلىم يۇرتىنىڭ ياردەمچى مۇدەررىسى (« شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى » 97 ـ جىلد، قۇجۇ تەزكىرىسى ) قۇجۇلۇق ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلغان. قۇجۇنىڭ 3 ـ خانى چۇ جيەن ئۆيگە "لۇ بەگلىكلىك ئۆلىما كۆڭزىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپ ئۇنىڭ سىياسىي ئىشلاردا مەسلىھەت سورىغان"(« سۈينامە » 83 ـ جىلد، قۇجۇ تەزكىرىسى) ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رەھىمدىل سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكى ئايان قىلغان . ئاستانىدىكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان كىتابلار يالغۇز كۆڭزىچىلارنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە تارىخ ۋە بىر قىسىم شېئىرلار ھەم « مىڭ خەتلىك دەستۇر »، « جىددىيات » قاتارلىق خەنزۇچە باللار ئوقۇشلۇقلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۇ جەمەتى دەۋرىدە ھۆكۈمران سىنىپلار كۆڭزىچىلار تەلىماتى تەتقىقاتىغا ئاكتىپلىق بىلەن ئىلھام بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولغان. شۇڭا كۆڭزىچىلار تەلىماتى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئاساسلىق ئىدىئولوگىيىسى بولۇپ قالغان.
خانلىقنىڭ ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىمۇ خەنزۇچە يېزىلغان بولۇپ، شەكلى ۋە خەت ئىشلىتىش جەھەتتە خەنزۇلار قۇرغان ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىگە ئوخشايتتى. لېكىن بۇ خانلىقنىڭ يەنە ئۆزىنىڭمۇ مەدەنىيىتى بار ئىدى .ئەسلىي يەرلىك ئاھالىلەر "غۇز يېزىقى" دەپ ئاتىلىدىغان يېزىقنى ئىشلەتەتتى، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئىسپاتلارغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلغاندا، بۇ بەلكىم توخرى A تىلى بولسا كېرەك، بىراق بۇ قاراشنى تەھقىقلەش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمەن بۇ دەۋردە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى غەربتىن كەلگەن بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىدىن چوڭراق ۋە چوڭقۇرراق ئىدى.
تويىن دىنى ۋە ئىلمىي ھېكمەت ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە جۇڭگودا ناھايىتى راۋاجلانغان بولۇپ، قۇجۇغىمۇ تارقىلىپ كىرگەن. ئاستانا قەبرىستانلىقىدىكى 303 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن بايقالغان پۈتۈكلەر بۇ قەبرە ئىگىسىنىڭ تويىن دىنى مۇرىتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ○12.
تۇرپان يېپەك يولىنىڭ مۇھىم لىنىيىسىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇ كۇشان ئېمپىرىيىسى ۋە توخارىستان كەلگەن بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن ساقلىنالمىغان، نۇرغۇنلىغان سانسكرىتچە بۇددا نوملىرى بۇ رايونلاردىن قۇجۇغا تارقىلىپ كىرگەن XX .ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پىروسىيە ۋە باشقا چەتئەل ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى قۇجۇ، يارغول ۋە سىڭگىم ئېغىزلىرىدىكى قەدىمقى شەھەرلەردىن زور مىقداردىكى بۇددا نوملىرىنىڭ قولىيازمىسىنى تاپقان. قۇجۇ ئايىمقى دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يەرلىك راھىبلار سانسكرىتچە بۇددا نوملىرىنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان. بۇددا دىنىنىڭ ترىپىتاكانى تەرجىمە قىلىش ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قەدىمقى مۇندەرىجە (« ئۈچ يۈرۈش نوملار توپلىمى »)نىڭ بىرىنچىچە يېرىدە قۇجۇدىن كەلگەن

راھىپلار تەرجىمە قىلغان سانسكرىتچە بۇددا نومىلىرى تىلغا ئېلىنغان.
چۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە بۇددا دىنى ناھايىتى تېز تەرەققى قىلدى. دەسلەپكى مەزگىلدىكى خانلار يەنى چۇ جيا ۋە چۇ جيەن ئۆزلىرىنى كۆڭزىچى دەپ ھىساپلاشقان ئىدى. كېيىنكى ھۆكۈمرانلار يەنى 7 ـ خان چۇ چيەن بىلەن 9 ـ خان چۇ ۋېنتەيلەر ناھايىتى ئىخلاسمەن بۇددا مۇرىتلىرى ئىدى. بولۇپمۇ چۇ ۋېنتەي ئىخلاسمەنلىكى بىلەن داڭ چىقارغان ئىدى VII . ئەسىردىكى جۇڭگولۇق راھىپ شۈەنزاڭ ھىندىستانغا نوم ئەكىلىش ئۈچۈن ماڭغاندا قوجۇدا تۇرغان ۋە بۇددا نومىلىرىنى تەپسىر قىلغان. شۈەنزاڭ تەپسىر قىلغان چاغدا چۇ ۋېنتەي تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ شۈەنزاڭنى مۇنبەرگە چىقارغان○13.
بۇددا نومىلىرىنى تەرجىمە قىلىشتىن باشقا دىنىي پائالىيەتلەردىن يەنە ئىبادەتخانا ساڭرامىلارنى سېلىش ۋە تاش غارلارنى قېزىشمۇ بولغان 16 .پادىشاھلىق دەۋرىدە (304 ـ 439 ـ يىللار) تاش غارلارنى قېزىش يۇقۇرى پەللىگە يەتكەن .تويۇق ۋە بېزەكلىكتىكى مىڭ ئۆيلەرمۇ مۇشۇ دەۋردە قېزىلغان. ئىبادەتخانا ۋە ساڭرام سالغانلار ۋە بۇتلارنى ياسىغانلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تىكلەنگەن ئابىدىلەر خان جەمەتىنىڭ دىنىي قىزغىنلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. 40 نەچچە ئىبادەتخانا ۋە ساڭرامىلار ئېيىسلزادە جەمەتلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانلىقىمۇ ئۇرۇقلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ زورايغانلىقىنىڭ ئىنكاسى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بۇددا ئىبادەتخانا ساڭرامىلىرىنىڭ جەمەتلەرنىڭ بۇت تەكچىسىگە ئايلىنىشى بۇددا دىنى كۈچى بىلەن قوجۇدىكى ئاقسۆڭەك ئائىلىلەرنىڭ كۈچىنىڭ بىرلەشكەنلىكىنىڭ ئىنكاسى.
»شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى « بىزنى قوجۇلۇقلارنىڭ كىيىم كېچەك تەسۋىرى بىلەن تەمىنلەپ "ئەرلەر غوزچە كىيىنىدۇ، ئاياللىرى قىسقا كۆينەك كىيىپ چېچىنى ئارقىسىغا تۇگىۋالىدۇ" (« شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى » 97 ـ جىلد قوجۇ تەزكىرىسى) دەپ خاتىرىلەنگەن. قورامىغا يەتكەن ئەرلەر" چېچىنى ئارقىسىغا تاراپ، ئۇستىگە تار يەڭلىك چاپان كىيىدۇ"(« لياڭنامە »54 ـ جىلد قوجۇ تەزكىرىسى) يېقىنقى يىللاردا ئاستانىدىكى قەبرىلەرنى قېزىش جەريانىدا يىپەك كىيىملەرنى كىيگەن ئاياللار ۋە چېچىنى چوققىسىغا تۇگىۋالغان ئەرلەر بايقالدى .نۇرغۇنلىغان كىشىلەر يۈزلىرىگە تور تارتىۋالىدىغان بولۇپ، كۆزىگە تورپان پۇتۇكلىرىدە "كۆزلۈك" دەپ ئاتالغان مېتالدىن ياسالغان كۆزەينەك تاقايتتى○14 .يىراقتىكى ۋېنگىرىيەدىكى ياۋرو ـ ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى قەبرىلەردىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر تېپىلغان بولۇپ، بۇ كۆزەينەك ئىشلىتىشنىڭ يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ دەپنە مۇراسىمىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.
كاڭ، ئەن ۋە ساۋ فامىلىلىك كىشىلەر ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىرى زەرەپشان دەرياسى رايونىدىكى سەمەرقەنت بۇخارا ۋە گابداندىن كەلگەن. خەنزۇچە تارىخى ماتىرىياللاردا، بۇ فامىلىلەر ئادەتتە سوغدىيانا رايونىدىكى جاۋۋۇپلارنىڭ" (昭武) توققۇز ئۇرۇقى"غا مەنسۇپ. ئۇلارنىڭ سودىگەرلەرچە چۈەرلىكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىلىدە ياۋرو ـ ئاسىيا تۇزلەڭلىكىدە ئۇلارنىڭ نامىنى چىقىرىۋەتكەن. سوغدىيانالىقلار ياۋروپا بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق سودىسىنىڭ ۋاستىچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنە ھەر خىل دىنلارنىڭ تارقىلىشىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلار بۇددا نومىلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا پائال قاتنىشىپ، زوروئاستىر دىنى ۋە مانى دىنىنى

تارقىتىشتىمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. زوروئاستېر دىنى قوجو ئايمىقى دەۋرىدىلا تۇرپانغا تارقالغان بولۇپ، شۇ يەردىكى ئىلاھ پوجونخوتان ھورموزد بولسا كېرەك. پوتوكلەردە كۆرۈلىدىغان "سابو" دىگەن بو ئونۋان بەلكىم زوروئاستېر دىنىنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بىرەر ئەمەلنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. سوغدىيانالىقلار يەنە مانى دىنىنى تارقىتىشتىمۇ ۋاستىچىلىق قىلغان. تۇرپاندىن سوغدىيانا يېزىقى، ئوتتۇرا ئەسىر پارس يېزىقى، پارفىيە يېزىقى ۋە قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى مانى دىنى ھۆججەتلىرى، ئۇندىن باشقا باكتېرىيە يېزىقىنىڭ پارچىسى ۋە ئىككى پارچە توخرى Bتىلىدىكى پارچىلار بايقالغان○15. لېكىن كۆپ ساندىكى مانى دىنى ھۆججەتلىرى 840 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ئىمپېرىيىسى يىمىرىلىپ تۇرپان رايونىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن.

ـ 840يىلى موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى يەنە بىر كۆچمەن چارۋىچى مىللەت قىرغىزلار تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. مەغلۇپ بولغان 15 ئۇيغۇر قەبىلىسى غەرپكە كۆچۈپ كۇچا، قارا شەھەر ۋە قوجوغا كېلىپ، 850 ـ يىلىنىڭ ئالدى كەينىدە قوجونى مەركەز قىلغان ھالدا تۇرپان ئويمانلىقىدا دۆلەت قۇردى. ئۇيغۇرلار يېڭى زېمىندا كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ۋاز كېچىپ دېھقانچىلىققا ئۆتۈپ، ئولتۇراقلىشىپ ياشاش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار جوڭگو تۈركىستانىنىڭ تۈركلىشىش جەريانىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

بۇرۇنقى دىن ــ مانى دىنى داۋاملىق راۋاجلانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇددا دىنى تەدرىجى ھالدا ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگەللىدى. ئۇيغۇرلار سوغدىيانا يېزىقىغا ئاساسلىنىپ بىر خىل يېڭى ئېلىپبەلىك يېزىقنى ئىجات قىلدى، بۇ يېزىقنى كېيىن موڭغۇللار قوللاندى XX .ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تۇرپان رايونىدا يۇقۇرى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ IX .ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ناھايىتى نۇرغۇن قولىيازمىلار كۆچۈرۈلگەن (24 خىل ئوخشاش بولمىغان يېزىقتا كۆچۈرۈلگەن). سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندى 981 ـ يىلىدىن ـ 984يىلىغىچە قوجونى زىيارەت قىلغاندا، قوجونىڭ مول مەزمۇنلۇق مەدەنىي تۇرمۇشى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

ـ 1209يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارى بارچۇق ئارت تېكىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن چىڭگىزخانغا ئەل بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاسسالى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى موڭغۇللارنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى ئۇستازلىرى بولۇپ موڭغۇللارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى تەشكىللەشكە ياردەملىشىش جەھەتلەردە قىممەتلىك مۇلازىمەتلەرنى قىلدى.

ئىزاھلار:

①ھىرتىس، 1917 ـ يىلى 106 ـ بەت

②ۋۇجى چېرىكچى بەگدىن ئىبارەت بۇ ئەمەل ۋە ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى چاۋاننېسنىڭ ئەسىرىدىن كۆرۈڭ، 1907 ـ يىلى، 154 ـ بەت، 2 ـ ئىزاھ؛ گىۋالسىۋې ۋە لوئېۋېنىڭ ئەسىرى، ـ 1979يىلى، 79 ـ بەت، 63 ـ ئىزاھ

③ستەيىنىنىڭ ئەسىرى، 1921 ـ يىلى 2 ـ توم 705 ـ بەت ۋە تۆۋەندىكى بەتلەردىن كۆرۈڭ؛ 1928 ـ يىلى، 542 ـ ، 571 ـ بەتلەر ۋە داۋامىدىكى بەتلەر.

④گىرۇنۇېدېل ئىدىقۇت شەھىرىدىكى بىر ئىبادەتخانا خارابىسىدىن بايقىغان ـ 469 يىلى خەنزۇ يېزىقىدا ئويۇلغان ئەن جۇغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرە ناھايىتى مەشھۇر .فىرانك بىلەن پېللىئوت بۇ ئابىدىنى سىلىشتۇرۇپ تەقىق قىلغان تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

⑤فىرانك 1907 ـ يىلىدىكى مۇھىم بىر ماقالىسىدا خەنزۇچە تارىخى ماترىياللار، بولۇپمۇ « شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى »دىن V ئەسىردىكى تۇرپانغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم قىزىقارلىق ماترىياللارنى ئۆزئۆندە قىلىپ ئېلىپ شەرھىلىگەن ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

⑥خوۋ شەننىڭ ئەسىرى، 1984 ـ يىلى، 75 ـ بەت

⑦جاڭ گۇاڭدانىڭ ئەسىرى، 1988 ـ يىلى، 81 ـ 87 ـ بەتلەر.

⑧دابۇسىنىڭ ئەسىرى، 1963 ـ بەت

⑨تاڭ چاڭرۇنىڭ ئەسىرى، 1982 ـ يىلى.

⑩خوۋ شەننىڭ ئەسىرى، 1984 ـ يىلى، ـ 74 ـ 52 بەتلەر.

11○ستەيىننىڭ ئەسىرى 1928 ـ يىلى 2 ـ توم، 19 ـ باپ، 668 ـ بەت.

» 12○تۇرپان تېكىستلىرى » 1981 ـ 1987 ـ يىللار، 2 ـ توم، 33 ـ بەت.

13○خۇي لىننىڭ ئەسىرى، 1959 ـ يىلى، 1 ـ باپ؛ يەنە لىتۋىنىسكىنىڭ ئەسىرى 1992 ـ يىلى، 18 ـ باپىغا قاراڭ.

14○ستەيىننىڭ ئەسىرى، 1928 ـ يىلى، 2 ـ توم، 19 ـ باپ، 670 ـ بەت؛ » تۇرپان تېكىستلىرى » 1981 ـ 1987 ـ يىللار، 2 ـ توم، 61 ـ بەت ۋە داۋامىدىكى بەتلەر .يەنە لىتۋىنىسكىنىڭ ئەسىرى 1992 ـ يىلى

15○لىن ۋۇلىننىڭ ئەسىرى، 1987 ـ يىلى، لىتۋىنىسكىنىڭ ئەسىرى 1992 ـ يىلى

ب د ت پەن مەدەنىيەت مائارىپ تەشكىلاتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن >> ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت تارىخى << ناملىق ئەسەرنىڭ 3 ـ تومىدىن تەرجىمە قىلىندى.

ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى

بوستانغا يوللىغۇچى: ياۋۇز
قىزلاسوۋ L. R.

## شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر

مىلادىيە يىلنامىسىنىڭ دەسلەپكى بەش ئەسرىدە، غەرپتە كاسپىي دېڭىزىدىن، شەرقتە جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلىغىچە بولغان ياۋرو ـ ئاسىيا ياي‌لاقلىرىدا خىلمۇ خىل قەبىلىلەر ياشىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ زور كۆپ قىسمى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر ئىدى. نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەر يېرىم كۆچمەن ھالەتتە تۇرىۋاتقان بولۇپ، يەنە بەزى بىرقىسىم قەبىلىلەر چارۋا بېقىش ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، يەنە كالا باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلارمۇ بار ئىدى. ئىقتىسادى جەھەتتىكى بۇ پەرقلەرنى جۇغراپىيىلىك مۇھىت كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، ياي‌لاقتىكى قۇرغاق ئېگىز رايونلاردىن چوڭ دەريالار ۋە كۆللەر بويىدىكى بوستانلىقلارغا سوزۇلغان بولۇپ، پەرق ناھايىتى زور ئىدى.

يازما يادىكارلىقلار، بولۇپمۇ خەنزۇچە ماتېرىياللار بىزنى ياي‌لاقتا ياشىغان بۇ مىللەتلەرنىڭ ئەڭ تەپسىلىي خاتىرىلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى بەش ئەسرىگە تەئەللۇق بولغان قەدىمقى قەبرىلەرنىڭ تېخى تەپسىلى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھېچقانداق يازما ماتېرىياللىرىنىڭ بولماسلىقىدۇر.

كانگىيەلىكلەر

بۇ رايوننىڭ غەربىدىكى ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ مۇقىم بولغان دۆلەت كانگىيەدۇر (« ئاۋېستا »دىكى قەدىمقى كانگا ياكى خەنزۇ مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان كانگىيە ). بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە كانگىيە دۆلىتى قەدىمدە كانگا دەرياسى دەپ ئاتالغان سىر دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمى ۋە ئوتتۇرا ئېقىمى ئارىلىقىدىكى بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغانىكەن①. دەسلەپكى مەزگىللەردە كانگىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھوقۇقى ماۋرائۇننەھىر رايونى ۋە زەرەپشان دەريا جىلغىسىغىچە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شىمالدا بىر قىسىم بېقىندى دۆلەتلىرى بولغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى ئائورسى ئىدى. خەنزۇچە ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا II ئەسىردە ئۇنىڭ ئىسمى ئالان دەپ ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ لېكىن يەنىلا كانگىيەگە تەۋە بولغان②. ئالان كاسپىي دېڭىزى بىلەن ئارال دېڭىزىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى.

ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى بىلەن ئارال دېڭىزىنىڭ ئارىسىدا ياشايدىغان سارماتىئانلار ۋە ئالانلارنىڭ ھەربىي سىياسىي ئىتتىپاقى ئائورسى ـ ئالان دەپ ئاتالغان .ئۇ ئاساسلىقى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان يېرىم كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەردىن تەشكىل تاپقان. خەنزۇچە تارىخى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى كانگىيەلىكلەرنىڭكى بىلەن

ئوخشاش بولۇپ، ئوقياچى چەۋەندازلىرى يۈز مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ دۆلىتىنىڭ ھاۋاسى مۆتىدىل، قارىغاي، ئاق ئوت كۆپ ئۆسىدۇ («كېيىنكى خەننامە» 539 ـ بەت VI ). ئەسىردىكى تارىخى ماترىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئائورسىدىكى ئالان رايونىنىڭ نامى سوغدىيانا دەپ ئۆزگەرتىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ھۇنلار تەرىپىدىن ئىگەللەنگەن (مىلادىيەII ئەسىردە). خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ دۆلەتتىكى ئاھالىلەر دەسلەپتە يەرلىك مەھسۇلاتلار بىلەن سودا قىلغان بولۇپ، 564 ـ يىلى بۇ دۆلەت جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەقدىم قىلغان.

پەرغانىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان كانگىيەنىڭ ئۆزگە نسبەتەن ئېيتقاندا، گەرچە يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چارۋىچى مىللەتلەر كۆپ بولسىمۇ، خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان كۆپ قىسىم كىشىلەر دېھقانچىلىق ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ يەردىكى خەلقلەر ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، شەھەر بازارلارنى قۇرغان، تېرىلغۇ يېرى ۋە باقىدىغان چارۋىسى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسى ھۇنلارغا قارام بولغان. تارىخى ماترىياللاردا ئېيتىلىشىچە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى اI ئەسىردە، ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىشى تۈپەيلىدىن كۆچى ئاجىزلاپ كەتكەن، ئىسيان كۆتۈرگەن بىر ھۇن تەڭرىقۇتى چىچى (قۇتئۇش، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 56 ـ 36 ـ يىللار) قىسقا مۇددەت كانگىيەدە پاناھلىنىپ تۇرغان ۋە شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەن V . ئەسىردىكى تارىخى ماترىياللاردا كانگىيە يەنىلا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بىز VI ئەسىردە ئۇنىڭ تىلغا ئېلىنماي بەش كىچىك خانلىقنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ۋە تارىخى ماترىياللاردا ئۇلارنىڭ " كانگىيەنىڭ بۇرۇنقى ئورنىدا " دەپ تەكىتلەنگەنلىكىنى بايقايمىز.③

ھۇنلار

مىلادىيە II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا، يۇنانلىق يازغۇچى دىئونىسئۇس ۋە پىتولمى كاسپىي دېڭىزى بويىدىكى " سكتىئانلار بىلەن كاسپىئانلار "نى تىلغا ئالغان بايانىدا ھۇنلار كۆرۈنگەن. ئىلمىي ماترىياللاردا دائىم دىگۇدەك I ئەسىردە بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك ھۇن دۆلىتى پارچىلانغان چاغدا غەرىپكە كۆچكەن بىر تارماق ھۇنلار دەل ياۋروپالىقلارنىڭ نەزىرى چۈشكەن ھۇنلارنىڭ دەل ئۆزى شۇ دەپ قارىشىدۇ. بۇ قاراش كەسكىن رىقابەتكە دۇچ كېلىپ XVIII ئەسىردىن بۇيان مۇنازىرە زادىلا تۈگىمىگەن بىر تېما بولۇپ قالدى. رىم تارىخچىسى ئاممىئانۇس مارسېللىنۇسنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ھۇنلاردىن ئىبارەت " بۇ ياۋايى مىللەتنىڭ قەلبىدە باشقىلارنىڭ بايلىقلىرىنى بۇلاپ ـ تالاشتەك كونترول قىلغۇسىز ھەۋەس بولۇپ، ئۇلار توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىلگىرىلەش يولىدا ئەتراپتىكى مىللەتلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ ۋە قىرغىن قىلىپ، ئالانلارنىڭ يېرىگە كەلگەن". ئالانلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئارال دېڭىزى رايونى ۋە ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى رايونلىرىدىن شىمالىي كاۋكاز رايونلىرىغا قېچىپ كەلگەن. لېكىن ئۇلار شۇ يەردىمۇ ھۇنلارغا قارام بولۇپ قېلىپ، ئالانلارنىڭ قوشۇنى ھۇنلارنىڭ قوشۇنىغا قوشۇۋېتىلگەن. ئەرمىنىيەلىك تارىخشۇناسنىڭ ئەسىردە III ۋە IV ئەسىرلەردە كاۋكاز رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ھۇنلار بىلەن بولغان بىر قىسىم

كۆرەشلىرىگە ئائىت يىپ ئۇچلىرى خاتىرىلەنگەن.

IVئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا هۇنلار زور تۈركۈمدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بىر قۇدرەتلىك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلدى ۋە مىلادىيە 375 ـ يىلى ياۋروپاغا بېسىپ كىرىپ شەرقىي گوتلارغا هۇجۇم قىلدى .④ئامىمىئانۇس مارسېللىنۇس هۇنلارنىڭ بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ " .بۇ ياۋايى مىللەتنىڭ هېچنېمىدىن غېمى يوق بولۇپ، قەلبىدە پەقەت باشقىلارنىڭ بايلىقىنى بۇلاپ ـ تالاش ئىشتىياقى يېنىپ تۇراتتى، ئۇلار ئەتراپتىكى مىللەتلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ ۋە قىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ قانلىق يولىنى ئاچتى ..... "⑤. هۇنلارنىڭ قانداق تىلدا سۆزلەشكەنلىكى بىزگە مەلۇم ئەمەس. ئامىمىئانۇس مارسېللىنۇسنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا ئۇلار" قەدىمقى ئەسىرلەردە هېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان " يېڭى بىر قەبىلە ئىدى. لېكىن ئۇ هۇنلارنىڭ ئەشەددىي رەقىبى بولغاچقا، ئۇنىڭ هۇنلار توغرىسىدىكى بايانلىرى ئېغىر هالدا بىرتەرەپلىملىككە ئىگە. لېكىن، بىز ئۇ تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، هۇنلار قوشۇنىنىڭ تەشكىلى تۈزۈلمىسىنىڭ مۇستەهكەم ئىكەنلىكىنى ۋە كۈچلۈك تەهدىت شەكىللەندۈرگەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز. بۇ قوشۇن قىلغانلا ئۇرۇشلىرىدا غەلىبە قىلغاچقا هېچقانداق كۈچ ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسالمىغان.

پەرەزلەرگە ئاساسلانغاندا، غەربتىكى هۇنلارنىڭمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى هۇنلارغا ئوخشاش بىر يۈرۈش ئېنىق بولغان هەربىي ۋە مەمۇرىي سىستېمىسى بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئون، يۈز، مىڭ ۋە تۈمەن بويىچە تەشكىللىگەن، بۇ چەۋەنداز مىللەتنىڭ دەرىجىگە ئايرىلغان هۆكۈمرانلىرى بار ئىدى. ئۇلار مۇهىم ئىشلارنى مەسلىهەتلىشىش ئۈچۈن يىغىلغان چاغدا (ئامىمىئانۇس مارسېللىنۇسنىڭ بايانى) هەممىسى بىر ئورتاق تېما ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇراتتى ....... ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە تېرىلغۇ يەر يوق بولۇپ، هەتتا بىرەر ئادەممۇ ساپاننىڭ دەستىنى تۇتۇپ باقمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇقىم تۇرالغۇسى، ئوچاقلىرى يوق بولۇپ، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ يوق ئىدى، ياكى بىرەر ئولتۇراق تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوللانماي، بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە كۆچۈپ يۈرەتتى، جېنىدىن تويغان كىشىلەردەك هارۋىسىدىن زادىلا ئايرىلمايتتى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشى هارۋىنىڭ ئۈستىدە بولاتتى؛ هارۋىنىڭ ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئۇلارغا ناهايىتى سەت كىيىملەرنى تىكىپ بېرەتتى، ئەرلىرى بىلەن ئەر ـ خوتۇنچىلىق قىلىپ، بالا تۇغاتتى ۋە ئۇلارنى شۇ يەردە چوڭ قىلاتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىدىن سورىسىڭىز ئۆزلىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى دەپ بېرەلەيدىغان بىرەرسىمۇ چىقمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدا تۇرغان چاغدا بىر يەردە تۇرغان بولسا، تۇغۇلغان يېرى تۇرېۋاتقان يېرىدىن ناهايىتى يىراقتا قالغان بولاتتى، ئۇلار چوڭ بولغان يەرلەر تېخىمۇ يىراقتا بولاتتى ...... ئۇلار كاناپ رەختلەردىن كىيىم كىيەتتى، ياكى چاشقان تېرىلىرىدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيەتتى، ئۆيدە ۋە سىرتتا ئوخشاش كىيىم كىيەتتى .... ئۇلار بىر خىل يۇمۇلاق تۇماق كىيىدىغان بولۇپ، چۈپۈرلۈق پۇتلىرىنى قوي تېرىسى ئارقىلىق ئاسرايتتى؛ ئۇلارنىڭ قېلىپسىز تىكىلگەن ئاياقلىرى ئۇلارنىڭ تېز مېڭىشىغا يار بەرمەيتتى.⑥

غەربتىكى هۇنلار ئۆزلىمەي داۋاملاشقان ئۇرۇش ۋە توختىماي كۆچۈپ يۈرۈشتەك هالەتتە ياشىدى. لېكىن ئۇلار ئوتتۇرا ياۋروپاغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن پاننونىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

IVئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، ئاتالمىش ئاق هۇنلار ياكى ئېفتالىتلار ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولدى. بىرقانچە ئالىم ئۇلارنىڭ ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغانلىقىغا ۋە ئارال دېڭىزى رايونلىرىدىن جەنۇپقا كۆچۈپ كەلگەنلىكىگە ئىشىنىشىدۇ. بۇ ئۇرۇشقاق يېرىم كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئىراندىكى ساسانىلار خانلىقى ھەتتا ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا قاتناشقان. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندا بىرنەچچە ئۇششاق خانلىقلارنى قۇردى. سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى رايونلىرىدا ئۇلار بۇرۇن ئولتۇرغان شەھەر بازارلار ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرى بايقالدى .

سىيانپىلار

مىلادىيە 91 ـ يىلى ھون ھۆكۈمرانلىرى جۇڭگو قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ قېچىپ كەتكەچكە يېڭى بىر مىللەت سىيانپىلار ئۇلارنىڭ يېرىگە كۆچۈپ كەلدى، ھونلاردىن قېلىپ قالغان 100 نەچچە مىڭ تۈتۈن ئاھالە ئۆزلىرىنى سىيانپى دەپ ئاتاشتى، شۇنىڭ بىلەن سىيانپىلار تەدرىجى قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى (« كېيىنكى خەننامە ـ 650 « بەت.(

خەنزۇچە تارىخى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، سىيانپىلار ئامۇر دەرياسى ( خېيلۇڭجياڭ دەرياسى) بويىدىكى تاغ ئورمانلىقلاردا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى ئوغانلارنىڭكىگە ئوخشايتتى. پەقەت تويى قىلىشتىن بۇرۇن چېچىنى چۈشۈرۈپ، ئەتىياز مەزگىللىرىدە دەريا بويىغا يىغىلىپ، زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا ئاندىن توي قىلغان بولاتتى. سىيانپىلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بىرنەچچە ھايۋانلىرى بولۇپ، ئۇلار ئوقيانى مۆڭگۈزدىن ياسايتتى .ئۇلارنىڭ يېرىدىن يەنە بۆلۈن، تۈلكە ۋە تىيىن تېرىلىرى كۆپ چىقىدىغان بولۇپ تېرىلىرىنىڭ يۇمشاقلىقى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر ئىدى. تارىخى ماتېرىياللاردىمۇ سىيانپىلارنىڭ كالا، قوي، ئۆچكە ۋە ئات باقىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلارمۇ دائىم دىگۈدەك ئۆزئارا ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ئاتلارنى بۆلىشىپ تۇرغان.

مىلادىيە 177 ـ يىلى جۇڭگو پادىشاھىنىڭ بىر مۇشاۋىرى سىيانپىلار ھەققىدە مۇنداق دىگەن: ھونلار قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، سىيانپىلار قۇدرەت تاپتى ۋە ھونلارنىڭ ئەسلى زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ، 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە بولدى، ئەمەلىي كۈچ قۇدرىتى ۋە ئەقىل پاراستى ئاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتكەل قوۋۇقلارنى باشقۇرۇش چىڭ بولمىغانلىقى، قانۇن ـ پەرمانلارنىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقى سەۋەپلىك، ئوبدان تاۋلانغان مىتاللار، ئالىي سۈپەتلىك تۆمۈر ئەسۋاپلارنىڭ ھەممىسى سىيانپىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى، جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قاچقان خەنلىكلەر ئۇلارغا مەسلىھەتچى بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قورال ياراقلىرىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، جەڭ ئاتلىرىنىڭ ئۈچقۇرلىقى جەھەتتە ھونلاردىن ئېشىپ كەتتى. (« كېيىنكى خەننامە » 661 ـ بەت(

خەن خۇەندى دەۋرىدە (مىلادىيە 146 ـ 148 ـ يىللار)، سىيانپىلارنىڭ ئارىسىدىن بىر دانا رەھبەر يېتىشىپ چىقتى، ئۇنىڭ ئىسمى تان شىخۇەي ئىدى. ئۇ بارلىق كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ نوپۇزىغا بويسۇندۇرۇپ، قانۇن ـ پەرمانلارنى تۈزۈپ، ناھايىتى زور ئەسكىرى كۈچ توپلاپ مىلادىيە 155 ـ يىلى شىمالىي ھونلارنى مەغلۇپ قىلدى.

شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىنىڭ ئاقساقاللىرى ئۇنىڭغا كېلىپ بېقىنىدۇ. جەنۇپتا چېگرا بويىدىكى

ۋىلايەتلەرگە قارىتا بۇلاڭ ـ تالاڭ ئېلىپ بارىدۇ، شىمالدا تۇرالارغا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، شەرقتە فۇيۇكلەرنى چېكىندۇرىدۇ، غەرپتە ئۇيسۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇنلارنىڭ ئەسلىدىكى زېمىننى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىدۇ .ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتىن غەرپكە 14 مىڭ چاقىرىمدىن ئوشۇق بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تاغ ـ دەريالار، كۆل ـ سازلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (« كېيىنكى خەننامە » 657 ـ بەت(

سىيانپىلارنىڭ زېمىنى كېڭەيگەندە غەرپتە ئىلى دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغان ئۇيسۇنلارغىچە، شىمالدا ئالتاي تېغى، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ۋە ئوتتۇرا ئېقىمى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ يېقىن ئەتراپى ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى ئىگەللەپ ياتقان تۇرا قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغىچە يەتكەن.

سىيانپىلار دەۋرىدە، بۇرۇنقى ھۇن دۆلىتى دەۋرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى خاراپلىشىپ جەمىيەت ئارقىغا چېكىنىپ كەتكەن. ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى نۇرغۇنلىغان گۈللەنگەن شەھەر بازارلار ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراق نۇقتىلىرى خاراپلىشىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك چېكىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەركەزلىرى غايىپ بولغان ( ئەڭ بولمىغاندىمۇ سىيانپىلار توغرىسىدىكى بايانلاردا بۇلار تىلغا ئېلىنمىغان.(

ھۇنلار ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەنگەن دەۋرلەردە، ئۇلارنىڭ تەڭرىقۇتى تەڭرىنىڭ ئوغلى دەپ ئاتىلىپ خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرغان. جۇڭگو تارىخچىلىرىمۇ ئۇلارنىڭ دۆلەت كۈچى ۋە ھوقۇق تەرەپلەردىن جۇڭگو بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. سىيانپىلار گۈللەنگەن چاغدىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا خۇەندى خان ئەلچى ئەۋەتىپ تان شىخۇەينى خان دەپ بېكىتكەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن قۇدىلاشماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تان شىخۇەي قوبۇل قىلمىغان.

شەرقى (كېيىنكى) خەن سۇلالىسىنىڭ (مىلادىيە 24 ـ 220 ـ يىللار) تارىخى سىيانپىلارنىڭ چېگرا رايونلارغا ۋە جۇڭگونىڭ تېرىتورىيىسىگە بېسىپ كىرگەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرە ۋە ئاغرىنىش بىلەن تولۇپ كەتكەن. بۇ رايونلار بۇلاڭ ـ تالاڭ، قىرغىنچىلىق ۋە زور تۈركۈمدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەسىر ئېلىنىشى بىلەن خاراپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تارىخى ماتىرىياللارنىڭ بىرىدە بۇ خىل تاجاۋۇزچىلىقنىڭ سەۋەبى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈلگەن:

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق ئىشلىرى ئۇلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان يېمەك ـ ئىچمەك ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. تان شىخۇەي ئۆزى بىۋاستە چارلاشقا چىقىپ، ۋۇخۇچىن دەرياسىنىڭ بىرنەچچە يۈز چاقىرىم سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ سۈيى جىمجىت بولۇپ تېز ئاقمايتتى، ئۇنىڭدا بېلىق كۆپ بولسىمۇ تۇتقىلى بولمايتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ۋولار تور يېيىپ بېلىق تۇتۇشقا ماھىر ئىكەن، شۇڭا لەشكەر تارتىپ شەرقتىكى ۋو خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، مىڭ ئۆيلۈكتىن ئوشۇق ئاھالىسىنى تۇتقۇن قىلدى، ئۇلارنى ۋۇخۇچىن دەرياسى بويىغا كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇپ بېلىق تۇتۇش ئارقىلىق كەم ئاشلىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش توغرىسدا يارلىق چۈشۈردى. (« كېيىنكى خەننامە » 665 ـ بەت(

ناھايىتى ئېنىقكى سىيانپىلار ھەتتا دېھقانچىلىق ياكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئويلاپمۇ قويمىغان. ⑦

سىيانپىلارنىڭ غەرب ۋە شىمالغا كېڭەيگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان ئىسپات يوق. ئۇلار بارلىق تىرىشچانلىقىنى جەنۇبقا يەنى شىمالىي جۇڭگودىكى باي رايونلارغا قاراتقان. مىلادىيە 220 ـ يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقان چاغدا، سىيانپىلار باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەپ لياۋخې دەرياسى ۋادىسىغىچە بارغان، ئۇلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى ( تىبەت مەنبەلىرىدىكى ئازالار) ھەتتا گەنسۇ ۋە چىڭخەيگە كۆچۈپ كەلگەن. مىلادىيە III ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، تۇمەنلىگەن سىيانپىلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكىرى رايونلىرىدىكى باشقا جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ چوڭ توپ مۇرۇڭ، توغبات ۋە يۈۋېن ئىدى.

جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى ھاكىمىيەتلەر

بۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە بولغاچقا شىمالىي جۇڭگودا ئۆزلىرىنىڭ بىرقىسىم خانلىقلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. سىيانپىلار شىمالىي جۇڭگودا قۇرغان ھەرقايسى خانلىقلار ئىچىدە توغباتلارنىڭ رەھبىرى توغبات گۈي قۇرغان شىمالىي ۋېي (مىلادىيە 386 ـ 534 ـ يىللار) ئەڭ قۇدرەتلىك ئىدى. تارىخى ماترىياللارغا ئاساسلانغاندا توغبات گۈي "ئاۋامنى ھاللاندۇرۇپ، دېھقانچىلىققا ئەھمىيەت بەرگەن ."شىمالىي ۋېي خانلىقىدا ياشىغان سىيانپىلار تېز سۈرئەتتە ئائىلە باشلىقى تۈزۈمىدىكى قۇللارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش جەمئىيىتىدىن بىر خىل فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتكەن. ئۇلار كېيىنچە خەنزۇلارغا ئاسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەن.⑧

كېيىنكى ھۇنلارنىڭ ياپيان دۆلىتى تارىخى ماترىياللارغا ئاساسلانغاندا "ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىي شىمالىدا"(ھازىرقى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە) بولۇپ، بۇ شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتىغا تەۋە رايونلارنىڭ بىرسى ئىدى. مىلادىيە 93 ـ يىلى شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى غەربكە كۆچۈپ تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كانگىيەگە بارىدىغان چاغدا:

قېرى ـ چۈرى، ئاغرىق ـ سىلاق، تېنى ئاجىزلار كېتەلمىگەچكە كۈسەنىنىڭ شىمالىدا ماكانلىشىپ قالدى. بۇ جاينىڭ چوڭلۇقى نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ، ئاھالىسى 200 مىڭدىن ئاشىدۇ ....... ئادىتى تىلى قاڭقىللارنىڭكىگە) تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە) ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇلار غۇزلاردىن پاكىز، چېچىنى قىيشى بىلەن تەڭ قىلىپ قىرقىتىدۇ، بېشىغا يىلىم چاپىدۇ، چاچلىرى پارقىراپ تۇرىدۇ .كۈندە ئۈچ قېتىم يۇيۇنىدۇ، ئېغىز چايقاپ ئاندىن غىزا يەيدۇ. (« شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى 430 ـ بەت)

جۇجانلار

ياپيانلار جۇجانلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان. مىلادىيە 449 ـيىلى:

ئۇلار ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتتى ۋە بىر سېھىرگەرنى قوشۇپ ماڭدۇردى. ..... ئۇلار يەنە دۆلىتىمىزدە كاتتا سېھىرگەرلەر بار، جۇجانلار بۇلاڭ ـ تالاڭغا كەلگەندە، سېھىرگەر بىرنەچچە كۈن قار ـ يامغۇر ياغدۇرۇپ، كۆزنى ئاچقىلى بولمايدىغان بوران چىقىرىپ، جۇجانلارنىڭ ئوندىن 2 ـ 3 قىسىم ئادىمىنى مۇزلىتىپ ئۆلتۈرگەن، دېيىشتى. .... شۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى⑨. («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 431 ـ بەت)

جۇجانلار مىلادىيە III ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ مۇستەقىل مىللەت سۈپىتىدە كىشىلەرگە

تونۇلدى. جۇجانلار دائىم دىگۇدەك شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغاچقا، ئۇلار بىلەن توقۇنۇشۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن چۆللۈككە كۆچۈپ تاكى مىلادىيە IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان قاڭقىللارنى بويسۇندۇرغىچە شۇ يەردە ياشىدى. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى سەللان دەۋرىدە خالخا دەرياسى بويىغا كۆچۈپ كەلدى.
ھەربىي تۈزۈمىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: مىڭ ئادەم بىر قۇر بولۇپ، قۇر بېشى تەسىس قىلىنىدۇ؛ 100 ئادەم بىر توپ بولۇپ توپ بېشى تەسىس قىلىنىدۇ. ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ئالدىدا ماڭغانلارغا ئولجا ئالغان ئادەم ۋە نەرسىلەر ئىنئام قىلىنىدۇ، ........ يېڭىلىپ قېچىپ بولمىغاچقا قۇر بېشى ۋە توپ بېشىلار قوشۇننىڭ ئەھۋالىنى قوي مايىقى بىلەن تەخمىنەن ھىساپلايتتى. كېيىن ئىشلارنى ياغاچقا ئويۇپ خاتىرىلەيدىغان بولدى ...... .سەللان كۈچلۈك دەپ ئاتىلىپ، ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ چارۋىچىلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ غەربىي تەرىپى كىنگىت زېمىنى، شەرقى تەرىپى كوگورى زېمىنى، شىمال تەرىپى چۆللۈكتىن ئۆتسە دەشتى ماكان، جەنۇپ تەرىپى گوبى ئىدى. ..... ئۇششاق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ بوۋلاقچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىكىنىڭ دەردىنى تارتتى. شۇنداقتىمۇ مۇناسىۋەتنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارغا بېقىناتتى. شۇنىڭ بىلەن سەللان ئۆزىنى تۇتاي قاغان دەپ ئاتىدى،" تۇتاي" دىگىنى ۋېي سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ تىلىدا تىزگىنلەش، كېڭەيتىش، "قاغان" دېگىنى پادىشاھ دىگەنلىك بولىدۇ. (« شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى » 470 ـ بەت.)
مىلادىيە 400 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە جۇجانلار موڭغۇل ئىگىزلىكىدە بىر كۈچلۈك ئىمپېرىيە قۇردى(مىلادىيە 402 ـ 555 ـ يىللار)○10. مىلادىيە 402 ـ يىلىدىن باشلاپ، جۇجان قوشۇنلىرى دائىم دىگۇدەك جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ تۇردى؛ شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇش جەريانىدا جۇجانلار بىلەن شىمالىي ۋېي ئۆزئارا تىركىشىپ تۇردى V .ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇجانلار سېمىرچىنىسكىدىكى ئۇيسۇنلارغا توختىماستىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى چارۋىچى قەبىلىلەرنى پامىر تاغلىرىغا قوغلىۋەتتى.
خەنزۇچە تارىخى ماترىياللارغا ئاساسلانغاندا، جۇجانلار:
ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ، كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇراتتى، چېچىنى قويۇپ بېرىپ، تار يەڭلىك كىيىم ۋە تار پۇشقاقلىق ئىشتان، ئۇزۇن ئۆتۈك كىيەتتى، ئۇلارنىڭ يەرلىرى ناھايىتى سوغۇق ئىدى. ..... ئۇلارنىڭ دۆلىتىدىكىلەر تەڭرىگە نەزىر ـ چىراق قىلىش ئارقىلىق بوران چىقىرىپ قار ياغدۇرالايتتى، ئالدى بىلەن كۈننى تۇتۇلدۇرسا، ئارقىدىن قۇم ـ شېغىللارنى ئۇچۇراتتى، شۇڭا جەڭدە مەغلۇپ بولسىمۇ، دۈشمەنلىرى ئۇلارغا يېتىشەلمەيتتى.
يەنە بىر تارىخى ئەسەردە خاتىرلىنىشچە:
ئۇلارنىڭ شەھەر سېپىلى يوق ئىدى. ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ مال بېقىپ، كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى، كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇراتتى، نەگە بارسا شۇ يەردە ماكانلىشاتتى. .... تۈزلەڭلىكلەر بىپايان بولغان بىلەن يېڭى ئوت ـ چۆپ كۆرۈنمەيتتى، ھاۋاسى زىمىستان سوغۇق بولغاچقا، ئات ـ كالىلىرى قۇرۇق ئوت ـ چۆپ ۋە قار يەتتى، ئەمما سېمىز ۋە تىمەن ئىدى. بەگلىكىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى ئاددى بولۇپ، يازما ئەمىر ـ پەرمانلىرى يوق دىيەرلىك ئىدى. پەقەت چوڭ

ئىشلارنى ياغاچلارغا بەلگە ئويۇپ خاتىرىلەيتتى. (« سۇڭنامە » 662 ـ 663 ـ بەتلەر(
جۇجانلارنىڭ قاغانى ۋە ئاقسۆڭەكلىرى بۇددا دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا پىششىق بولۇپ، ئېھتىمال مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇددا دىنىغا كىرىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. مىلادىيە 511 ـ يىلى ئۇلار بىر راھىبنى جۇڭگوغا بىر دانە مەرۋايىت قويۇلغان بۇتنى تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن.
خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مۇشۇ مەزگىللەردىن باشلاپ جۇجانلار شەھەر ـ قەلئەلەرنى سېلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇ شەھەرنىڭ نامى مۇمو شەھىرى دەپ ئاتالغان. ھەم تەدرىجى ھالدا خەت تونۇشقا باشلاپ ئالىملار پەيدا بولۇشقا باشلىغان.
شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى بۇ مەزگىلدە بىر قىسىم جۇجانلار ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئىپتىدائىي ماتېرىياللاردا ئۇلارنىڭ قاغانىنىڭ جۇڭگودىن "تېرىق ئۇرۇقى"غا ئېرىشكەنلىكى (تەخمىنەن 10مىڭ كۈرە) قايتا ـ قايتا تىلغا ئېلىنغان. بۇ جۇجانلار جەمىيىتى ۋە دۆلىتىنىڭ تەدرىجى ھالدا چارۋىچىلىقتىن ئولتۇراق دېھقانچىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىغا قاراپ راۋاجلانغانلىقىنى، كىگىز ئۆيلەردىن ئۆي سېلىش ۋە خاتىرىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە قۇرۇلۇشلارنى ياساشقا تەرەققى قىلغانلىقى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن شەھەرلەرگە قاراپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېزىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇردى، بۇددىزىم تەلىماتلىرىمۇ ناھايىتى راۋاجلاندى.
جۇجان دۆلىتىنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكى شۈبھىسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قانداق تىلدا سۆزلەشكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان ئېنىق ئىسپات يوق .قەدىمقى تارىخى ماتېرىياللاردا جۇجانلار ھۇنلارنىڭ بىر تارمىقى دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن، جۇجانلارنىڭ تىلىنىمۇ ھۇنلارنىڭ تىلى بىلەن بىر تىل تۈركۈمگە مەنسۇپ دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ (ھۇنلارنىڭ قايسى تىلدا سۆزلەشكەنلىكىمۇ كىشىلەرگە مەلۇم ئەمەس .(بەزى ئالىملار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇجانلار بىلەن VI ئەسىردە شەرقتىن ياۋروپاغا بارغان ئاۋارلارنى بىر ـ بىرىگە باغلايدۇ. بىر خىل كەڭ تارقالغان، لېكىن ئىسپاتلانمىغان، ھەم ئىسپاتلاشقا مۇمكىن بولمايدىغان قاراشقا ئاساسلانغاندا ئاۋارلار بىر خىل تۈركى تىلدا سۆزلەشكەنىكەن.
جۇجانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، شىمالىي جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىنى قوغداشقا ماقۇل بولۇپ، شىمالىي جۇڭگودىكى خانلىقلار بىلەن قۇدىلىشىپ ئىتتىپاق تۈزگەن. مىلادىيە 538 ـ يىلى جۇجان قاغانى ئايناغاينىڭ قىزى غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ (مىلادىيە 535 ـ 556 ـ يىللار) خانىشى بولغان. مىلادىيە 534 ـ يىلى شەرقىي ۋېي خانلىقىنىڭ (مىلادىيە 534 ـ 550 ـ يىللار) بىر مەلىكىسى ئايناغايغا ياتلىق قىلىنغان. (« شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى » دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا شەرقىي ۋېي سۇلالىسى چاڭشەن تۆرىسىنىڭ سىڭلىسى لېئەن مەلىكىنى لەنلىڭ مەلىكە دەپ ئۆزگەرتىپ ئايناغاينىڭ چوڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلغان. 502 ـ بەت)
545 ـ يىلى شەرقىي ۋېينىڭ ھەقىقى ھۆكۈمرانى ئايناغاينىڭ يەنە بىر قىزىنى ئەمرىگە ئالدى. شىمالىي جۇڭگونىڭ چېگرىلىرى شۇنىڭ بىلەن نىسپىي ھالدا تىنچلاندى .جۇجانلارنىڭ بۇرۇن جۇڭگوغا قاراتقان ئۇرۇشلىرى خانلىقنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ئىقتىسادىي بايلىقىنى خورىتىپ، ئىچكى قىسىمدىكى توپىلاڭ ۋە بېقىندى دۆلەتلەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى كەلتۈرۈپ

چىقاردى.

تۈركلەر

جۇجانلارغا بويسۇنغان مىللەتلەر ئىچىدىكى، ئالتاي تېغىدا تۆرۈشلۈق بولغان، جۇجانلارنى تۆمۈر، سايمان ۋە قورال ـ ياراق قاتارلىق تۆمۈر بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەيدىغان تۈركلەر VI ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ناھايىتى قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى. تۈركلەر بۇ چاغدا تۇرالار ( 50 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق) بىلەن بىرلىشىپ، كۈچى تېخىمۇ زورىيىپ غەلبىنى قولغا كەلتۈردى. مىلادىيە 552 ـ يىلى جۇجانلارنىڭ قاغانى ئايناغاي تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى[11]. مىلادىيە 555 ـ يىلىدىن بۇرۇن، تۈركلەر ۋە جۇڭگولۇقلار جۇڭگوغا ۋە غەرپكە كۆچۈپ ئارال دېڭىزى بويىغا كەتكەن جۇجانلارنى زور تۈركۈملەپ قىرغىن قىلدى .يېڭى بىر دۆلەت ـ ـ ـ تۈرك خانلىقى (552 ـ 630 ـ يىللار ۋە 683 ـ 745 ـ يىللار) موڭغۇل ئېگىزلىكىدە قۇرۇلدى.

دەل مۇشۇ چاغدا، تۈركلەر تەرىپىدىن قوغلانغان ئاۋارلار تۇنجى قېتىم غەرپنىڭ تارىخى ماتېرىياللىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مەسىلەن: مىلادىيە 562 ـ يىلى ۋىزانتىيەلىك تارىخشۇناس مىرنان[12]تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانى مۇقان قاغاننىڭ ئاۋارلارنىڭ تۈركلەرنىڭ بىر قېتىملىق ھۇجۇمىدا مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىگە خەت يېزىپ:

ئاۋارلار قۇش ئەمەس، ئۇلار قۇش بولۇپ ئاسمانغا چىقىپ كېتەلىسىلا تۈركلەرنىڭ ئۆتكۈر ئۇقيالىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالايدۇ، ئۇلار ھەم بېلىق ئەمەس، سۇنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە غايىپ بولسا بولىدۇ؛ لېكىن ئۇلار پەقەت زېمىندىلا يۈرەلەيدۇ. مەن ئىپتالىتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئاۋارلارغا ھۇجۇم قىلىمەن، ئاۋارلار مېنىڭ لەشكەرلىرىمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ـ دېگەن.

مىرناننىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 568 ـ يىلى ئىمپېراتور يۇستىن IIۋىزانتىيەگە زىيارەتكە كەلگەن بىر تۈركتىن: "بىزگە دەپ بېرىڭچۇ، ئاۋارلاردىن قانچىلىك ئادەم تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ قالدى، سىلەرنىڭ ئۇ يەردە ئاۋارلار يەنە بارمۇ "دەپ سورىغاندا، ئۇ تۈرك جاۋاپ بېرىپ: "بىر قىسىم ئاۋارلار يەنىلا بىزگە سادىق، بىزنىڭچە 20 مىڭدەك ئاۋار ئۇ يەردىن قېچىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن" دەپ جاۋاپ بەرگەن .تۈركلەر يەنە ئاۋارلارنى"ئۇراچونتېس" دەپ ئاتاپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ بېقىندىسى دەپ قارىغان. يۇقىرىدىكى ماتېرىيالدا تىلغا ئېلىنغىنىغا ئوخشاش، بۇ پاكىتلارنى چىقىش قىلغان ھالدا بەزى ئالىملار بەزى چاغدا ئۇئار، كۇن ياكى ئۇراچونتېس دەپ ئاتالغان ئاۋارلار دەل جۇجانلارنىڭ ئۆزى شۇ دەپ يەكۈن چىقىرىشقان.

تۇرالار ۋە قاڭقىللار

تۇرالار جۇجانلارغا تەۋە بولغان قەبىلىلەر ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە ئەڭ چوڭ قەبىلە ئىدى. خەنزۇچە تارىخى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا تۇرالارنىڭ 15 قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. خەنزۇچە تارىخى ماتېرىياللاردا قاڭقىل دەپ ئاتالغان بۇ قەبىلىلەر ئېرقى جەھەتتىن تۇرالارغا ئەڭ يېقىن ئىدى. خەنزۇچە تارىخى ماتېرىياللار بىزنى قاڭقىللار ھەققىدە تەپسىلى مەلۇماتلار

بىلەن تەمىنلەيدۇ .قاڭقىللار قەدىمقى قىزىل دىلارنىڭ باشقا ئۆرۈقىدىندۇر، دەسلەپتە دىلى دەپ ئاتالغان، شىمالدىكىلىرى چېلى دەپ ئاتالغان بولسا، خۋاشيالىقلار ئۇلارنى ئىگىز ھارۋىلىق دىڭلىڭلار دەپ ئاتاشقان.

قاڭقىللار دائىم دىگۇدەك جۇجانلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ تۇرغان ھەم داۋاملىق ۋېي سۇلالىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ تۇرغان. مىلادىيە ـ 397 يىلى قاڭقىللار بىلەن جۇجانلار بىرلىكتە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوغۇچىسى توغبات گۈيغا بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن. كېيىنكى يىلى توغبات گۈي ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىغاندا قاڭقىللار ئۇنىڭغا قارام بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان IV .ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى زېمىنى جۇجانلارنىڭ تۇنجى قاغانى سەللان (402 ـ 410 ـ يىللار) تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى.

IVئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى V ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قاڭقىللارغا ئارقا ـ ئارقىدىن توققۇز قېتىم ھۇجۇم قوزغاپ، ئاھالىلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ، 20 مىڭ تۇياق ئات، كالا، قوي قاتارلىقلارنى ئولجا ئالغان. قاڭقىللار ئۆزلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن دۈشمەنگە دۇچ كەلگەنلىكىنى سېزىپ، ئاخىرى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قوشۇنىغا ئەل بولۇشقا مەجبۇر بولغان ۋە نەچچە يۈز مىڭ تۇياق ئات، كالا ۋە بىر مىليون تۇياقتىن ئارتۇق قويلىرىنى ھەيدەپ ھەممىسى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كەلگەن.

قاڭقىللار كېيىن جۇجانلار بىلەن شىمالىي ۋېي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنۇپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان. مىلادىيە 487 ـ يىلى ئاپۇرغۇر قاڭقىللاردىن يۈز نەچچە مىڭ تۈتۈننى باشلاپ، جۇجانلاردىن يۈز ئۆرۈپ غەرپكە كۆچۈپ كەتتى. ئۇ ھازىرقى تۇرپاننىڭ غەربىي شىمالىدا بىر خانلىق قۇرۇپ (مىلادىيە 487 ـ 541 ـ يىللار) ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى .ئاپۇرغۇر شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا يازغان خېتىدە، ۋەزىيەتنى مۇنداق دەپ سۈرەتلىگەن:

جۇجانلار پادىشاھنىڭ دۈشمىنى، مەن ئۇلارغا نەسىھەت قىلسام ئۇلار گېپىمنى ئاڭلىمىدى. شۇڭا بىز ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ بۇ يەرگە كەلدۇق ۋە ئۆزىمىز خانلىق قۇردۇق. پادىشاھنىڭ جازا يۈرۈشى قىلىپ جۇجانلارنى يوقىتىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىمەن »). شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى » 515 ـ بەت(
قاڭقىل دۆلىتى 55 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، جۇجان قوشۇنلىرى ئۈستىدىن بىرنەچچە قېتىم غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قاڭقىل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا بولدى. ئاپۇرغۇر ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن باتۇر خانلىققا كۆتۈرۈلدى. باتۇر گەرچە خانلىققا كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي سۇلالىسىگە سوۋغا تەقدىم قىلدى.

قاڭقىللار ۋە جۇجانلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ، جۇجانلار غەلىبە قىلىپ، باتۇر ئۆلتۈرۈلدى . جۇجان قاغانى چۇتۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا ھەل بېرىپ جام قىلىۋالدى. قاڭقىللارنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانى ئېبل بەگ، يۇقۇ ۋە بەگچى دەۋرلىرىدە، قاڭقىللار بىلەن جۇجانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش مىلادىيە 520 ـ يىلدىن مىلادىيە 542 ـ يىلغىچە سوزۇلۇپ، ئىككى تەرەپ تىركىشىپ قالدى.

قاڭقىللار كېيىنكى خەنزۇچە تارىخى ماتېرىياللاردا تۇرا دەپ ئاتالدى (مەسىلەن « تاڭنامە »گە قاراڭ)، ئۇلار گەرچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇش ئويىدىن

زادى ۋاز كەچمىدى. مىلادىيە 546 ـ يىلى تۈركلەرنىڭ تۈنجى قاغانى بۇمىن تۇرالارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ 50 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئاھالىسىنى بويسۇندۇردى. ھەتتا تۈركلەر قاڭقىللارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلار ئەركىنلىك ئۈچۈن بولغان كۈرەشنى يەنىلا توختىماي داۋاملاشتۇردى. ئۇلار مىلادىيە 602 ـ 605 ـ يىللار ئارىلىقىدا تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، ئاخىرى مىلادىيە ـ 618 يىلى تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانى تون يابغۇغا بويسۇندى. تارىخى ماتىرىياللاردا ئېيتىلىشىچە ”تۈركلەرنىڭ كۈچى زور بولۇپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ ھۆكۈمرانى “بولغان.

تۇرالارنىڭ نۇرغۇن قەبىلىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كېيىن مەشھۇر بولغانلىرى سىرتاردۇش، قۇرىقان ۋە ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى قۇرغان. گەرچە ئۇلار تۈرك تىلىدا سۆزلەشسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئەسىردىكى باشقا تۈركى تىللىق مىللەتلەر بىلەن ئوخشىمايتتى. VI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پۈتكۈل ياۋرو ـ ئاسىيا يايلاق رايونى تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇراتتى، تۈرك تىلىمۇ باشقا بىرنەچچە خىل ئىران تىلىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ئىران تىلى ئاستا ـ ئاستا ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى.

ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتلار

سىيانپى، ياپيان ۋە قاڭقىل ياكى تۇرالاردىن ئىبارەت مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى بەش ئەسىردە يايلاق رايونىدا ياشىغان بۇ ئۇلۇسلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلىرىغا قارىتا تېخى چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىغان. لېكىن غەرپتىكى ھۇنلار ۋە ئاق ھۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەسىردىن Vئەسىرگىچە بولغان تېپىلمىلار، قىسمەن ھالدا ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن چۈشۈنىلدى. قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئالتۇن كالاۋۇتۇنلار تۇتۇلۇپ نۇرغۇن گۆھەر ياقۇتلار قويۇلغان، شەكلى كۆركەم، رەڭگا رەڭ زىننەتلەنگەن ئېسىل كىيىملەرنى كىيىشكەن. يىراق غەرپتىنمۇ ئېسىل زىننەتلەنگەن قورال ـ ياراقلار، ئات جابدۇقلىرى،” ھۇنچە“ بىرونزا داشقازان ۋە باشقا بۇيۇملار بايقالدى.

شەرقتىكى تەڭرى تاغلىرى ۋە ئالتاي تاغلىرىدىن باشلاپ غەرپتىكى پاننونىيە ۋە دوناي دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدىكى كەڭ رايونلارغىچە يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان نەرسىلەر قوشۇپ دەپنە قىلىنغان ئاقسۆڭەكلەر قەبرىسى بايقالدى. ۋېنگرىيە، دوناي دەرياسى رايونى، قارا دېڭىزنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن ۋولگا دەرياسىنىڭ غەربىدىكى يايلاق رايونىغىچە بولغان رايونلاردىن تېپىلغان قەدىمقى بۇيۇملار تولۇق تەتقىق قىلىندى. يايلاقنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئالانلار ۋە ئاق ھۇنلار ياشىغان ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى، ئارال دېڭىزى ۋە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى رايونلاردىن بايقالغان قەدىمقى بۇيۇملار توغرىسىدا بىز ئازدۇر ـ كۆپتۇر چۈشەنچىگە ئىگە.

لېكىن قازاقىستان، موڭغۇل ئىگىزلىكى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى كەڭ رايونلار دەسلەپكى بەش ئەسىردىكى ئارخېئولوگىيە خەرىتىسىدىكى بىر بوشلۇق بولۇپ تۇرماقتا. پەقەت ئارخېئولوگىيە ۋە يازما ماتىرىياللارغا قارىتا تېخىمۇ كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، بىز ئاندىن شىمالدىكى ھەرقايسى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ نەلەردە ياشىغانلىقىنى بىلەلەيمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىساد، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە مەدەنىيىتىنى چۈشىنەلەيمىز.

ئىزاھلار

①لىتۋىنىسكىنىڭ ئەسىرى، 1964 ـ يىلى، 14 ـ 15 ـ بەتلەر؛ گرۇئوتنىڭ ئەسىرى، 1921 ـ يىلى، 5 ـ 15 ـ بەتلەر. ئۇندىن باشقا زۇئېۋنىڭ ئەسىرى، 1957 ـ يىلى؛ خۇلسېۋې ۋە لوۋېنىڭ ئەسىرى، 1979 ـ يىلى، 123 ـ 131 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

②خۇلسېۋې ۋە لوۋېنىڭ ئەسىرى، 1979 ـ يىلى، 129 ـ بەت، 316 ـ نومۇر؛ مائېنچېن خېلفېننىڭ ئەسىرى، 1944 ـ 1945 ـ يىللار، 230 ـ بەت؛ شىراتورى كۇراكېچىنىڭ ئەسىرى 1956 ـ يىلى، 232 ـ بەت

③بىچۇرىننىڭ ئەسىرى، 1950 ـ يىلى 149 ـ 275 ـ بەتلەر. كانگىيە قەدىمدە بەش كىچىك خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەن؛ خۇلسېۋې ۋە لوۋېنىڭ ئەسىرى، 1979 ـ يىلى، 130 ـ 131 بەتلەر؛ ماك گوۋېرىننىڭ ئەسىرى، 1939 ـ يىلى، 400 بەت؛ پۇللىبى بىلانىكنىڭ ئەسىرى، 1966 ـ يىلى 28 ـ بەت؛ ئېنوكىنىڭ ئەسىرى 1956 ـ يىلى 47 ـ بەت، 25 ـ نومۇرغا قاراڭ.

④مائېنچېن خېلفېننىڭ ئەسىرى، 1973 ـ يىلى، 18 ـ 168 ـ بەتلەر.

⑤رولفنىڭ ئەسىرى، 1939 ـ يىلى، 387 ـ بەت

⑥يۇقۇرىقىغا ئوخشاش، 387 ـ 383 ـ بەتلەر

⑦تاسكىننىڭ ئەسىرى، 1984 ـ يىلى، 70 ـ 80 ـ بەتلەر

⑧شاننىڭ ئەسىرى، 1959 ـ يىلى 138 ـ 141 ـ بەتلەر

⑨بىچۇرىننىڭ ئەسىرى، 1950 ـ يىلى 2 ـ توم، 260 ـ 258 ـ بەتلەر

⑩سىنورنىڭ ئەسىرى، 1969 ـ يىلى. 97 ـ 99 ـ بەتلەر

11○تاسكىننىڭ ئەسىرى، 1984 ـ يىلى، 267 ـ 295 ـ بەتلەر

12○بىلوكلىپىنىڭ ئەسىرى، 1985 ـ يىلى

13○بىچۇرىننىڭ ئەسىرى، 1950 ـ يىلى، 1 ـ توم، 228 ـ، 243 ـ، 279 ـ، 283 ـ، 301 ـ بەتلەر؛ تاسكىننىڭ ئەسىرى، 1984 ـ يىلى، 278 ـ 279 ـ بەتلەر، 401 ـ 406 ـ بەتلەر.

ئەسكەرتىش: بۇ ماقالىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار خەنزۇچە «24 تارىخ» تىن نەقىل ئېلىنغان بەزى نۇقتىلارغا ئۆزلىرى ئىزاھ بەرگەن بولۇپ، بىزمۇ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بۇ ئىزاھاتلارنى تەتقىقاتچىلارنىڭ كېيىنكى تەتقىقاتىغا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى نەشرگە تەييارلاپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «24 تارىخ»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ بەت نومۇرىنى سىلىپ قويدۇق.

## ھېيتگاھ جامەسى ۋە ئۇنىڭ تارىخى

بوستانغا يوللىغۇچى:كارۋان

ھېيتگاھ جامەسى قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ جامە، ھېيتگاھ مەيدانى قەشقەردىكى ئاۋات سودا، مەدەنىيەت مەركىزىدۇر، ئۇ قەشقەرگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزەرىنى ئۆزىگە تارتماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ كۆن چىقىش تەرەپكە ئېچىلغان چوڭ دەرۋازىسى، پەشتىقى، ئاق گۈمبىزى، ئىككى تەرەپتىكى نەقىشلىك مۇنارلىرى شەھەرگە ئالاھىدە كۆركەملىك بېغىشلاپ تۇرىدۇ.

جامەنىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكى، بۇنىڭغا ئىشلىگەن تامچى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ نەقەدەر ماھارەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەكىس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر بىناكارچىلىقىنىڭ خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھەر يىلى ئىككى ھېيتتا چېلىنىدىغان ناغرا، سۇناي ئاۋازى كىشىلەرنى ئۆزىگە شۇنداق جەلپ قىلىدۇكى، بۇ قىزىقارلىق مەنزىرىدىن كۆز ئۈزۈپ ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ناغرا سۇنايچىلارنىڭ تەرەننۇم قىلىشى بىلەن، بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە دېگۈدەك ئاۋام خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ئۆز زامانىسىدىكى ئەخمەت ئاكا سۇنايچى، روزى ئاكا (باشى) لار ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتى بىلەن بارلىق ھېيت ئىشتىراكچىلىرىنىڭ رەھمىتىنى ئالاتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ھەربىر قېتىملىق ھېيتتا ئالاھىدە ئالقىشقا ئىگە بولاتتى. گىزى كەلگەندە بۇ ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدا ئوينىلىدىغان ساما ئۇسۇلى ھەققىدىمۇ ئازراق سۆز قىلىپ ئۆتسەك يامان كەتمەس؛ قەشقەر خەلقى، ناغرا، سۇنايىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاشقا بەكمۇ خۇشتار، روزى ھېيت، قۇربان ھېيتتىكى ئالتە كۈنلۈك ئارام ۋە خۇشاللىق ۋاقتىنى ئاشۇ ناغرا، سۇنايىنىڭ يېقىملىق سادالىرى ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. ھېيت كۈنلىرى ئۇمۇم كىشىلەرنىڭ ئىشتىراكى بىلەن ساما سېلىش بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ياقتۇرۇپ شۇغۇللىنىدىغان ئەنئەنىۋى پائالىيىتىدۇر. ساما بىر خىل سەنئەتلىك ئويۇن بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى كۆڭۈل ئېچىشتا ئوينىلىدىغان ئۇسسۇلىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇسسۇل ئادەتتە يالغۇز كىشى، ئىككى كىشى ياكى بىر قانچە كىشى تەرىپىدىن ئورۇنلانسا، ساما نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىشتىراكى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. يۈزلىگەن كىشىلەر ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ھەربىر كىشى ئۆز دائىرىسىدە بىر خىل رەتلىك ئايلىنىدۇ. تاماشىبىن

شۇنچە كۆپ كىشىنىڭ بىر خىل رەتلىك ئايلانغانلىقىنى كۆرگەندە گويا بىرلا كىشى ھەركەتلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ساما دا پەقەت ناغرا، سۇناينىڭ ئاھاڭ يۆتكىشى بىلەن رېتىم ئالمىشىدۇ. مەيدانغا چۈشۈپ ساما سالغانلارمۇ ناغرا ـ سۇناينىڭ مۇڭلۇق، يارقىن، يېقىملىق ئاۋازىدىن ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ. بۇ مەيدانغا يىغىلىپ ھېيت تەنتەنىسى قىلىۋاتقان جامائەتمۇ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالىدۇ.

بۇ ئىككى ھېيت مەزگىلدە ھېيتگاھ مەيداندا ھېيت تەنتەنىسىنى ئۆتكۈزىدىغانلار يالغۇز قەشقەر شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار بولۇپ قالماستىن، قەشقەرنىڭ ھەرقايسى ناھىيلىرىدىن ھەتتا چەت ۋىلايەتلەردىنمۇ كىشىلەر كېلىپ ھوزۇرلىنىدۇ. مانا مۇشۇ مەزگىللەردە قەشقەر شەھىرى خۇددى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق ھېس قىلىشىدۇ.

ھېيتگا جامەسىنىڭ ئۇمۇمىي قۇرۇلمىسى.

ھېيتگا جامەسى، شىنجاڭ بويىچە، شۇنداقلا مەملىكىتىمىز بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەسچىت ۋە مەدرىسىدۇر. بۇ جامە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دىنىي ساھەدىكىلەر ئارىسىدا زور تەسىرگە ئىگە، ھەمدە قەشقەرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت، ھۈنەر ـ سەنئەت ماكانى بولۇشتەك ئېسىل خىسلىتىنىڭ نامايەندىسى، شۇنداقلا باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلق بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تىپىك نەمۇنىسىدۇر .

ھېيتگا جامەسىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى ـ **140** مېتىر، غەربتىن شەرققە بولغان كەڭلىكى **120** مېتىر، ئۇمۇمىي يەر مەيدانى، **25.22** مو كېلىدۇ. بۇ جامە :دەرۋازا، ھويلا، مەسچىت، مەدرىس، ھۇجرىدىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. دەرۋازا قىسمىدىن ئالغاندا مۇنار، دەرۋازا، گۈمبەز قاتارلىق ئۈچ قىسىم بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ بىر گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ.

جامە چوڭ دەرۋازىسىنىڭ كەڭلىكى **4.30** مېتىر، ئېگىزلىكى **4.70** مېتىر كېلىدۇ. چوڭ دەرۋازا ئورنىتىلغان تامغا مېھراب شەكىللىك نەقىشلەنگەن تەكچىلەر چىقىرىلغان. دەرۋازىنىڭ جەنۇب

تەرپىدىكى تامغا رەڭدار زىننەتلەنگەن تۆت مېتىر كەڭلىكتە، يەتتە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئىككى مېھراب، ئەگمە شەكىللىك ناۋا ئاستىغا قۇرئان كەرىمنىڭ بىر نەچچە ئايەتلىرى يېزىلغان ئىككى مېتىر كەڭلىكتە، بىر مېتىر ئېگىزلىكتە رەڭدار نەقىشلىك بىر چاسا تاختا بار .

دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدا ئېگىز، ھەيۋەتلىك، كۆركەم سېرىق سىر بىلەن چىرايلىق سىرلانغان ئىككى مۇنار بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 19 مېتىر كېلىدۇ. بۇ مۇنارلار شەھەرگە كۆركەم، ھەيۋەتلىك تۈس بېرىدۇ. بۇ ئىككى مۇنارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان گەج ۋە پىششىق خىش بىلەن ئېتىلگەن چاتما تامنىڭ ئارىلىقى 28 مېتىر كېلىدۇ. مۇنارنىڭ ئىچىدە ئايلانما پەلەمپەيلەر بولۇپ، مەزۇن، ئاخۇنۇملار شۇ پەلەمپەيلەر بىلەن ئۈستىگە چىقىپ مۇسۇلمانلارنى نامازغا چاقىرىدۇ. مۇنارنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر دەستىلىك ئالتۇن ھال بېرىلگەن ئاينىڭ شەكلى ئورنىتىلغان. ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ.

جامەنىڭ شەرق تەرىپىدىكى چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىش بىلەن گۈمبەز ئىچىگە كىرىسىز، گۈمبەزنىڭ سەككىز بۇرجەكلىك ئايلانمىسى، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە جامە سەيناسىغا كىرىدىغان مېھراب شەكىللىك ئىشىكى بار.

گۈمبەزنىڭ سىرتقى ئايلانمىسى 40 مېتىر، ئېگىزلىكى 12.5 مېتىر، ئۈستى ئېگىزلىكىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بىر مۇنار بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇ مۇنارنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 17.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ گۈمبەز ئالەم گۈمبىزى بىلەن رىقابەتلەشكەندەك تىك تۇرىدۇ. دەرۋازىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىگە يۆلەپ سېلىنغان 46 ئېغىزلىق دۇكان بولۇپ، بۇ دۇكانلارنىڭ ئىجارىسى مەسچىت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدى ـ شەھەرنىڭ ئەڭ قۇيۇق ئېلىم ـ سېتىم، سودا بولىدىغان بازىرىدۇر. بۇ جامە دەرۋازىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئېگىز ھەم ئازادە بىر پەشتاق ياسالغان، ھەر يىلى قۇربان ھېيت ۋە روزى ھېيت كۈنلىرىدە پەشتاقتا ناغرا، سۇناي ئاۋازى ياڭراپ، ھېيتگاھ مەيدانىغا توپلانغان تۈمەنلىگەن كىشىلەر بايرام خۇشاللىقىنى تەنتەنە قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇن ـ ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس

جايى ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيت ـ بايراملىرىنى قۇتلۇقلايدىغان مەيدانى بولغاچ ھېيتگاھ دەپ ئاتىلىدۇ. پۈتۈن مەسچىت سەينا (ھويلا) سىنىڭ كۆلىمى ئىككى مودىن ئارتۇق، ئىككى كۆل بار. بۇ جامەدە ھەر كۈنى 3 ـ 4 مىڭ كىشى، جۈمە كۈنلىرى 5 ـ 10 مىڭ كىشى ناماز ئوقۇيدۇ. ھېيت كۈنلىرىدە 40 ـ 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ناماز ئوقۇيدۇ. جامە ھويلىسى بىلەن كايۋاننى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ماشرەڭ سىرلانغان رىشاتكا ئايرىپ تۇرىدۇ .رىشاتكىنىڭ ئېگىزلىكى 1.50 مېتىر، كايۋانغا كىرىش ئۈچۈن ئۈچ ئورۇنغا ئىشىك ئورنىتىلغان.

مەسچىت قىسمى ئىچكىرىكى مەسچىت (خانىقا) تاشقىرىقى مەسچىت) پىشايۋان)، كايىۋاندىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئىچكىرىكى مەسچىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 36.5 مېتىر، كەڭلىكى 10.5 مېتىر، ئۇمۇمىي يەر كۆلىمى 456 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

جامەنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تامغا چىقىرىلغان مېھرابتا خاتىپ ئاخۇنۇم خۇتبە ئوقۇيدۇ. تاشقىرىقى مەسچىت، كايۋانلارنى قوشۇپ ئۈستى يېپىلغان قىسمىنى ھېسابلىغاندا 2660 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. كايۋان تۈرۈسلىرىنى يەتتە مېتىر ئېگىزلىكتىكى 140 تال تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. دېمەك، جامە دەرۋازا، مۇنارلار، پەشتاقلار، گۈمبەز ـ رىشاتكىلار، ئاجايىپ نەقىشلەنگەن تۈرلۈك قۇرۇلمىلار بىلەن پۈتۈن شىنجاڭغا مەشھۇردۇر.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تارىخى

تارىخىي خاتىرىلەر ۋە رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئورنى بۇندىن بەش ئەسىر بۇرۇن ئىچكىرىكى شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى قەبرىستانلىق ئىدى. مىلادى 1442 ـ يىلى قەشقەرگە ھۆكۈمران بولغان ھاكىم بەگ ـ ساقىت مىرزا ئۆزىنىڭ ۋاپات بولغان ئۇرۇق ـ جەمەتلىرىنى مۇشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلغان. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن ھازىرقى ئىچكىرىكى مەسچىت ئورنىدا بىر كىچىك مەسچىت سالدۇرغان. تۇنجى مەسچىت ياسىلىپ ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى ئۇبۇل ھادى بەگنىڭ تاغىسى مىرزا ئەزىز ۋەلى دېگەن كىشى ۋاپات بولۇپ مۇشۇ ئورۇنغا دەپنە

قىلىنغان. ھجرىيىنىڭ 944 ـ يىلى (مىلادى 1558 ـ يىلى) ئۇبۇل ھادى بەگ مەسچىتنى كېڭەيتىپ يېڭىباشتىن ياساتقان ھەمدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەتتىكى مەسچىتنى جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جامە قىلىپ ئۆزگەرتكەن .مىلادى 1787 ـ يىلى (ھجرىيە 1201 ـ يىلى) يەكەن شەھەر ناھىيە خانئېرىق يېزىسىدىن زۇلپىيە خېنىم مەككىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن توپلىغان پۇلنى سەرپ قىلىپ ھېيتگاھ جامەسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ يېڭىباشتىن ياسىغان.

XIXئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە ھۆكۈمران بولغان تۇرپانلىق ئىسكەندەر ۋاڭ ھايات تۇرۇپ ئۆزگە ، ھجرىيىنىڭ 1224 ـ يىلى (مىلادى 1809 ـ يىلى) شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى پايناپ يېزىسىغا ھەشەمەتلىك گۈمبەز ياساتقان. بۇ گۈمبەزنى خەلققە ئېغىر ئالۋاڭ سېلىپ ياساتقانلىقتىن، خەلقنىڭ نارازىلىقى غەزەپكە ئايلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ئىسكەندەر ۋاڭ، خەلقنىڭ نارازىلىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ھېيتگاھ جامەسىنى رېمونت قىلىپ كۆل چاپتۇرغان، ئېرىق ئېلىپ، سۇ باشلاپ كىرىپ ئورمان بىنا قىلغان.

ھجرىيىنىڭ 1235 ـ يىلى (مىلادىنىڭ ـ 1820 يىلى) قەشقەردە قاتتىق يامغۇر يېغىپ جامەنىڭ تورۇس ـ تاملىرى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا ، ئىدىر خوجا ئەبرىشىمكا دېگەن كىشى ئۇمۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلدۇرغان. ھجرىيىنىڭ 1255 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 1839 ـ يىلى) قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى زوھورىدىن بەگ قەشقەرنىڭ تاشقىرىقى شەھەر دەپ ئاتالغان قىسمىغا سېپىل سوقتۇرۇپ شەھەرنى كېڭەيتكەن. شۇ چاغدا جامەنى سۇپەتلىك قىلىپ رېمونت قىلدۇرغان.

XIXئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىملىرىدا شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بەدۆلەت (ياقۇپ بەگ ) خەلقنىڭ ماھىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپلىگەن مەسچىت، مەدرىس، مازارلارنى ياساتقان. شۇ جۈملىدىن ھجرىيىنىڭ 1290 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 1872 ـ يىلى) ھېيتگاھ جامەسىنى كېڭەيتىپ باشقىدىن قەمىر قىلىپ ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرگەن .بۇ جامەنىڭ غەربىي تەرىپىنى مەسچىت، شەرق تەرىپىنى مەدرىس قىلىپ ئىككى قىسمىغا بۆلۈپ، مەدرىس قىسمىنىڭ شىمال، شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلىرىگە 24 قاتار 72 ئېغىزلىق ھۇجرا، شەرقىي شىمال

تەرىپىگە 100 دىن ئارتۇق كىشى سىغىدىغان مۇنچا، مۇنار، گۈمبەز، پەشتاق، دەۋازا قاتارلىقلارنى ياساتقان. شۇنىڭ بىلەن ھېيتگاھ جامەنىڭ ھازىرقى ھالىتى شەكىللەنگەن.

ھىجرىيىنىڭ 1320 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 1903 ـ يىلى) قەشقەردە قاتتىق يەر تەۋرەش ① زىلزىلىسى يۈز بېرىپ، جامەنىڭ تاشقىرقى مەسچىت قىسمىغا خېلى دەرىجىدە زەخىم يېتىپ بەزى تاملىرى ئۆرۈلگەن، مۇنار زەخىملەنگەن ئىدى. لېكىن ھىجرىيە 1322 ـ يىلى (مىلادىيە 1905 ـ يىلى) قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق بايلىرىدىن ئاخۇن باي دەپ ئاتالغان تۇردى باي ھاجىم بىلەن كىرىم ئاخۇن بايۋەچچىلەر تەرىپىدىن قايتا رېمونت قىلىنغان .

ھىجرىيىنىڭ 1352 ـ يىلى (مىلادى 1934 ـ يىلى) قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىدارە باشلىقى ئابدۇكېرىم خان مەخسۇمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە رېمونت قىلىنىپ، دەرەخلەر تۈلۈقلاپ قويۇلغان، كۆللەر قايتا چېپىلغان. كۆللەرنىڭ ئەتراپىغا رىشاتكىلار ئورنىتىلغان.

ھىجرىيىنىڭ 1354 ـ يىلى (مىلادى 1936 ـ يىلى) قەشقەردە ھېئسلامى مەدرىسەـ مەسچىت ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرۇلغان. جامەنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرىپىگە ئىككى يان دەرۋازا ئېچىلىپ، كىرىپ ـ چىقىش راۋانلاشتۇرۇلغان. ھىجرىيىنىڭ 1355 ـ يىلى (مىلادى 1937 ـ يىلى) شەھەر كوچىلىرىنى كېڭەيتىش ھەرىكىتىدە جامەنىڭ شەرق تەرىپىدىكى 24 ئېغىزلىق ھۇجرا بىلەن مۇنچا چېقىۋېتىلگەن. تام ئورنىغا سالاسۇنلۇق رىشاتكا بېكىتىلگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن جامەنىڭ يېڭى باھارى باشلاندى .پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ جامەنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نوقتىلىق قوغدىلىدىغان ئۇرۇن قىلىپ بېكىتىپ بىر قانچە قېتىم چوڭ ـ كىچىك رېمونت قىلدۇردى. 1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىپ چوڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىپ سىرلاپ، ئاقارتىپ تېخىمۇ گۈزەللەشتۇردى. 1983 ـ يىلى 100 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ جامەنى چوڭ رېمونت قىلدى.جامەگە تازىلىق ئىشچىلىرى ۋە باشقۇرغۇچىلارنى بېكىتىپ، ئىگىدارچىلىقنى كۈچەيتتى.

ھازىر ھېيتگاھ جامەسى ۋە مەيدانى يالغۇز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ـ

مەدەنىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپلا قالماستىن بەلكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەنلەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت سورۇنىغا ئايلاندى.

قەشقەر شەھىرى ئېچىۋېتىلگەن ئوچۇق شەھەر قىلىپ ئېلان قىلىنغاندىن بىرى ئىسلام دۆلەتلىرىدىن كەلگەن دوستلار ۋە چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت مۇھاجىرلىرىنىڭ قەشقەرگە كېلىشى بىلەن ئالدىن زىيارەت قىلىدىغان ئورنى ھېيتگاھ جامەسى بولماقتا، بۇ جامەنىڭ ئورنى، ئابرويى تېخىمۇ يۇقۇرى كۆتۈرۈلمەكتە.

## قەدىمكى دەۋردىكى مەشھۇر ئۇيغۇر بازارلىرى

ئاپتورى:داۋۇت ساۋۇت

بوستانغا يوللىغۇچى: ئارسلان تىكىن

خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ئىقتىساد ۋە مەدىنىيەت جەھەتتە تەرەققىي قىلغان، ئىچكى ـ تاشقى سودىسى گۈلەنگەن بىر باسقۇچقا قەدەم باسقان. بۇ دەۋردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يۈكسەلگەنلىكى، مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەنلىكى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆپلەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان، بۇ ئاساسەن شەھەر كۆلىمىنىڭ كەڭەيگەنلىكى ،يۇلنىڭ كەڭ كولەمدە ئوبرۇت قىلىنغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، مول ئارخىلوگىيلىك ئاساسلار ئارقىلىق دەلىللەپ چىقىلغان. بولۇپمۇ، تاڭ سۇلالىسى دەۋردىكى غەربىي يۇرت بازارلىرىدا يەرلىك پۇللىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا پۇللىرىنىڭ ئوبروت قىلىنغانلىقى يەقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخىلوگىيلىك تەكشۈرۈشلەردە نۇرغۇن ماددىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاندى. بۇ ئىچكى ـ تاشقى سودىنىڭ گۈللەنگەنلىكى، يىپەك يولىنىڭ ئاۋاتلاشقانلىغىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى بازارلارنىڭ كۆلىمى، ئىقتىدارى، شەكلى ۋە قىياپىتىنىڭ زور دەرىجىدە ياخشىلانغانلىقىنى كورستىپ بېرىدۇ .

تۆۋەندە شۇ دەۋردىكى بىر قانچە بازارلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرماقچى :

### قوچۇ بازىرى:

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي شەھەر ـ بازارلىرى ۋە بۇ جايلاردا بولىدىغان مول مەزمۇنلۇق سودا ـ ئالاقە ئىشلىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىنتايىن روناق تاپقان ئىدى. مەشھۇر يىپەك يولى سودىسى تازا گۈللەنگەن بۇ دەۋرىدە كارۋانلار نۇرغۇن شەھەر ـ بازارلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، سودا ـ سېتىق قىلاتتى. ئۇلار بىر جايغا بېرىشتىن ئىلگىرى شۇ جاي ئېھتىياجلىق بولغان ماللارنى تاللايتتى ۋە كارۋان تەشكىللەپ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئېلىپ كېلەتتى. ماللارنى سېتىپ بولۇپ، شۇ جايدىن يەنە

باشقا جايلاردا بازار تاپىدىغان ماللارنى ئېلىپ كېلەتتى. مۇشۇنداق قىلىپ شەھەرمۇ ـ شەھەر ، بازارمۇ ـ بازار كېزىپ يۈرۈپ ئاخىر نۇرغۇن پايدىغا ئىگە بولاتتى. ئەلۋەتتە بىر قىسىم ماللار يىپەك يولىنىڭ ئۇ چەتىدىن بۇ چەتىگە توشۇلاتتى. بۇ خىل ماللارنىڭ مىقدارى ئاز بولسىمۇ، ئەمما قىممىتى ئەڭ يۇقۇرى، پايدىسىمۇ ئەڭ كۆپ ئىدى .

يىپەك يولى سودىسى تەمىنلىگەن ئەۋزەل شارائىتتا تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمىي، شەھەر ـ بازارلار جانلىنىپ قايناپ تاشقىنلىقتا چومگەن ئىدى. بولۇپمۇ قوجۇ، سۇلى، پىشامشان، كوسەن، ئۇدۇن قاتارلىق شەھەرلەردىكى بازارلارنىڭ كۆلىمى مۇشۇ دەۋرىدە تەز سۈرئەت بىلەن كەڭەيگەن .

قوجۇ شەھىرى مىلادىيە 4 ـ 5 ـ ئەسىرلەردىلا ئىچكى ـ تاشقى سودا بويىچە زور تەسىرگە ئىگە ئىدى. يىپەك يولىنىڭ موھىم ئۆتەڭ بازىرى ھېسابلىنىدىغان بۇ قەدىمىي شەھەر ئەينى دەۋرلەردە خەلقئارا بازارغا ئايلىنىپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرسىدىكى ئەڭ چوڭ مال ئالماشتۇرۇش مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. ئارخىئولگىيلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە قارىغاندا ، شۇ دەۋرىدە شەھەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدا تىپىك سودا شەھىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتكەن. ئۇنىڭدا يايمىچىلار تىجارەت قىلىدىغان مەيداندىن سىرىت يەنە بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئورۇنلاشقان دۇكانلارمۇ بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تىجارەت ئورۇنلىرى ئاشلىق رەستىسى، قازان ـ قومۇش رەستىسى، يىپەك ماللار رەستىسى.......قاتارلىق رەستىلەر بولغان. تۇرپاندىن تېپىلغان "كىيۇ جەمەتى ھوججىتى"دە خاتىرلىنىشىچە قوجۇدا يەنە "قۇل بازىرى" مۇ بولغان .

قوجۇ شەھىرى ئىچكى شەھەر، تاشقى شەھەر رايۇنىدا سودىگەرلەر، ھۇنەرۋەنلەر ۋە باشقا ھەر ـ خىل كەسىپتىكى ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان ئىدى. "مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھوججىتى" دە خاتىرلىنىشىچە، قوجۇدا "شىمالىي شەھەرىستان"، "جەنۇبىي شەھەرىستان" بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان" .قوجۇدىن تېپىلغان ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھوججەتلەر" دە "قوجۇ بازىرىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا..."؛ "باھاسىنى قوجۇ بازىرىدا ئوتىدىغان ئىككى بېنغا سىززىقچە يول چۇشۇرۇلگەن، ئوتتۇرسىغا تامغا بېسىلغان يۈز قانپۇغا كېلىشتۇق " دېگەندەك بايانلار بار. بۇلاردىن

قوجۇ بازىرىنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى كىرىۋالغىلى بولىدۇ .

ئۇدۇن بازىرى:

ئۇدۇن غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر ئىچىدە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى بىر قەدەر بۇرۇن تەرەققىي قىلغان قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ بىرىدۇر. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇدۇننىڭ تاشقى سودىسىمۇ خېلى بۇرۇن راۋاج تاپقان بولۇپ، ئەنەتكەك(ھىندىستان) سودىگەرلىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى خېلى قويۇق ئىدى. بۇددا دىنىنىڭ ھىندىستاندىن ئۇدۇنغا غەربىي يۇرت بويىچە ئەڭ بۇرۇن تارقىلىپ كىرىشىمۇ بۇ نوقتىنى دەلىللەپ بېرىدۇ .

ئۇدۇننىڭ قەدىمقى زامان تاشقى سودىسى قاشتېشىدىن باشلانغان ھەمدە "يىپەك يولى" دىن بۇرۇنلا "قاشتەشى يولى" ئېچىلىپ، يىراق ئەللەرگىچە تونۇلغان. "قاشتەشى يولى" ئۇدۇندىن باشلىنىپ شەرقتە چەرچەن، كىروران، دۇنخۇاڭنى؛ غەربتە سۇلى، كوسەن، قوجۇ، ئۈرۈمچى... ئۈرغۇلنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇ ئىككى يول يۇمەن قوۋۇقى، جىئۇ چۈئەن قاتارلىق ئىككى جايدا قوشۇلۇپ، ئاندىن داۋاملىق شەرققە قاراپ سوزۇلۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەر قايسى شەھەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، چاڭ ئەن، لوياڭ قاتارلىق شەھەرلەرگە بارغان. "قاشتەشى يولى" يەنە غەرىپتە كابۇن، ئىسپاھان، باغدات ئارقىلىپ ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتاشقان .

غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇدۇننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىرى بىلەن سودا ئالاقىسى تېخىمۇ كۈچەيگەن .ئات، قاشتەشى بۇيۇملىرى ئۇدۇننىڭ تاشقى سودىسىدا مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئۇدۇن سودىگەرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن چاي، يىپەك، مىس، تۆمۈردىن ياسالغان بۇيۇملارنى ئەكىلىپ، خانلىقنى تەمىنلەيتتى ۋە بازارلاردا ساتاتتى. تەتقىقاتچىلار ئەينى دەۋردىكى ئۇدۇننىڭ تاشقى سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقىنى دەلىللەپ چىقتى. ئۇدۇن خانلىقى ئۆز تەۋەسىدىكى جايلاردا جازا ـ توساقلارنى قۇرۇپ، مەخسۇس ئەمەلدار تەيىنلەپ، كارۋان سودىسى ۋە باشقا ئۆزۈن يوللۇق قاتناش ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇلار چەگرا ئەھگىزىدا تۇرۇپ كارۋانلار ۋە

ئەلچىلەرنىڭ رەسمىيەت ھەم يول خەتلىرىنى، ماللىرىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، مەنئىي قىلىنغان تاۋارلارنى كىرگۈزمەسلىك، مۇسادىرە قىلىش، رەسمىيەت ھەققى، يول بېجى، تاۋار(مال) بېجى ئېلىش، ئامانلىق ساقلاش ۋە خەۋەرچىلىك قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان، چەتئەللىك سودىگەرلەردىن يۇقۇرى باج ئالغان .

قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە خاتىرلىنىشىچە، شۇ چاغلاردا سودىگەرلەر ئاز دېگەندە، نەچچە ئون كىشى، كوپ بولغاندا يۈز نەچچە كىشى بىر كارۋان تەشكىلى بولۇپ، مال يۆتكەيتتى .

ئۇدۇن پايتەختى يېپەك يولىدىكى موھىم مال ئالماشتۇرۇش، يۆتكەش بازىرى ئىدى. نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان تارشا پۈتۈكتە كورستىلىشىچە، نىيە شەھىرىنىڭ يېنىدا بىر تەكشۈرۈش ئېغىزى بولۇپ، سودىگەرلەر يول خېتىگە ئاساسەن ئۆتكۈزىلەتتى. بۇ ئەھۋال گۇما ناھىيسى سانجۇدىكى قىيا تاش رەسىمدە مۇنداق تەسۋىرلىگەن: يولنىڭ ئۆتتۈرسىدا تۇرغان بىر ئادەم بەش يۇلتۇزلۇق بىر تاختاينى ئەگىز كوتىرىپ، يولدا ئاتلىق ھەم پىيادە كېلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرغان. تاختايغا خەت ھەم بەلگىلەر ئۇيۇلغان. بۇنى كورگەن يولوچىلارنىڭ بەزىلىرى ئارقىغا قايتىپ ماڭغان، يەنە بەزىلىرى ئوتەلمەي تۇرۇپ قالغان .بۇ سۈرەتلىنىڭ ئومۇمىي كورۈنىشىدىن قارىغاندا، قەدىمدە بۇ جايدا بىر تەكشۈرۈش ئورنى بولۇپ، سودا كارۋانلىرى، ئەلچىلەر ئومگى ۋە باشقا يولوچىلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزگەن. قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، بۇ تەكشۈرۈش ئورنىدىن ئوتىدىغان كىشىلەرنىڭ يول خېتى بولۇشى كېرەك ئىدى. يول خېتىگە شۇ كىشىنىڭ ئىسمى، يېشى، چىراي شەكلى، كىيىم ـ كەچىگى، مىللىتى، بەگلىكى، مېلى، ئات، توگە سانى يېزىلاتتى. نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان تارشا پۈتۈكتە خاتىرلىنىشىچە، بىر توپ سودىگەرنىڭ بىر قېتىمدا ئېلىپ ماڭغان تاۋار ـ دۇردۇنى ئۈچيۈز ئون توققۇز توپ، يەنە بىر تۇركۇم سودىگەرلەرنىڭ ئېلىپ ماڭغان تاۋار ـ دۇردۇنى توتمىڭ ئۈچيۈز يىگىرمە ئالتە توپ بولغان، بۇنىڭدىن ئۇدۇن بازىرىدا تاۋار ـ دۇردۇن سودىسىنىڭ ئىنتىكلىكىنى كىرىۋالغىلى بولىدۇ .

ئۇدۇنغا باشقا ئەللەرنىڭ تاۋارلىرى زور مىقداردا كەلتۈرۈلگەندىن سىرت، ئۇدۇننىڭ ئۆزىمۇ تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرگە قاشتەشى، بوز رەخت، كىگىز، ياۋۇپادىن كىرگۈزۈپ يوتكەيدىغان ئەينەك قاتارلىق ماللارنى چىقراتتى. يىپەك مالار ئىچكى بازار ۋە قوشنا بەگلىكلەردە سېتىلاتتى .

ئىچكى سودىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ زور بولۇپ، ئۇدۇننىڭ قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە خەلقئارا بازارلاردىن كەلتۈرۈلگەن تۈرلىك ماللارنىڭ تاڭ دەۋرىدا "ئۇدۇننىڭ پايتەخت شەھىرى توت تەرەپكە سەككىز ـ توققۇز چاقىرىم كەڭەيگەن، ئۇنىڭ تەۋەلىگىدە بەش چوڭ شەھەر، ئون نەچچە كىچىك شەھەر بولغان" . ئىقتىساد يۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلانغان بولۇپ، ھەرقايسى جەھەتلەردە ئالدىنقى دەۋرلەرنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن. شەھەر ـ بازارلار نەچچە ئونغا يەتكەن .شەھەر ـ بازارلاردا "خەلق خۇددىي يۇلتۇزلاردەك ئولتۇراقلاشقان". ئۇدۇننىڭ "خان شەھرىدە ئۆي ـ كوچىلار رەتلىك سېلىنغان، مەۋە ـ چىۋە، كۆكتاتلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئوخشاش"،" ئۆي، مەھكىمە، قورو، بازارغا ئالما، ئامۇت، كوتاتلار تولغان" ئىدى. "فاشيەننىڭ سەپەر خاتىرى" گە ئاساسلانغاندا، "ئۇدۇننىڭ خان تۇرۇشلۇق شەھرىدە خەلق زىچ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، سانى ناھايتى كوپ ئىدى "، "نىيە شەھرىنىڭ دائىرىسى كەڭ، شەرقتىن غەربكە ۋە جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان شەھەر كوچىسى بار ئىدى. يەنە تاۋارلارنى توپلايدىغان ۋە تارقىتىدىغان بازارلىرى بار ئىدى ". ئۇدۇن شەھرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئۈچيۈز سەكسەن چاقىرىم يىراقلىقتا گۇما شەھرى، غەربىي ئىككى يۈز چاقىرىم يىراقلىقتا گۈچىڭ بازىرى، ئۈچيۈز توقسان چاقىرىم يىراقلىقتا گولئاڭ بازىرى، جەنۇپتىن ئالتەيۈز چاقىرىم يىراقلىقتا ھۇنۇ بازىرى، شەرىقتىن ئۈچيۈز توقسان چاقىرىم يىراقلىقتا كىۋەنچىڭ بازىرى بار ئىدى. چەت ياقىدىكى بۇ بازارلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ كوپىنچىسى ئۇدۇن شەھرىدىن كەلتۈرىلەتتى. دىمەك، ئۇدۇن بۇ بازارلارغا نىسپەتەن مەركىزىي بازار(توپ تارقىتىش بازىرى) ئىدى .

سۇلى بازىرى:

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلى، قەشقەر يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم تۈگۈن ئىدى. قاتناش سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودا كارۋانلىرى سۇلى بازىرىدا چۈشكۈن قىلىپ، بىر قىسىم ماللارنى ئالماشتۇراتتى .يەنە بىر قىسىم ماللىرىنى سۇلى بازىرىدا سېتىۋېتىپ، ئورنىغا سۇلىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالاتتى. بولۇپمۇ بۇ جايدىن چىقىدىغان كىمخاپ بىلەن قاشتەشى داڭلىق بولۇپ، يىراق ئەللەرگىچە تۇشۇلۇپ سېتىلاتتى .

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلى غەربىي يۇرتتىكى ئوتتۇز ئالتە بەگلىكنىڭ بىرى ئىدى. ئاستانىسى سۇلى بولۇپ، شەھەر رايۇندا ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان. سۇلى بازىرى دەل مۇشۇ رايۇندا بولۇپ، قول ھۈنەرۋەنلەر، ئۇششاق تىجارەتچىلەر، دۇكاندار ۋە چەتئەل سودىگەرلىرى توپلانغان جاي ئىدى. "خەننامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى" دە خاتىرلىنىشىچە ، سۇلى ئاستانىنىڭ ئايلانمىسى بەش چاقىرىم كېلىدۇ. چوڭ شەھەردىن ئون ئىككىسى، كىچىك قەلئەلەردىن نەچچە ئونى بار ئىدى. "كېيىنكى خەننامە" دە سۇلى بەگلىكىنىڭ ئاھالىسى يىگىرمە بىرمىڭ تۈتۈن(ئائىلە) ئىكەنلىكى خاتىرلەنگەن. دېمەك سۇلى بۇنىڭدىن ئىككىمىڭ يىل ئىلگىرىلا شەھەر تۈرمۇشىغا كوچكەن بولۇپ، شەھەر كۆلىمى كىچىك ئەمەس ئىدى. سۇلى بازىرى سۇلى شەھرىدە بولۇپ، سۇلى بەگلىكىگە قاراشلىق يىگىرمە بىر چوڭ شەھەرنىڭ ئىچىدە مەركىزىي شەھەر ئىدى. مەركىزىي شەھەرنىڭ سودا ـ بازارلىرى ئىنتايىن ئاۋات بولۇپ، باشقا شەھەر ـ بازارلارنى ھەر خىل ماللار بىلەن تەمىنلەيتتى .

سۇلى بازىرى ـ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرسىدىكى موھىم سودا مەرگىزى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن شەھەرلەر بىلەنمۇ قويۇق سودا ئالاقىسى بار ئىدى .

ئوتتۇرا ئاسىيا سودا كارۋانلىرى سۇلى بازىرىدىن غەرب ۋە شەرقنىڭ ئېسىل ماللىرىنى سېتىۋېلىپ كېتەتتى. كېيىنكى مەزگىللەردە سەمەرقەنت شەھرى جەنۇبىي دەرۋازىسىنىڭ "قەشقەر دەرۋازىسى" دەپ ئاتالغانلىقى سۇلى بازىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىكى ئورنىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

# ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى توغرىسىدا

ئاپتورى:ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن
بوستانغا يوللىغۇچى: نازىنىن

ئۇيغۇرلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا توپلىشىپ ياشايدىغان غوللۇق، يەرلىك مىللەت ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقى يۈرگۈزگۈچى مىللەت. ئۇيغۇرلار پارچە ھالەتتە، جۇڭگونىڭ بىر قاتار چوڭ شەھەرلىرىدە خىزمەت ۋە تىجارەت قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار جۇڭگودىن باشقا، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان (ئاساسلىقى بايرام ئەلى رايونى)، پاكىستان، ئەرەبىستان، تۈركىيە، ئاۋستىرالىيە، گېرمانىيە، روسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە كۆرۈنەرلىك نوپۇستا، مۇئەييەن جامائەت تۈركۈمى شەكلىدە ياشايدۇ .

ئۇيغۇرلار ھازىر دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق، مەدەنىيەت ـ مائارىپ قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار ھازىر بازار ئىگىلىكىنى مەركەز ۋە تەڭشىگۈچ قىلغان ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا بارغانسېرى ئۆزلەشمەكتە .ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى قاتلىمىنى ھاسىل قىلماقتا .

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيا تېپىدىكى قەدىمكى قەبىلە ۋە خەلقلەردىن تەشكىل تاپقان. جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت مەنبەسى توغرىسىدا كۆپ ئىزدەندى. ئۇلار مىلادىيەدىن 3000 ـ 2000 يىل ئىلگىرى شىمالىي ئالتاي دالىسىدىكى ئاندرونوۋ ـ منوسىنىك رايونلىرىدا ياشىغان ئارى (ئارىيان) قەبىلىلىرى، سكتاي ـ ساك خەلقلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئاسىياچە ئاق جىنسلىق (ئاق تەنلىك (ئەجدادلىرى دەپ قاراشماقتا. قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ باش سۆڭەك ئانالىزى، قان تىپى، قەدىمكى ئارىيان ـ سكتاي ـ ساك ئەپسانە فولكلورى، كىيىنىش ۋە مۇزىكا، ئۇسسۇل، بايرام، سەيلە ـ مەرىكىلىرى بۇ مۇھاكىمىگە كۈچلۈك ئىسپات ھازىرلاپ بەردى. ئەينى زاماندىكى «ئات مەدەنىيىتى» بۇ كەڭ ماكاندا جۇڭگونىڭ رەسمىي يىلنامىلىرىدا «ئۇلۇغخور» دەپ ئاتالغان ئارىيان ـ سكتاي ـ ساك خەلقلىرىنىڭ زور يۇغۇرۇلۇشىنى مەيدانغا كەلتۈردى .

ئارىيان ـ سكتاي ـ ساك قەبىلىلىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ـ 2000يىللاردىن تاكى 6 ،5 ئەسىرلەرگىچە غەرب، جەنۇب ۋە شەرققە يۆتكىلىپ، ئىران ئېگىزلىكى، ھىندىستان زېمىنى ۋە چىلەن تاغلىرى ئەتراپىغا كېڭەيدى ۋە ئىرانى خەلقلەر، ھىندىستان ئارىيان ـ ساكلىرى، تارىم ساكلىرى ۋە توخار قەبىلىلىرىنىڭ مىللەت تەركىپىگە سالماقلىق تەسىر كۆرسەتتى .مىلادىيەدىن ئىلگىرلا ساكلارنىڭ ئاسنا قەبىلىلىرى بىلەن موڭغۇللۇئىد (موڭغۇل ئىرقى (تېپىدىكى ئاشىد قەبىلىلىرى ئاسنا ئۇرۇقىنى ئاساس قىلىپ قوشۇلدى. نەتىجىدە مەركىزىي ئاسىيا ئۇلۇغخورلىرىنىڭ ـ 2تۈركۈمى ـ تۈرۈكلەر مەيدانغا چىقتى. ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ ئارىيان ـ سكتاي ـ ساك خەلقىنىڭ يىراق ئەۋلادى، تۈركىي تۈركۈمنىڭ يېقىن ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ .

جۇڭگو يىلنامىلىرىدە غەربىي جۇسۇلالىسى زامانىدىكى ھازىرقى گەنسۇ (كەڭ ساي) ۋە ئوردوس ئوتلىقى ئەتراپىدا ياشىغان گۈيفاڭ، دى ـ زەي قەبىلىلىرىنى كېيىنچە بايقال كۆلى ئەتراپىدا ياشىغان دىڭلىڭ (دەنلەن) خەلقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە مەنبەلىرىدىن بىرى دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار. ئۇلار

دىڭلىڭلارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي دىڭلىڭلارغا ئايرىپ، بايقالدىن يېنسەيگىچە، يېنسەيدىن يەتتە سۇ ۋە سىر دەرياسى ساھىللىرىغىچە ياشىغان دەپ قارايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دىڭلىڭلاردىن باشقا، قەدىمكى تۇرپان، كروران ئاھالىلىرى بولغان ئۇجىيې، ئۇخۇ ۋە قوش قاڭقىل قەبىلىلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت مەنبەسى دېگەن قاراشلارمۇ مەيدانغا چىقتى .

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەت، ئارىيان ـ سكتاي ـ ساك ـ تۈركىي خەلقلەر تۈركۈمىدىكى مەدەنىيەتلىك خەلق. ئۇلارنىڭ جىسمانىي خۇسىيىستى ۋە قان ئالاھىدىلىكى، تىل ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئېتنوگرافىك تۇرمۇش ئادىتى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى يىراق تارىخىي قاتلاملىرىنى، تارقىلىش ماسشتابىنى، مىللەت مەنبەسى ۋە ھەرخىل تەركىبلەرنى، ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى، ئەجدادلىرىنىڭ بارلىق مۇنەۋۋەر فولكلورى ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىش سالاھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

ئۇيغۇرلار ئوتلاق مەدەنىيىتى، ئاتلىق كۆچۈش قىسمەتلىرى، بوستان مەدەنىيىتى، يىپەك يولى ئالاقىلىرى، كۆپخىل دىنىي مەدەنىيەت باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈردى .

ئورخۇن ۋادىسىدىن تارىم ۋادىسىغىچە كۆچكەن ۋە بۇ يەردىكى ساك، توخار، سوغدىلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ مەيدانغان كەلگەن دېگەندە، يەنىلا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى ساك، ئورخۇن سوغدىلارنىڭ قايسى تارىخىي قاتلامدا قانداق تىلدا سۆزلەشكەنلىكىدىن قەتئىنەزەر، ئورتاق ھالدا مەركىزىي ئاسىيا ئۇلۇغ خورلىرى بولغان ئارىيان تۈركىمى ۋە تۈركىي تۈركۈمگە بولغان تېرەن يىلتىزداشلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك. بۇ خەلقلەر كۆچمە چارۋىچىلىق ۋە «ئات مەدەنىيىتى» تۈپەيلىدىن مەركىزىي ئاسىيا رايونىغا ـ مۇھىمى تارىم ۋە سىر دەريالىرى ۋادىلىرىغا، بايقال ۋە موڭغۇل ئوتلاقلىرىغا كەڭ تارقىلىپ ياشىدى. ئۇلار جۇڭگو ۋە ئىران (ئاخمانى) ئىمپېرىيىلىرىگە يېقىن جايلاردا ھاكىمىيەت مەركەزلىرىنى بەرپا قىلغان ھون ۋە ساك ئەنئەنىلىرىگە دېيەرلىك ۋارىسلىق قىلدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرلىپ، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ خان ئۇرۇقى بولغان ياغلاقارلار گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغاندىن باشقا، ئادىزلار باشچىلىقىدىكى باشقا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قوچۇ، كۇسەن، قەشقەر، سۇياب ـ سىر دەرياسى ۋادىسىغا يۆتكىلىپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار ھاكىمىيەتلىرىنى بەرپا قىلدى. خوتەن ياغلاقار قالقالۇخانى داۋاملىق گەنجۇ ياغلاقار ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قۇدىلىق مۇنا سىۋىتىنى ساقلىدى. بۇ، ئورخۇن ۋە گەنجۇ، خوتەن ياغلاقارلىرىنىڭ قەبىلىۋى يېقىنلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

بۇ خۇددى ئۇيغۇرلار قەدىمكى سەمەرقەند ھاكىمى ئاپراسىياپنى ئۆزىنىڭ قەھرىمان پادىشاھى دەپ ئىزچىل ھۆرمەتلەپ كەلگىنىگە ئوخشاش ئەھۋال .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنونىمى (مىللەت نامى) قاچان كېلىپ چىققانلىقى نامەلۇم .بىرىنچىدىن، بۇ ئېتنونىمنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى ئېتنىك تۈركۈمنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى قىلىپ بېكىتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان قەبىلە دەسلەپ ياغلاقار باشچىلىغىدىكى ئۇيغۇر ئىتتىپاقىغا قاتناشقان بىر قەبىلىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ خاسىيەتلىك نام پۈتۈن ئۇيغۇر ئىتتىپاقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئورتاق نامى قىلىپ قوبۇل قىلىنغان، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ گەنجۇ، ئىدىقۇت، كۇسەن خانلىقلىرى ئۆز سەلتەنەت ناملىرىغا

ئۇيغۇرناملىرىنى قوشۇپ ئىشلەتكەن. هازىرقى يۇگۇ ـ سېرىق ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز نامىنى ياغلاقار ياكى باشقا قەبىلە نامىدا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر نامىدا ئىشلەتتى .

»ئۇيغۇر» ئىبارىسى ئومۇمى مەنىدە «ئۇيۇشۇش، ئۇيۇشماق» مەنىدە ئىزاھلانماقتا .

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيتى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر نامىنى قوللىنىشى ۋە سىياسى هاكىمىيەت ئورنىتىشىدىن خېلى بۇرۇنلا تەدرىجىي شەكىللەندى ۋە ئۇيغۇر هاياتىنىڭ هەرقايسى تارىخىي قاتلاملىرىدا داۋاملىق راۋاجلىنىپ، تۇرمۇش مەدەنىيتى ئىزچىللىقى بىلەن تارىخىي قاتلاملىقى زەنجىر هالقىسىنى هاسىل قىلدى. بىز هازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيتىگە نەزەر سالساق، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇكەممەل ئېتنولوگىيلىك تۇرمۇش مەدەنىيتىگە ئىگە ئېتنىك مىللەت ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۇرىمىز .

ئۇيغۇر تارىخىدا جەڭگىۋار ئاياللار، هاكىمىيەتكە قاتناشقان تۇركەن خاتۇندەك ئاياللار، شائىرە ۋە مائارىپچىلار خېلى كۆپ بولغان. تۇغۇت مۇناسىۋتى بىلەن ئانا ـ باللار مەبۇدىسى ئوماي ئانىغا (ئىسلامىيەتتىن كېيىن بۇۋى پاتىمىگە) سېغىنىش، باللىنىڭ قىرىق سۈيى، ئات قۇيۇش مۇراسىمى، بۆشۈك تويى، ئوغۇل بالا يەتتە ياشقا توشقاندا خەتنە قىلدۇرۇپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈش، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە ياكى هۈنەرگە بېرىش ئادەتلىرى ئىزچىل ساقلىنىپ كەلدى .

ئۇيغۇرلاردا نىكاھ مۇناسىۋتى بىلەن چاي ئىچكۈزۈش، توي ئالدىدىكى مەسلىهەت چايلىرى، نىكاھ ئوقۇپ قىز ـ يىگىتنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش، توي مۇراسىمى، يىگىت ـ قىزلار ئولتۇرۇشى، قۇدىلار چىللاقلىرى ئىزچىل ساقلىنىپ كەلدى .ئۇيغۇرلاردا دەپنە مۇراسىمى هەرقايسى دىنىي مەدەنىيەتلەر تەسىرىدە هەرخىل بولسىمۇ، ئەمما مېيىتنى پاكىزە يۇيۇپ كېپەنلەش، هازىدارلار ئاق رومال سېلىپ، ئاق بەلۋاغ باغلاپ يىغا ـ زارە قىلىش، مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش، جىنازىنى ئالمىشىپ تالىشىپ كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىش، لەهەتتە مېيىتنىڭ يۈزىنى قىبلە (غەرب) تەرەپكە قىلىپ ياتقۇزۇش، ئىچ گورنىڭ ئاغزىنى كېسەك بىلەن ئېتىپ، تاش گورنى تۇپا بىلەن كۆمۈش، قەبرە بېشىدا مېيىتنىڭ ئىجابىي تەرىپىگە گۇۋاهلىق بېرىش، قەبرە تېشى ـ گۈمبەز ئورنىتىش، مېيىتنىڭ يەتتە، قىرىق، يىل نەزىرلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى بىردەك ئىزچىل بۇلۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى مېيىت سۆڭكىنى كاهىش (ساپال) ساندۇققا سېلىپ يەرلىككە قۇيۇش، مېيتنى تاش گۆرگە كۆمۈش، مېيتنى ئاستىغا ياغاچ شادا قويۇلغان گۆرگە ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە قىزىل تۇپراق ۋە قۇم تۆكۈپ كۆمۈش، شام گۆرگە قويۇش قاتارلىق دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرىنىمۇ قوللاندى .

ئۇيغۇرلاردا هېيت ـ ئايەملەر قەدىمكى تەقۋىم (كالېندار) قائىدىلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلۈپ كەلدى. «نەۋرۇز» (نورۇز) بايرىمى، » كۆك مەشرىپى» ، «سۇ مۇلەك» ئايەملىرى باهار ـ نورۇز بايرىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ بايرام يىراق قەدىمكى زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭغا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلار يەنە «قىزىل كۈل سەيلىسى» ، «قوغۇن سەيلىسى «قاتارلىق يازلىق ـ كۈزلۈك بايراملارنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇددىزىم مەزگىلىدە بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «بۇرهان (بۇت) يۆتكەش» مۇراسىملىرى بولغان ئىدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، قۇربان هېيت، روزا هېيت ئايەملىرى نورۇز بايرىمى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق بايراملىرى بولۇپ قالدى .

ئۇيغۇرلاردا يېقىنقى يىللارغىچە (يېزىلاردا ھېلىمۇ بار) قورۇ ئىگىلىكى ھەر بىر چوڭ ئائىلىنىڭ تۇرمۇش ھۇجەيرىسى بولۇپ كەلدى .چۆللۈكلەر بىلەن قورشالغان ھەرقايسى بوستانلىقلار قويۇق دەرەخلەر، ئېقىن سۇلار، ئۆم ئۇلتۇراقلاشقان ئاھالىلەر بىلەن قاپلىنىپ قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى قورۇلارمۇ مېۋىلىك باغ، ئۈزۈم باراڭلىرى بىلەن قاپلىنىدۇ، ئۇيغۇر قورۇلىرى نەقشىلىك دەرۋازە، پېشايۋان، ئايۋان ـ ساراي، ئوغۇل ـ قىزلار ئۆيلىرى، قازناقلار بىلەن بىر يۈرۈش قىلىنىدۇ .بەزى قورۇلار بالخانا ئۆيلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆپىنچە ئۆيلەر گەجلەنگەن ۋاسا بىلەن جۈپ قىلىپ يېپىلىدۇ. ھەرخىل نەقەشلىك مېھراب (مەرەپ) ، تەكچە ۋە مورىلار بىلەن بېزىلىدۇ .

ئۇيغۇرلار ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىغا ئەزەلدىن ھېرىسمەن مىللەت، ئۇلار قەدىمكى مۇراسىملار، مىلىس ـ مەشرەپلەر ئاساسىدا يەرلىك خەلق مۇقام ـ مەشرەپ ـ سەنەملەرنى شەكىللەندۈردى. مىلىس ـ مەشرەپلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتنوگرافىيە مەكتىپى، ئەخلاق ـ ئەقىل مەكتىپى، ناخشا ـ ئۇسسۇل مەكتىپى بولۇپ كەلدى. شۇ ئاساستا ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» شەكىللەندى .

ئۇيغۇرلار خەلق فولكلورى ـ ئېغىز ئەدەبىياتىغا باي خەلق. ئەڭ يىراق شامانىزم ئەپسانىلىرىدىن بۈددىزم دەۋرى ھېكايەتلىرىگىچە، قەدىمكى قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرى، ئەجداد سېغىنىش رىۋايەتلىرى بولغان، «بۆرە ھېكايىسى»، «ئوغۇز نامە»، «ئاپراسىياپ رىۋايىتى»، «چىستانى ئىلىك بەگ رىۋايىتى»، «دەدە قورقۇت»، «تومارىس»، «غېرىب ـ سەنەم» قاتارلىقلار بىلەن مىڭلىغان تارىخىي قوشاقلار، لەتىپە ۋە ئەقلىيە سۆزلەر ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلىنى سالدى. ئۇيغۇرلار خەلق ئەدەبىياتى ئاساسىدا يازما ئەدەبىيات ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات دۇردانىلىرىنى ياراتتى. ئۇنىڭ ئەڭ بۈيۈك سەمەرىسى «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت .ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇرلاردىكى پەلسەپىۋى، دىنىي، ئەخلاقىي، تارىخىي، ھوقۇقىي كۆز قاراشلارنى شېئىرىي تۈستە ئىپادىلەپ، ئۇيغۇر روھىيەت تارىخى ۋە تەپەككۇر تارىخىنىڭ باي، رەڭدار خەزىنىسىنى ھاسىل قىلدى .

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ تەسۋىرىي سەنئەت ھېرىسمەنلىرى ئىدى. ئۇلار قىيالارغا تۇرمۇش ئوبرازلىرىنى چېكىپ، بالباللار ۋە تاش پۈتۈك (ئابىدە) لەرنى ئورنىتىپ، ئالتۇن، مىس ـ كۈمۈشلەردىن زىبۇ ـ زىننەتلەرنى ياساپ، كاھىش، قاش (قاشتېشى (تىن گۈزەل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ، تاشكېمىر سەنئىتى بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، تام رەسساملىقى، ياغاچ ئويما، تاختا سىزما، مېتال ۋە توقۇلمىلارغا رەسىم ئىشلەشتە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى. شىنجاڭدىن تېپىلغان زورو ئاستېر (ئاتەشپەرەستلىك)، بۇددا ۋە مانى دىنىغا ئائىت تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ھېلىمۇ جاھان تەتقىقاتچىلىرىنى مەپتۇن قىلماقتا .

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ تاماق مەدەنىيىتىدە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا ئالدىنقى شۆھرەتكە ئىگە. تاماق مەدەنىيىتى بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ يىراق تارىخىي قاتلاملىرى بىلەن ئۇنىڭ ئېرىشكەن كامالەت دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. قايسى بىر تەتقىقاتچى: ئۆزۈپ تاشلاپ ياكى پىچاقتا كېسىپ ئېتىلىدىغان سۇيۇقئاش بىلەن ئىنچىكە سوزۇلغان ئەشمە (لەغمەن ( ئارىسىدا بىر مىڭ يىللىق مۇسۇپە ياتىدۇ، دەپ توغرا ئېيتقان ئىدى. تونۇردا ھازىرلىنىدىغان ھەرخىل

تائاملار، ئۆيكە، ھېسپ، پېتىر مانتا ۋە ئەۋرابىا قاتارلىق ئۇيغۇر تائاملىرىغا ئاپىرىن ئېيتمايدىغان كىشى بولمىسا كېرەك. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئىشلەپ چىقارغان ھەرخىل مەيزاب ۋە ھاراقلار ھەتتا تاڭ تەيزۇڭنىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى. ئۇيغۇر تائاملىرى يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغىغا جايلاشقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پىداكارانە مېھماندوستلۇق ئەنئەنىسىگە ھەسسە قوشتى. ئۇيغۇر تائاملىرى، ئۆز نۆۋىتىدە ئوزۇقلۇق ۋە تېبابەت قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇش بىلەن يەنە شەرق ـ غەرب خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئىشتىھا تەلىپىگە ئۇيغۇن بولدى .

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش مەدەنىيىتى يىراق تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ كەلدى. بىز بازىرىق، قاراسۇق، ئەسكى قەلئە، كونا كروران، قەدىمكى قۇمۇل قارا دۆۋە قاتارلىق قەبرىستانلىقلار بىلەن سكتاي ـ ساك سىزما يادىكارلىقلىرى، بۇددا تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەل ئېتنوگرافلىرى سۈرەتكە ئالغان ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ كىيىنىشلىرىدىن ئۇيغۇر كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ تۇرمۇش، ئاتلىق يۈرۈش، جەڭ ئېھتىياجىغا لايىق بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە غايەت زور ئېستېتىك ئالامەتلىرىگە، ھەتتا مانىنىزىملىق (زىننەت ۋازلىق) ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ ھال مىلادىدىن ئىلگىرىكى جاۋلىن ۋاڭنىڭ، مىلادىنىڭ بېشىدىكى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ، شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ، ئوتتۇرا تاڭ زامانىنىڭ »خۇركىيمى« قىزىقىش دولقۇنىنى شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇرچە كىيىنىش، زىبۇ ـ زىننەت، ئاتقا مىنىش ۋە ساز ـ ئۇسسۇل، ھەتتا مەي مەدەنىيىتى نۇرغۇن شائىرلارنىڭ شېئىرىي مىسرالىرىغا ئىلھام بەردى .

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىدە ئۇيغۇر سادا ـ تىجارىتى كۆزۈنەرلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئەڭ يىراق ئەجدادلىرىدىن سكتايلارنىڭ ئاتلىق ـ تۆگىلىك جاھانكەشتىلىك ئەنئەنىسىنى ئۆزلەشتۈردى. ئۇلار قاشتېشى ۋە ئالتۇن سودىسى، يىپەك يولى سادا تىجارىتىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئىران، ۋىزانتىيە ئارىسىدىكى سودىنى تىزگىنلىدى. مەشھۇر سۇدا ئاھالىسى دەپ ئاتالغان سوغدىلارنى ئۆز مىللىي تەركىبىگە سىڭدۈرۈپ، ئىران سودىگەرلىرىنى سۇندۇردى ۋە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ سودا ۋازارىتىنى بىكار قىلىپ، ئۇيغۇر سودا سارىيى قۇرۇشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېسىم كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ياسداق سودا دۇكانلىرى، مەيخانا ئېچىپ، ئۆز زېمىندا مال سېتىش ۋە يەرمەنكە بىلەن شۇغۇللانغۇچى «ھەتتار» لاردىن پەرقلىق ھالدا، دۆلەت، رايون ھالقىپ، يىنىك ۋە قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى ئېلىپ يۈرۈيدىغان خەلقئارالىق سودا كارۋانلىرى تۈزدى ۋە دۆلەت ـ رايونلار ئېتراپ قىلىدىغان ئالتۇن ئاقچا بىرلىكىنى ياراتتى .ئۇيغۇر تۇرمۇش مەدەنىيىتىدە تەنتەربىيە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .ئوقيانى ئات ئۇستىدە ئارقىغا ئېتىپ نىشانغا تەگكۈزۈش، چېلىشىش، ئات ئويۇنى، ئات توپ) چەۋگەن توپ)، ئوغلاق تارتىشىش، ساغاردى ئويناش، دارۋازلىق، سېھرىگەرلىك، موللاقچىلىق، ساقا ئويناش، شاھماتۋازلىق، گاگا توقماق، لەگلەك ئۇچۇرۇش ۋە نۇرغۇنلىغان باللار ئويۇنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرادە چېنىقتۇرۇش، ماھارەت يېتىلدۈرۈش تىپىدىكى تەنتەربىيە مەدەنىيىتى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى .ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن ھەممە شەرتلىرى مۇكەممەل ئېتنولوگىيىلىك مىللەت ئىكەنلىكى شۈبھىسىزدۇر .ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتى بۇ ھۆكۈمنى ھەر تەرەپلىمە ئىسپاتلايدۇ .ئۇيغۇرلار تېخى ئىجتىمائىي مىللەت ۋە سىياسىي مىللەت كاتېگورىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئەمەس

# تۇران ئاتالغۇسىنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى ھەققىدە

بوستانغا يوللىغۇچى: كۈنتاش

تۇران ئاتالغۇسى تارىختىن بۇيان ئىككى خىل مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ كەلدى . ف . ئېنگېلس "تۇران" ئاتالغۇسىنى جۇغراپىيىلىك نام سۈپىتىدە ، "تۇرانلىقلار" ئاتالغۇسىنى خەلقلەر ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ئىنسان تۈركۈمى نامى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن . "بۈيۈك لۇغەت ۋە ئېنسىكلوپېدىيە" دە : "تۇران ـ ـ ـ تۈركى تىللىق خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى ئىرانلىقلارنىڭ بەرگەن نامى دېيىلگەن بولسا ، "قۇتادغۇ بىلىك" داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بۇ ئەسەرنى مۇشۇنداق نام بىلەن 'تۇرانلىقلار" نىڭ ئاتايدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن ، يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلارمۇ" تۇران ـ ـ ـ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى تىللىق خەلقلەر ياشايدىغان يۇرتلارنىڭ قەدىمكى نامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ياكى تۈركى تىللىق خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ " دەپ ئىزاھات بېرىشكەن .

شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى 1984 ـ يىلى "شاھنامە" نىڭ " رۇستەم ۋە سوھراپ" بابىنىڭ تەرجىمىسىنى نەشر قىلغاندا فىردەۋسى تىلغا ئالغان "تۇران" سۆزىنى تەرجىمان مۇنداق ئىزاھلىغان : "تۇران ـ ـ ـ ئەسلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت كەڭ تېرورتورىيە ئىدى . بۇ يەرگە ئىران قەبىلىلىرى جايلاشقان ، كېيىنچە بۇ يۇرتنى تۈركى مىللەتلەر ئىگىلىگەن ۋە 'تۈركىستان' غا ئۆزگەرتكەن . >شاھنامە <دە فىردەۋسى' تۇرانلار' بىلەن 'تۈرك' لەر دېگەن ئىككى سۆزنى ئوخشاش مەنىدە قوللانغان . "

ئالىم لىيوڭ بىرقەدەر كونكرېت پىكىر يۈرگۈزۈپ : "يېقىنقى ۋە ھازىرقى ئىلىم ساھەسى 'تۇران' ئىبارىسىنى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ بولغان تۈركى تىللار ئائىلىسى ، ھەتتا پۈتكۈل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قاراپ كەلدى " دەپ يېزىپ ، "ئۆز تارىخىنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرىدا نەچچە قېتىملاپ پۈتۈن مىللەتنىڭ قەلب ساداسىنى ياڭرىتىپ قوراللىق ، ھەيۋەتلىك ۋە شانلىق كۈرەش مۇساپىلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن تۇرانلىقلار" دېگەن شەكىلدە تارىخقا ياندىشىپ ، ئۆز پىكرىنى يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا قاراتمىلىققا ئىگە قىلغان.

چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ تەسىرلىك رول ئويناپ "يىپەك يولىدىكى بىرىنچى قاتاردىكى قەھرىمان" ۋە "يىپەك يولىدا تۇغۇلغان بىرىچى قاتاردىكى شاھ" دەپ شۆھرەت قازانغان ئەمىر تۆمۈر (1405 ـ 1333 ) ئۆز ئۆگۈتلىرىدە " بىز كىم ـ ـ ـ مۈلكى تۇران ، بىز كىم ـ ـ ـ مىللەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى بولغان تۈركنىڭ باش بوغۇنى" دەپ ھەيۋە كۆرسۈتۈپ ، "تۇران" نى بىر ئەل سۈپىتىدە بايان قىلغان . بۇ تارىختىكى كىشىلەرنىڭ بايانلىرى بولۇپ ، ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي جور بولۇش كېرەك دېگەن مەنتىقە چىقىرىلماسلىقى كېرەك ، ئەلۋەتتە.

بۇ ئاتالغۇنىڭ قوللىنىشى دەسلەپتە قەدىمكى پارس ـ ئىران ھۆججەتلىرىدە ئۇچرايدۇ.

بىرىنچى ، "ئاۋېستا" دىكى "تۇرا "، "تۇر" لار ئىران قەبىلىلىرىنىڭ شىمالىدىكى زور بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا قارىتىپ قوللىنىلغان . بۇ قەبىلىلەر ئەينى چاغدا ئوت ـ سۇ قوغلۇشىپ ، كۆچمەن

تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قەبىلىلەر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ماكان تېرىتورىيىسى مۇقىم شەكىللەنمىگەن . شۇڭا ، بۇ نام ئۆز زامانىسىدا مۇئەييەن تېرىتورىيىسىنى ئىپادىلىمەي ، بەلكى قەبىلە ـ قوۋم نامى شەكلىدە قوللىنىلغانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

ئىككىنچى ،" ئاۋېستا" دەۋرىدىن كېيىن ئىرانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت رايونىنىڭ شىمالىدىكى چەكسىز تېرىتورىيىنى "تۇران" دەپ ئۇ يەردە ياشىغان خەلقلەرنى "تۇرانلار "دەپ ئاتىغان . بۇ "تۇرا ـ تۇر" دىن " تۇران" نىڭ كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
ئۈچىنچى ، "ئاۋېستا" دا تىلغا ئېلىنغان "دىۋە كەبى "،" يالغانچى" ، "رەزىللىك" دە ئۇچىغا چىققان "ئارجاسىب" نىڭ "شاھنامە" دە "تۇران شاھى" دەپ تەسۋىرلىنىش "ئارجاسىب" نىڭ "جەڭگىۋار تۇرلار" دەپ ئاتالغان قوۋملارنىڭ يېتەكچىسى بولۇشى مۇمكىنچىلىكىنى ، بۇنىڭ "تۇران شاھى ئافراسياپ" دېگەن ئۇقۇم بىلەن مەزمۇنداش ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.
تۆتىنچى ، "شاھنامە "دە ئافراسياپ تۇران شاھى دېيىلىش بىلەن بىرگە "تۈركلەرنىڭ خانى" دېگەن ئۇقۇم تەڭ مەنىدە قوللىنىلغان . دەرۋەقە تارىخشۇناس سىن جومىيەن بەزىلەر "تۇرا" تۈركلەرنىڭ بوۋىسى دەپ قارايدۇ ، دېگەن مەزمۇندا پىكىر بايان قىلغان بولۇپ ، بۇ "تۇران" بىلەن" تۈرك" نىڭ "شاھنامە" قاتارلىق كىتاپلاردا پاراللېل قوللىنىشىنىڭ رېئاللىقتىن ئانچە چەتنەپ كەتمىگەنلىكىنى ، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بىپايان تۈزلەڭلىكتە ياشىغان تۇرانلارنىڭ ئاساسىي قەبىلىلىرى دەۋرنىڭ ئالمىشىشى ، ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتى ھەم مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىش قانۇنىيىتىگە ماسلاشقان ھالدا كېيىنكى دەۋردىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ بىر تارماق مەنبەسى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىقلىققا ئىگە قىلىدۇ.
بەشىنچى ، كىشى ئىسىملىرىدىمۇ ، مەسىلەن ، ئەرلەر ئارىسىدا تۇر ، تۇراخۇن ، تۇران ئاخۇن ، ئاياللار ئارىسىدا تۇرخان ، تۇخان ، تۇراخان ، تۇرانقىز ، تۇرانخان دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار بار . بۇنىڭدىن تۇر ، تۇرا ، تۇران ئاتالغۇلىرىنىڭ تومۇرى ھەم مەزمۇنى ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا ئىستىمال قىلىنىۋاتقان بۇ ئىسىملارنىڭ يىلتىزىنى "ئاۋېستا دەۋرى" دىن سۈرۈشتە قىلساق غەلىتە بولماس.
ئالتىنچى ، مەھمۇد قەشقەرى "تۈركىي تىللار دىۋانى" دا "ئان ـ ئەن" قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇپ كۆپلۈك مەنىسىنى بىرىدىغانلىقىنى ، شۇنىڭغا مۇناسىپ "ئەر" نىڭ كۆپلىكى 'ئەرەن" ، "ئوغۇل "نىڭ كۆپلىكى "ئوغلان" ئىكەنلىكىنى ئېيتقان . مۇشۇ ئەھۋالغا قاراپ ، "تۇر ـ تۇرا" نىڭ كۆپلۈك شەكلى " تۇران " بولۇشى ئېھتىمالغا خېلىلا يېقىن .
يەتتىنچى ، پارسلارنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدە سۆزلەنگەن فېرىدون ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارمۇ بەلگىلىك تولۇقلىما ماتىرىيالغا ئىگە قىلىدۇ . بىر خىل ئەپسانە رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ، فېرىدون ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن دۆلەتنى ئۈچ ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ . چوڭ ئوغلى سىلمىگە رومنى ، ئوتتۇرانچى ئوغلى تۇرغا تۇران ۋە چىننى ، كەنجى ئوغلى ھىلاجغا پۈتكۈل ئىراننى سۈيۈرغال قىلىپ بەرگەن . بۇنىڭغا قارىغاندا "تۇر" غا تەككەن يەر "تۇرنىڭ ئەۋلادلىرى ھەم ئۇنىڭ زېمىنى "مەنىسىدە "تۇران" دەپ ئاتالغان . "شاھنامە" دىكى ئافراسياپنىڭ ئاغزىدىن

بېرىلگەن. . . . . " تۇران بىلەن ئىراننىڭ زىددىيىتى سىلم بىلەن تۇران زامانىسىدىن باشلانغاندۇر "دېگەن گەپتىن ھەم فىردەۋسىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى تۇرنىڭ "شاھنامە" نىڭ يەنە بىر يېرىدە ئافراسىياپ ئاغزىدىن "تۇران" شەكلىدە بېرىلگەنلىكىمۇ "تۇر" بىلەن "تۇران" نىڭ نامىنى ئۆزئارا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ . ۋاھالەنكى ، بۇلار ئەپسانە ـ رىۋايەتلىك چۈشەنچە بولسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ تارىخىي ئۇقۇملارنى بايان قىلىشتا ۋاستىلىك ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى يوقۇنلەي ئىنكار قىلىۋەتمەيدۇ .

سەككىزىنچى ، ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامى (1917 ـ 1836 ) 1911 ـ يىلى تاماملىغان "تارىخىي ھەمىدي" ناملىق كىتابىدىكى "تۇران" دېگەن نام 'تۇرك" بىلەن ' تۇر ' سۆزىنىڭ قوشۇلىشىدىن پەيدا بولغان " دېگەن بايانىدىن ئۇنىڭ بەلگىلىك ئېنىقلىما ماتېرىياللىق رولى بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئەسكەرتىش : ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن "ئاۋېستا" سۆزىگە قىسقىچىلا ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدۇم .

"ئاۋېستا" دىكى مەركىزىي ۋەقەلىك ئىران قەبىلىلىرى بىەن شىمالدىكى جەڭگىۋار كۆچمەن قوۋملارنىڭ ئۆزئۆنغا سوزۇلغان جەڭگى ـ جېدەللىرى تەسۋىرلەنگەن . ئىران قەبىلىلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان سەردار ھىلاج ، سۇقرات ، سىياۋۇش ۋە ئىسپەندىيارلار بولسا ، شىمالدىكى قەبىلىلەرگە تۇر ، ھۇشاڭ ۋە ئافراسىياپلار باشچىلىق قىلغان . "ئاۋېستا" دا "ئارجاسپ" دېگەن بىر قەھرىماننىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ ھەم ئۇ ئىران قەبىلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى سۈپىتىدە نۇرغۇن قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

دېمەك ، "ئاۋېستا" دىكى "تۇرا" ، "تۇر" نامى "باھادىر زەررىگە مەرسىيە" ۋە" شاھنامە" لەردىكى "تۇران" ئاتالغۇسىنىڭ دەسلەپكى شەكلى دەپ قاراش مۇۋكىنچىلىگى بار

.

## ئاپپاق غوجىنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى

ئاپتورى :مۇختار قادىر ھونزادە
بوستانغا يوللىغۇچى: يالقۇن

بىز تارىخىمىزنى ۋاراقلاپ كۆرگىنىمىزدە مەخمۇت قەشقىرى،يۈسۈپ خاس ھاجىپ،خانىش ئامانىنساخانغا ئوخشاش مەدەنىيەت چولپانلىرىنىڭ ئاجايىپ تۆھپىلىرىدىن پەخىرلەنسەك،مەخدۇم ئەزەم،ئاپئاق خوجىلارغا ئوخشاش جاھالەت پىرلىرىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن ئىختىيارسىز غەزەپلىنىمىز.شۇ سەۋەپتىن،ئالدىنقىلارنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى ئەسلەش قانچىكى زۆرۈر بولسا،كېيىنكىلەرنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا كەلتۈرگەن زىيانلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈشمۇ ئوخشاشلا زۆرۈر بولماقتا.چۈنكى،ئاللىقاچان تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلىنىپ كەتكەن ئۇ كىشىلەر مىللىتىمىز ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز ئاچچىق ساۋاق ۋە سەلبىي دەرسلىك.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا،بۇندىن **370**يىل ئىلگىرى قۇمۇلدا سوپىزىم تەلىماتىنى تارقىتىۋاتقان بىر ئىشاننىڭ ئائىلىسىدە بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلگەن.ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەندە دادىسى بىلەن قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ،**18**يېشىغىچە سوپىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن.دەل مۇشۇ ۋاقىتتا،ئۇنىڭ دادىسى يۈسۈپ خوقا باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەچكە،ئۇنىڭ ئامىتى كېلىپ،"ئىشقىيە"سۇلىكى بويىچە" پىر"لىق ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن.مانا بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئېچىنىشلىق يوقۇتۇشلارنى پەيدا قىلغان ئەشەددىي جاللات،دىنىي مۇناپىق ھىدايىتۇللا (ئاپئاق) خوجا ئىدى.

شۇ چاغدا،جەنۇبىي شىنجاڭ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كونتروللىقىدا بولۇپ،ئىسمايىلخان ھاكىمىيەت بېشىدا ئىدى.سوپىزىمنىڭ "ئىشاقىيە"سۇلىكىگە ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ خان ئاپئاق خوجىلارنىڭ قەشقەردىكى "ئىشقىيە" سۇلىكى پائالىيەتلىرىنى چەكلەپ،مىلادى **1671** ـ يىلى يازدا ئۇلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغان.قوغلانغان ئاپئاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى قاتتىق ئۆچمەنلىك ئىچىدە كەشمىرگە بېرىپ،ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانىغا يېلىنغاندا،شىزاڭدىكى دالاي لاما(ۋ)غا تونۇشتۇرۇلغان.شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇخلىسى،ئاپئاق خوجام،پىشۋا ھەزرەت،پىر ئىشان،مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ **27** ـ نەۋرىسى دەپ ئاتىۋالغان ھىدايىتۇللا خوجا بۇددا دىنىنىڭ لاما داھىسى ئالدىدا تىزلىنىپ،ئۇنىڭ ئېتەكلىرىگە سۆيۈپ،زار ـ زار يىغلاپ،ئىسمايىلخان ئۈستىدىن" شىكايەت"قىلغان. دالاي لاما(ۋ) شۇ چاغدا كۆزىنى شىنجاڭغا تىكىپ تۇرغاچقا،ھىدايىتۇللارغا "ئاپئاق"(زاڭزۇچە ئوتتۇرا قاتلامدىكى راھىپلارغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان) نامىنى "ئاتا" قىلغان ھەمدە شىمالىي شىنجاڭنى بېسىپ ياتقان جوڭغار(موڭغۇل)لارنىڭ باشلىقى غالدان قۇنتەيجىگە لاما دىنى نامىدىن يازدەم بېرىش بۇيرۇقى ئەۋەتكەن.ئاپئاق خوجا بۇ "بۇيرۇق"نى ئېلىپ،چىڭخەي ئارقىلىق قۇمۇلغا،كېيىن جوڭغارغا كەلگەن ۋە سىچۈئەن،چىڭخەي،نىڭشىيا خۇيزۇلىرى ئارىسىدا "پەيغەمبەر ئەۋلادى چىڭخەيگە كەلگەن..."دېگەندەك رىۋايەتلەرنى قالدۇرغان.غالدان قۇنتەيجى گەرچە موڭغۇل بولسىمۇ،لاما

دىنغا ئېتىقاد قىلدىغان بولغاچقا، دالاي لاما(ۋ)نىڭ كۆرسەتمىسىنى مۇقەددەس بۇيرۇق قاتارىدا كۆرەتتى. نەتىجىدە، ئاپئاق خوجا جوڭغارلارنىڭ قىلىچى بىلەن قەشقەر، يەكەنلەرنى ئىشغال قىلىپ، 170يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرگەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىغان.

ئاپئاق خوجا جەنۇبىي شىنجاڭدا قورچاق" خانلىق" تىكلىگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن سوپىزىم مۇرىتلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن يوقۇتۇش خارەكتىرلىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان. ئۇ يەكەن مۆتىۋەرلىرىدىن 81كىشىنى تىرىك پېتى يەرىكنى سۇغۇرۇپ ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆلتۈرگەن. مەشھۇر بىلىم يۇرۇتلىرىنى چېقىۋەتكەن. ناخشا ـ ئۇسۇللارنى چەكلەپ، تارىخي، ئەدەبىي كىتاپلارنى كۆيدۈرگەن. ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنى تۇتۇپ، جوڭغارلارغا سوۋغا قىلغان. ئىسمايىلخاننىڭ كىچىك قىزىنى قايناۋاتقان ياغقا تاشلاپ، ئۆزىنىڭ "ئىشاقىيە"چىلەرنى تۇخۇمدىن قۇرۇتۇش "ئىرادىسى"نى بىلدۈرگەن. مەشھۇر شائىر بابا رەھىم مەشرەپنى ئاتالمىش "دەھرى"لىكتە ئەيىپلەپ، بەلغتە دارغا ئاستۇرغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئاشقلىق، مازارچىلىق، مۆمىنچىلىك ئىدىيىسىنى كەڭ تارقىتىپ، رىيائىللىقتىن چەتنىگەن سوپىزىمنى ئەۋج ئالدۇرغان، ھەتتا ئۆزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ "داھىسى" دەۋالغان.

ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇرىدىغان ئىدىيىۋى ئەپسۇنى ۋە قانلىق قىلىچى ئارقىلىق خەلقىمىزگە مۆلچەرلىگۈسىز زىيانلارنى سالغان جاھالەت پىرى ئاپئاق خوجا 68ياشقا كىرگەن چېغىدا (1694 ـ يىلى) يەكەن شەھرىدە" ئىشاقىيە سۇلۇكى" تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ناپاك جەسدى ئۇ ئۆلۈشتىن يەتتە ئاي ئىلگىرى ياستىپ قويۇلغان قەشقەردىكى "مازارى شاھان"(بۈگۈنكى ھەزرەت) گە دەپىن قىلىنىپ، چوڭ ئوغلى يەھيا خوجا تەرىپىدىن گۈمبەز ئېچىگە ئالدۇرۇلغان. شۇندىن ئېتىۋارەن، ئاپئاق خوجىنىڭ خوتتۇن ـ باللىرى ئارىسىدا تەخت تالىشىش يۈز بېرىپ، ئاخىرى مۆھتىرەم خېنىم (پاشا خېنىم) ئۇتۇپ چىققان ۋە ئۈچ يىل ئىچىدە 20 مىڭدىن كۆپ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، "جاللات خېنىم"دەپ ئاتالغاچقا، 1699 ـ يىلى دولانلىق سوپىلار تەرىپىدىن پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئاپئاق خوجا ھاكىمىيىتى(1678 ـ 1699)سوپىزىمنى قانۇن ۋە ئەخلاق مىزانى قىلغاچقا، پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنى خۇراپاتلىق، زۇلۇم، نامراتلىق، نادانلىق، جەڭگى ـ جىدەل، ئاچارچىلىق قاپلاپ كەتكەن. بۇ ھال ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى بىر نەچچە ئەسىر كەينىگە چېكىندۈرىۋېتىشكە سەۋەپ بولغان.

تارىخنى ئۇنتۇش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. خەلقىمىز ئاپئاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى پەقەت يېقىنقى يىللاردىلا تونۇپ يەتتى ۋە يەتمەكتە. بۇ ئەقىل ـ ئىدرىكىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىپ، ساپايىمىزنىڭ ئۆسۈۋاتقانلىقىنىڭ مەھسۇلى. شۇنداقتىمۇ، ئەشۇ ئېچىنىشلىق تارىخنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى ئۇستىدە دائىم پىكىر يۈرگۈزۈپ تۇرىشىمىز كېرەك.

ئىزاھ:پايدىلانغان ماتېرىياللار تىزىملىكى قىسقارتىلدى

# قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

بوستانغا يوللىغۇچى: ئارسلان تىكىن

قاراخانىيلار خانلىقى ـ ـ ـ ـ ئۇرخۇن دەريا ۋادىسىدىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر ياغما قەبىلىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان مەشھۇر خانلىق بولۇپ ، 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە جەمئىي ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن .قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان ھالدا شەرقتە ئاقسۇدىن غەربتە ئامۇ دەرياسى ۋە سىر دەرياسى ۋادىلىرىغىچە ، شىمالىي ئالتاي تاغلىرىدىن جەنۇبتا قاراقۇرۇم تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى باشقۇرغان . بۇ خانلىق دەۋردە ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر پەيدىنپەي ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ، ئىسلان مەدەنىيىتى دائىرىسىگە كىرگەن . بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر جەمىيىتىدە " ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى " نىڭ تەرەققىيات دەۋرى باشلىنىپ ، تارىختىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردىن زور دەرىجىدە تولۇقلىنىپ بارغان . شۇڭا ، قاراخانىيلار دەۋرى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . نۆۋەتتە ، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىساد نۇقتىلىق ھالدا تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ . لىكىن ، خانلىقنىڭ جەمىيەت ئەھۋالى ، سىياسىي تۈزۈمى ۋە ھاكىمىيەت تەشكىلىي توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار ئانچە چوڭقۇر ئەمەس . قاراخانىيلار خانلىقنىڭ جەمىيتى ھەمدە ئومۇمىي تارىخىنى بىر قەدەر تەپسىلىي شەرھلەپ بېرىش ئۈچۈن ، خاقانلار نەسەبنامىسى ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. بىلگە كۆل قادىرخان

بىلگە كۆل قادىرخان ياغما قەبىلىسىنىڭ باشلىقى . بۇ قەبىلە ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ناھايىتى زور رول ئوينىغان.

2. بازىر ئارسلانخان

بازىر ئارسلانخان قاراخانىيلار خانلىقنىڭ ئىككىنجى خاقانى . ئۇ بەزى مەنبەلەردە "بارلىقخان" . "قاراخان" دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان . بىلگە كۆل قادىرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇ بالاساغۇن شەھرىدە ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان.

3. ئوغۇلچاق بۇغراخان

ئوغۇلچاق بۇغراخان ئاكىسى بازىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، قەشقەر شەھرىدە خاقانلىق تەختىگە چىققان.

4. ساتۇق بۇغراخان

ساتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار خاقانلىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشى . 933 ـ يىلدىن 955 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

5. مۇسا تېكىن

مۇسا تېكىن بەزى تارىخىي مەنبەلەردە" مۇسا تۇڭا ئېلىگ" ، "بايتاش تېكىن" ، "مۇسا ئىبنى ئالدۇلكەرىم" ، "مۇسا بۇغرا قاراخان" دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان .956 ـ يىلدىن 992 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان .

6.ھارۇن بۇغراخان

ھارۇن بۇغراخان مۇھا تېكىننىڭ ئىنىسى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى . 993 ـ يىلدىن 998 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

7. تۇغانخان

تۇغانخان مۇسا تېكىننىڭ نەۋرىسى . ئۇ تارىخىي مەنبەلەردە" تۇغانخان ئەۋۋەل" دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولۇپ ، مىلادى 999 ـ يىلى ھارۇن بۇغراخاننىڭ خاقانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان.

8.مەنسۇر ئارسلانخان

مەنسۇر ئارسلانخان تۇغانخاننىڭ ئىنىسى . ئۇ تۇغانخاندىن كېيىن قاراخانىيلار تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان . 1019 ـ يىلدىن 1024 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

9. يۈسۈپ قادىرخان

يۈسۈپ قادىرخان قاراخانىيلار خاقانلىرى ئىچىدىكى باتۇر ھەم ئىستىداتلىق كىشى بولۇپ ، تارىختا "مەلىكۇل مەشرىق" (شەرق پادىشاھى (دېگەن نام بىلەن تونۇلغان . 1025 ـ يىلدىن 1032 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

10. سۇلايمان ئارسلانخان

سۇلايمان ئارسلانخان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ چوڭ ئوغلى . يۈسۈپ قادىرخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان ـ 1033 . يىلدىن 1056 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

11. مۇھەممەت بىننى يۈسۈپ

مۇھەممەت بىننى يۈسۈپ ئاكىسى سۇلايمان ئارسلانخاندىن كېيىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانلىق تەختىگە چىققان . 1056 ـ يىلدىن 1058 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

12.ئىبراھىم بىننى مۇھەممەت

ئىبراھىم بىننى مۇھەممەت مۇھەممەت بىننى يۈسۈپنىڭ يەنە بىر ئوغلى . 1058 ـ يىلدىن 1059 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان .

13. مەھمۇد بىننى يۈسۈپ

مەھمۇد بىننى يۈسۈپ (توغرال تېكىن) ئىبراھىم بىننى مۇھەممەدنىڭ تاغىسى بولۇپ ، مىلادىيە 1059 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىق تەختىگە چىققان.

14.ئۆمەر بىننى مۇھەممەت

ئۆمەر بىننى مۇھەممەد مەھمۇد بىننى يۈسۈپنىڭ ئوغلى . ئۇ ئاتىسىدىن كېيىن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىق تەختىگە چىققان . تەختتە ئاران ئىككى ئايلا ئولتۇرغان بولۇپ ، ھەسەن بىننى سۇلايمان تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان .

15.ھەسەن بىننى سۇلايمان

ھەسەن بىننى سۇلايمان مەھمۇد بىننى يۈسۈپنىڭ جىيەنى بولۇپ ، 1075 ـ يىلدىن 1102 ـ

يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

**16.** ئەھمەد بىننى ھەسەن

ئەھمەد بىننى ھەسەن بىننى سۇلايماننىڭ ئوغلى . ئۇ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن قاراخانىيلار تەختىگە چىققان . **1103** ـ ـ يىلىدىن **1128** ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

**17.** ئىبراھىم بىننى ئەھمەد

ئىبراھىم بىننى ئەھمەد ئەھمەد بىننى ھەسەننىڭ ئوغلى . ئۇ ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىق تەختىگە چىققان . **1129** ـ يىلىدىن ـ **1158** يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

**18.** مۇھەممەد بىننى ئىبراھىم

مۇھەممەد بىننى ئىبراھىم بىننى ئەھمەدنىڭ ئوغلى . ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ـ **1159** يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىق تەختىگە چىققان.

**19.** مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ

مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ مۇھەممەد بىننى ئىبراھىمنىڭ نەۋرىسى . **1204** ـ يىلىدىن **1211** ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

**20.** مۇھەممەد

مۇھەممەد شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى . ئۇ **1211** ـ يىلى خاقانلىق تەختىگە چىققان .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جەمئىي **20** خاقان تەختتە ئولتۇرغان بولۇپ ، ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە خانلىقتا چوڭ ـ كىچىك نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەرگەن . بۇ خاقانلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇش قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەپنە قىلىش ئادەتلىرى

بوستانغا يوللىغۇچى: بوستان

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرىكى دەپنە قىلىش ئادىتى ھازىرقىدىن پەرقلىنەتتى. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى>> تۈركىي تىللار دىۋانى <<دېگەن ئەسرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ جەسەتنى ياغاچ ساندۇققا سېلىپ دەپنە قىلىدىغانلىقى، بۇنداق ياغاچ ساندۇقنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا>> قابىرچاق <<دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى كورستىش بىلەن بىللە، >>قابىرچاق <<دېگەن سوز>> ساندۇق <<دېگەنلىك بولسمۇ،>> بۇ سوز كوپىنچە ئولۇك سالىدىغان ساندۇقنى كورستىدۇ <<دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئوتكەن(1 ـ توم، 652 ـ بەت).

ئالىمنىڭ بۇ قىممەتلىك مەلۇماتى يېقىنقى ۋاقىتلاردا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قەدىمى قەبرىلەردىكى ساندۇقا سلېىپ دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ تېپىلىشى بىلەن ئىسپاتلاندى .مەسىلەن، ئالتاينىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى قەدىمى قەبرىلەرنى قېزىش جەريانىدا لەھەت ئىچىدىن جەسەت سېلىنغان ياغاچ ساندۇق (قابىرچاق) لار تېپىلغان. يەنە 1983 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىنىڭ كاچۇڭ يېزىسىغا قاراشلىق چالمىسال دىگەن يەردە دېھقانلار يەر تۈزلەۋېتىپ، بىر قەدىمى قەبرىستانلىقنى بايقىغان. ئۇلار بۇنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، دولەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن كەلگەن خادىملار بۇ قەدىمى قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەردىن ياغاچ ساندۇق (قابىرچاق) قا سېلىنىپ دەپنە قىلىنغان بىر قانچە جەسەتنى قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ساندۇق(قابىرچاق) ئىچىدىكى جەسەتلەرنىڭ بۇنىڭدىن ئۇچ مىڭ يىل ئىلگىرى دەپنە قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان .

يەنە بەزى قەدىمى قەبرىلەردىكى ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە جەسەتنى كويدۇرۇپ، كۇلىنى قاچىغا سېلىپ دەپنە قىلىدىغان ئادىتىنىڭمۇ بارلىقى ئىسپاتلانغان . مەسىلەن، 1987 ـ يىل 3 ـ ئايدا قەشقەر شەھرىنىڭ قوغان يېزىسىغا قاراشلىق >>ياۋۇلۇق<<قەبرىستانلىقىدىن بىر قەدىمى جەسەت كۇلى قاچىسى تېپىلغان .دولەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىگە قارىغاندا بۇ جەسەت كۇلى قاچىسىنىڭ مەيلى يىل دەۋرى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى شەكلى، ھۇنەر ـ سەنئەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بولسۇن، خېلى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇمى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۇرۇلگەن. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ قەدىمى قەبرىستانلىقنىڭ >>ياۋۇلۇق<<دىگەن نامى ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما قەبىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.